
الله أكبر

نەشرگە تەييارلىغۇچى ۋە ئالاقىلاشقۇچى :

ئابدۇلقۇددۇس هافىز

ئېلخەت : ateskalp2@hotmail.com

تېلېفون : **05364417258**


**تۈركىيە —— ئىستانبۇل**

# مۇندەرىجە


1 ـ ئاپتوردىن ........ 1

2 ـ ئاللاھۇ تەئالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ قۇرئانى كەرىمدىكى بايانى ۋە شەرھىسى ..... 1

3 ـ ئاللاھۇ تەئالانىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكى، پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكى، شەپقىتى، رەھمىتى، مەغپىرىتى چەكسىز ۋە تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ئۇلۇق زات ئىكەنلىـ ـگىنىڭ قۇرئانى كەرىمدىكى بايانى........ 38

4 ـ ئاللاھۇ تەئالانىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكى، پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكى، شەپقىتى، رەھمىتى، مەغپىرىتى چەكسىز ۋە تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ئۇلۇق زات ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئىسلامىيەتنىڭ دۈشمەنلىرى ھەرگىزمۇ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى بەلكى ئەبەدىي ئىبرەت بولۇپ قالىدىغانلىقىنىڭ مۆجىزىلىك بىشارەتلىرى ........ 92

1) ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئىسمى شەرىپىنىڭ مۆجىزىلىك كۆرۈنۈشلىرى........ 92

2) ئاللاھۇ تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە شەپقىتى بىلەن يىتىپ كەلگەن باشقا مۆجىزىلەر ........ 109

(1)پەيغەمبەرلىرىمىز ۋە مۇقەددەس يالداملار........ 109

(2) قۇرئانى كەرىم........ 155

(3) ئاللاھۇ تەئالانىڭ قۇرئانى كەرىم ئارقىلىق بىلدۈرگەن مۆجىزىلىرى........ 171

(4)ناماز ........ 180

(5) روزا ۋە رامازان ........ 195

(6) قۇربان ھېيت نامىزى ........ 200

(7) تاھارەت ئېلىشنىڭ پەزىلىتى ........ 202

(8) زاكات ئىبادىتى ھەققىدە ........ 202

(9) ھەجنىڭ پەزىلىتى ........ 205

(10) ھىكمەتلىك زەمزەم ........ 209

(11) يەر تەۋرەش ئاپىتى تەسىر كۆرسىتەلمىگەن مەسجىدلەر ........ 212

(12) غەيرى مۇسۇلمان ئائىلىدىكى مۆجىزە ........ 213

(13) قۇرئانى كەرىمنىڭ تەلىماتلىرى بىلەن مۇسۇلمان بولغانلار........ 215

5 ـ ئىبرەتلىك خاتىرىلەر ........ 257

(1) قۇرئانى كەرىمدىكى ئىبرەتلىك تارىخىي بايانلار ........ 257

(2) ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىمىگەن كىشىنىڭ ئۆلۈمى ........ 259

(3) پارىخورلۇق ........ 261

(4) قەبرىدىكى ھاياتلىق ئەھۋالى ........ 262

(5) قەبرىدىكى فاجىئە ........ 264

(6) جاسۇسلۇق ۋە مۇناپىقلىقنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى ........ 266

(7) قاچانمۇ يىغلارسەن ئۆزۈڭگە؟ ........ 268

(8) ئاياللارغا ئىبرەت ۋە نەسىھەت ........ 269

6 ـ ئۇيلىنايلى، ئويغىنايلى، قوزغىلايلى ........ 271

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

## ئاپتوردىن

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ!

كۆپتىن ـ كۆپ ئىززىز ۋە مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم!

پۈتكۈل دۇنيادا ھەر يىلى مىليونلىغان ئوقۇغۇچىلار ئالى بىلىم يۇرتلىرىدىكى ئوقۇشنى تاماملاپ پروفېسسور، دوكتور ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى ئۇنۋانى بار «بىلىم ئەھلى» شەرىپى بىلەن قۇتلۇقلىنىپ ھەرخىل ۋەزىپىدىكى دۆلەت ئەربابى دەرىجىلىك رەھبەر بولىدىغىنى، ئۆلكە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن دەرىجىلىك مەمۇر ، ياكى ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستاز بولىدىغىنى، ۋە ياكى باشقا خىل خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغىنى بولىدۇ.

شۇنداق قارىغاندا، ئىنسانىيەت پەيدا بولۇپ بۈگۈنكى كۈنگىچە يېتىشىپ چىققان بىلىم ئەھللىرىنى ھېساپلاپ كۆرمەكچى بولساق، ساناش بىلەن ئەمەس، ئۇلارنى تىزىملىغان دەپتەرلەرنى تونىلىق ئۆلچەم قۇراللىرى بىلەن ئۆلچەپمۇ ساننى بىكىتىپ بولغىلى بولمايدۇ!

ناھايىتى كۆپ ئەپسۇس!

مۇشۇنچىۋالا كۆپ ساندىكى «بىلىم ئەھلى»مەۋجۇت بۇ ئىنسانلىق ئالىمگە نەزەر سالساق، جاھانگىرلىك، تەجاۋۇزچىلىق، قانخورلۇق، بۇلاڭچىلىق، خىيانەتچىلىك، مۇناپىقلىق، تۆھمەتخورلۇق، كاززاپلىق، ھىلىگەرلىك، ئالدامچىلىق، قوۋۇلۇق ـ شۇملۇق، جىنسى زوراۋانلىق ـ پەسكەشلىك ....قاتارلىق جىنايى قىلمىشلارنىڭ بارغانسىرى ئەدەپ كىتىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە، كىشىلىك قېنى تۆكۈلۈپ ، تۇغۇلۇپ ـ ئۆسكەن ئانا ۋەتىنىدىنمۇ ئەركىن ـ ئازادە ياشىيالمايۋاتقان، جۇملىدىن، دىنىدىن ، تىلىدىن ، مىللي مەدەنىيىتىدىن ، تۇرالغۇ ـ

جاي، ئۆي ـ ماكانىدىن ۋە ئىگىنزارلىقلىرىدىن مەھرۇم بولۇۋاتقان ، ھە دىگەندە تۆھمەت ـ ھاقارەتلەر بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ ۋەھشىيانە زۇلۇم ـ ئىسكەنجىلەر بىلەن تۈرمە ـ زىندانلاردا قانلىق دات ـ پەرياتلار بىلەن يىغلاۋاتقان، ھەتتا پاجىئەلىك ئۆلتىرىلىۋاتقان مىليونلىغان گۇناھسىز ئىنسانلارنىڭ ئىزچىل كۆپىيىۋاتقانلىغىنى كۆرىۋاتىمىز.

ئۇنداقتا، ئىلىم ـ مەرىپەتلىك بولۇشنىڭ نىشانى زادى مۇشۇمىدى؟

زادى ، جەنابىي ئاللاھ ئىنسانلارنى مۇشۇنداق پاجىئەلىك ھايات ئۈچۈن ياراتقانمىدى؟

شۇ تاپتا ژۇرۇگۇم قان يىغلاۋاتىدۇ!

ئۇنداق بولسا زادى نىمە ئۈچۈن مۇنداق پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەر كۈندىن ـ كۈنگە ئەدەپ كىتىدۇ؟

سەۋەپ بىرلا. ئۇ بولسىمۇ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشتا ئاللاھۇ تەئالانىڭ «ياراتقان پەرۋەر ـ دىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى.ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. » دىگەن توغرا يۆنۈلۈشكە ئەھمىيەت بىرىلمىگەنلىكـ ـتىندۇر! شوڭلاشقا زور كۆپ سانلىق «بىلىم ئەھلى»نىڭ ئاللاھۇ تەئالانىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىگىنى، پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسى دەل ئاللاھۇ تەئالا ئىكەنلىگىنى، ياراتقان ئاللاھ يەنە قەبىزى روھ قىلىپ،قايتا تىرىلدۈرۈپ، بۇ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىدىن ھىساپ ئالىدىغانلىغى ۋە ئەملىگە يارىشا جەننەت ۋە جەھەننەمدىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك ماكانغا ئايرىيدىغانلىغىنى چۈشەنمىگەنلىگىدىندۇر!

بىلىش كىرەككى، بۇ دۇنيا ئىنسانلارنىڭ شىرىن، خىيالى تۇرمۇش ئىھتىياجىنىڭ مەڭگۈلۈك سەھنىسى ئەمەس! بەلكى، مۇشۇ دۇنيانى ياراتقان تەڭداشسىز ئۇلۇق ۋە قۇدرەتلىك ئاللاھۇ تەئالاغا تەسبىھ ـ ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش ئاساسدا تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللۇنۇپ، ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىرىدىغان ھىساپ ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدىغان فانى، ئىمتىھان دۇنياسىدۇر.

جەنابىي ئاللاھ : «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئىي قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن. ئەنە شۇلار مەخسىدىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر.» « كىمكى ئاللاھقا (ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىدىكەن، ئۇ توغرا يولغا يېتەكلەنگەن بولىدۇ.»(سۈرە «ئال ـ ئىمران»، 101 ـ 104 ـ ئايەتلەر) دەپ تەلىم بىرىدۇ.

رۇشەنكى، بۇ تەلىملەر بىز ئىنسانلارنىڭ لەنىتى قوغلاندى شەيتاننىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتمەي، ئىككى دۇنيالىق ھاياتىمىزنىڭ جەننەتى بولىشىغا ئاگاھى ئىشارەتتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن ئاللاھۇ تەئالا ياراتقان بىر ئىنسان ئەۋلادى بولغىنىمغا چەكسىز شۈكرى، ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش، ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئەمرىگە مۇناسىپلىشىش ئارـــ مانىم بىلەن. قانچىلىغان ئىسلامىي ئىزدەنگۈچىلەرگە جۆر ھالدا بۇ «ئاللاھۇ تەئالانىڭ مۆجىزىۋىي بىشارەتلىرى» ناملىق كىتاپنى ئالاھىدە تەييارلاپ، ئىنسانلار دۇچ كىلىۋاتقان

پاجىئەلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ توغرا يولىنى شەرھلەپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتىم.

بۇ ئۈچۈن گەپنى ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى تونۇتۇشتىن باشلايمەن.

ئەي ئۇلۇق ئاللاھىم!

ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن. سېنىڭ تەلىم - نەسىھەتلىرىڭدىن يېتەرلىك خەۋەردار بولالماي ئاجىز - ئىقتىدارسىز ئورۇندا تۇرۇپ قېلىۋاتقان بەندىلىرىڭنى پايدىلىق ئىلىملەرنى تېزراق ئۆگىنىپ، سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن يارامىلىق ئىنسان بولۇپ ياشىشىنى نېسىپ ئەيلىگەيسەن!

ئىنسانلىق ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەن ۋە شۇڭا شەيتانغا دوست تارتىشىپ ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن ئىنسانلىرىڭغا تەۋپىق - ھىدايەت ئاتا قىلغايسەن!

ئەزىز قېرىنداشلىرىم!

ئەمدى شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتىمەنكى، بۇ كىتابنى تەييارلاشتا قۇرئانى كەرىم ۋە ھەدىس - شەرىفلەردىن، بەزى مەزمۇنلار ئۈچۈن تور يوللانمىلىرىدىن پايدىلاندىم. بۇ جەھەتتە ئەمگىكى نەزەرگە ئېلىنغان قېرىنداشلىرىمغا جەنابى ئاللاھتىن ئىككىلا دۇنيادا كاتتا ئەجىر - ساۋابى بېرىلىشىنى تىلەيمەن!

*****************************************************************

قەلبىمدە پارلار قۇرئانى كالام،
مۇندىن ئىمان كى، ۋىجدانىم ساغلام.
بايراقدارىمىز رەسۇل ئەلەيھىسسالام،
يۈرەكتىن قاينار دۇئايى سالام،
ئەي ئۇلۇق رەببىم، پاسىبان ئاللاھ!

ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر!
ئۇ سۆز گوياكى شەربىتى كەۋسەر.
ئۇ غەلىبىگە بەرھەق يېتەكلەر،
مەدەتكارىمسەن مېھرىبان ئاللاھ!



بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

# ئاللاھۇ تەئالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ

# قۇرئانى كەرىمدىكى بايانى ۋە شەرھىسى

ناھايىتى رۇشەنكى، ئىسلام دىنى ‹تەۋھىد› دىنى بولۇپ، يەككە ـ يېگانە بولغان ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشنى ئاساس قىلىدۇ. قۇرئانى كەرىمدە ئاللاھنىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكىمۇ كۆپلەپ تەكىتلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ بار بولۇشى ‹ۋۇجۇد› ۋە ئاللاھنىڭ بىر بولۇشى‹ۋەھدانىيەت› سۈپەتلىرى ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ.«ئىخ ـ ـلاس» سۈرىسى پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ بارلىغى ۋە بىر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.«ئەگەر زېمىندا ۋە ئاسماندا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولغان بولسا ئىدى، شۈبھىسىزكى زېمىنىنىڭمۇ، ئاسمان ـ ـنىڭمۇ مۇۋازىنىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولاتتى. دېمەككى ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن سۈپەتلىرىدىن يىراقتۇر، مۇنەززەھتۇر.» بۇ ئايەتتە زىكىر قىلىنغان ‹ئۇلارنىڭ› دېگەن ئى ـ ـبارە ئارقىلىق ئىشارەت قىلىنغان كىشىلەر مۇشرىكلار، يەنى ئاللاھنىڭ بارلىغىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرلىكتە، ئۇنىڭغا باشقا مەۋجۇداتلارنى، مەسىلەن بۇتلارنى

شېرىك كەلتۈرگەن كىشىلەردۇر.

ئىسلام مەدەنىيىتىدە ئۆگىتىلىپ كېلىنىۋاتقان ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

قىدەم: يەنى ، ئاللاھنىڭ بارلىقىنىڭ بىر باشلانغۇچىنىڭ يوق بولۇشى: «ئۇ، ئەزەلىي ۋە ئەبەدىيدۇر»؛

بەقا: يەنى، ئاللاھنىڭ بار ئىكەنلىكى ۋە ئاخىرلاشمايدىـ ـغانلىقى: «يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەر يوق بولىدۇ. بىراق ئۇلۇغ ۋە سېخىي پەرۋەردىگارىمىزنىڭ مەۋجۇتلىقى باقىيدۇر، ئەبەدىيدۇر.

مۇخالەفەتۇن لىلھەۋادىس: ئاللاھنىڭ ھېچ قانداق بىر مەۋجۇ- داتقا ئوخشىمايدىغانلىقى : «ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھېچ قانداق بىر نەرسە يوقتۇر.»

قىيام بىنەفسىھى: ئاللاھنىڭ مەۋجۇد بولۇش ۋە مەۋجۇتلىقىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ھېچ بىر نەرسىگە مۇھتاج بولمايدىغانلىقى: «ئاللاھ باردۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ ھېچ قانداق نەرسىگە مۇھتاج ئەمەستۇر.»

ھايات: ئاللاھنىڭ جانلىق ۋە تىرىك ئىكەنلىكى: «ئاللاھ ھايات ساھىبىدۇر.»

ئىلىم: ئاللاھنىڭ يۈز بەرگەن، يۈز بېرىدىغان ۋە يۈز بېرىۋاتـ ـقان بارلىق ئىشلارنى بىلىدىغانلىقى: «كۆڭۈلۈڭلاردىكىنى يوشۇر- ساڭلار مۇ ، ئاشكارىلىساڭلارمۇ ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاسمانـ ـلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى ياخشى بىلگۈچىدۇر.»؛

ئىرادە: ئاللاھنىڭ ھەر شەيئىنى خالىغىنى بويىچە ئىرادە قىلىدىغانلىقى: «بىر ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى خالىغىنىمىزدا، سۆزىمىز پەقەت ئۇنىڭغا ‹ۋۇجۇدقا كەل› دېيىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ دەرھال ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.»؛

قۇدرەت: ئاللاھنىڭ ھەر نەرسىنى قىلىشقا ۋە يارىتىشقا قۇدرىتىنىڭ يېتىدىغانلىقى: «شۈبھىسىزكى ئاللاھنىڭ ھەر نەرسىگە قۇدرىتى يېتىدۇ.»

سەمئـ: يەنى، ئاللاھنىڭ ھەر نەرسىنى ئاڭلاپ تۇرىدىـغانـ-

ـلىغى: «ئاللاھ شۈبھىسىزكى ھەر نەرسىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىـ ـدۇر..»

بەسەر: يەنى ئاللاھنىڭ ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىغى: «بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلغان ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ..»

كالام: ئاللاھنىڭ سۆز قىلىدىغانلىغى: «...ئاللاھ مۇسا بىلەن سۆزلەشتى»؛

تەكۋىن: ئاللاھنىڭ يارىتىشى: «ئېيتقىنكى ئۇلارنى تۇنجى قېتىم يوقتىن بار قىلغان زات، قايتىدىن تىرىلدۈرىدۇ...»؛

شۈبھىسىزكى ئاللاھنىڭ كۆرۈشى، ئاڭلىشى ۋە سۆزلىشى ئىنسانلاردىكىگە ئوخشاش ھەر قانداق بىر ئورگان ياكى ئەھۋاللارغا قاراشلىق ئەمەستۇر. ئاللاھ ھېچ قانداق بىر ۋاستىگە مۇھتاج بولماستىن كۆرىدۇ، ئاڭلايدۇ ۋە سۆز قىلىدۇ.

دېمەككى ، ئاللاھ بار ۋە بىردۇر، ئەزەلىي ۋە ئەبەدىيدۇر، پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنى ياراتقۇچى، شۇنداقلا شەپقىتى، مەرھەمىتى ۋە مەغپىرىتى تەگداشسىز قۇدرەتلىك ئۇلۇق زاتتۇر. بىلىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن گۈزەل سۈپەتلىرى ، گۈزەل پەزىلىتى باردۇر.بۇلار ئاللاھنىڭ 99 ئىسمىدا مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەنگەن بولۇپ ئاللاھنىڭ بۇ گۈزەل ئىسىملىرىنى شەرھىسى بۇيىچە بىلىۋېلىشىمىز-نىڭ ئاجايىپ چوڭقۇر ھىكمىتى ۋە ئەۋزەللىگى بار.

بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ ئۇلۇق قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئاللاھنى شۇ گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن ئاتاڭلار ، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە-كەلمەس قولـ ـلىنىدىغان كىشىلەرنى تەرك ئېتىڭلار، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قىلمىشـ ـلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.» (سۈرە «ئەئراف» ، 180-ئايەت)، «ئاللاھ دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بو-لىدۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى) ياخشىدۇر. چۈنكى ئاللاھ-ـنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار، دېگىن،...»(سۈرە «ئىسرا»، 110-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)، «ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەر-

ھەق يوقتۇر . ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار.» ( سۈرە «تاھا» ، 8 ـ ئايەت)، « ئاللاھ (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» ( سۈرە «ھەشر» ، 24 ـ ئايەت).

جەنابىي ئاللاھنىڭ ئىسىم سۈپىتى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئاللاھنىڭ 99 ئىسىم سۈپىتى بار. كىمكى (مەنىسىنى چۈشىنىپ) يادقا ئالسا جەننەتكە كىرىدۇ». (بۇ ـ خارى، تېرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان)

ئىسلامىي مەنبەلەردە جەنابىي ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى «ئەسمائۇل ھۇسنا» ، يەنى ئاللاھنىڭ ئەڭ گۈزەل ئىسىملىرى، دەپ ئاتىلىدۇ. سانى 99 دەپ بىلىنسىمۇ، ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ بۇ سانلار بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى ئېيتىش مۇمكىن. ئايەتلەردە «ئەڭ گۈزەل ئىسىملار ئاللاھنىڭدۇر. ئۇنىڭغا ئەڭ گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن دۇئا قىلىڭلار..» ، «ئۇ، ياراتقۇچى، يوقتىن بار قىلغۇچى، شەكىل ئاتا قىلغۇچى زاتتۇر. گۈزەل ئىسىملار ئۇنىڭغا ئائىتتۇر» دېيىلىدۇ. ئاللاھنى بۇ گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن ياد ئېتىشنى، بۇ گۈزەل ئىسىملارنىڭ مەنىلىرى بىلەن يېقىنلىق ئورنىتىش ۋە ئۇلاردىن تەسىر ـ لەنگەن ھالدا يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىنى تۈزىتىش يولىدا تەسىرى بارلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. بۇ سەۋەپتىن ئىسلام دىنى تەلىماتلىرىدا بۇ ئىسىملارنىڭ تۇنتىلىشى مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. ھەتتا مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ بەزى ئىسىملىرىنىڭ بېشىغا ‹ئابدۇ› ، يەنى قۇل سۆزىنى قوشقان ھالدا، بەزىدە قوشماستىنلا باللىرىغا ئىسىم قىلىپ قويىشىدۇ. مەسىلەن، ئابدۇللاھ ـ ئاللاھنىڭ قۇلى؛ ئابدۇررەھىم ـ ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھنىڭ قۇلى؛ ئابدۇلقادىر ـ ھەر نەرسىگە قادىر ئاللاھنىڭ قۇلى؛ جەمىل ـ گۈزەل، گۈزەللىك؛ كەرىم ـ مەرت دېگەندەك.

ئۇنداق بولسا ئەمدى **ئاللاھنىڭ 99 گۈزەل ئىسىملىرى** بىلەن تونۇشايلى:




## 1) ئاللاھۇ

**تەرجىمىسى:** ھەقىقىي ئىلاھ؛
**ئىزاھاتى:** بۇ ئىسىم — پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىگىسى، ياراتقۇچىسى، بويسۇندۇرغۇچى، ئۆز ھۆكمىنى يۈرگۈزگۈچى مۇقەددەس ھايات زات ئاللاھۇ تەئالانىڭ خاس سۈپەت نامى بولۇپ، ئاللاھۇ تەئالانىڭ بارلىق سۈپەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. ئاللاھ تەربىيىچى، مەئبۇد، ئىبادەت قىلىنغۇچى، يەككە - يېگانە، بىزنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈپ تەربىيىلىگۈچى، ھېچ قانداق شېرىكى يوق زاتتۇر. كائىناتنىڭ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھى يوقتۇر.




## 2) ئەررەھمانۇ

**تەرجىمىسى:** چەكسىز كۆيۈنگۈچى؛
**ئىزاھاتى:** چەكسىز كۆيۈنگۈچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئۆز ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە بارلىق شەيئىلەرگە چەكسىز كۆيۈنۈش بىلەن سۈپەتلەنگۈچىدۇر. يەنى مەخلۇقاتلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا يارىشا ئېتىقاد پەرقىنى ئايرىماي رەھىم قىلغۇچىدۇر.




## 3) ئەررەھىيمۇ

**تەرجىمىسى:** ئاخىرەتتە كۆيۈنگۈچى؛
**ئىزاھاتى:** ئاخىرەتتە كۆيۈنگۈچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى داۋاملىق رەھىم - شەپقەت قىلغۇچى زاتتۇر. رەھىم - شەپقەت تەلەپ قىلمىسا، غەزەپ قىلغۇ-

چىدۇر. ئاللاھ ئۆز رەھمىتى بىلەن كۆيۈنگۈچى مۆئمىنلەرنى جەن-نەتتىن ئىبارەت يۈكسەك مېھرى - شەپقىتىدىن بەھرىمەن قىلغۇچىدۇر.




## 4) ئەلمەلىكۇ

**تەرجىمىسى:** پۈتكۈل شەيئىلەرنىڭ خوجايىنى؛

**ئىزاھاتى:** پۈتكۈل شەيئىلەرنىڭ خوجايىنى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، شەيئىلەردە چەكلىمىسىز، توسالغۇسىز ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغۇچى، ئۆز سەلتەنىتىدە توسالغۇسىز بۇيرۇق قىلغۇچىدۇر. سۈپەت ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدە بارلىق نەرسىلەردىن بىھاجەتتۇر. جانلىق ۋە جانسىز بارلىق شەيئى مۇھتاج بولىدىغان زاتتۇر.




## 5) ئەلقۇددۇسۇ

**تەرجىمىسى:** بارلىق نۇقسانلاردىن پاك؛

**ئىزاھاتى:** بارلىق نۇقسانلاردىن پاك ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، سەزگۈ ئەزا بايقىيالايدىغان، خىيال تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان ياكى تۈيغۇلار يېتەلەيدىغان بارلىق نۇقسانلاردىن پاك زاتتۇر. ئاللاھ لايىق بولمايدىغان نەرسىلەردىن پاكتۇر. ئىنساننىڭ سەزگۈ ئەزاسى بايقىيالىسۇن ياكى بايقىيالمىسۇن، ئىنسان خىيال بىلەن تەسەۋۋۇر قىلالىسۇن ياكى قىلالمىسۇن، ئىنساننىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلگۈچىدۇر.




## 6) ئەسسەلامۇ

**تەرجىمىسى:** مۆئمىنلەرگە سالامەتلىك بېغىشلى-غۇچى؛

**ئىزاھاتى:** مۆمىنلەرگە خاتىرجەملىك، سالامەت--لىك بېغىشلىغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، زاتى، سۈپىتى، ئىش - ھەرىكەت جەھەتلەردە، بارلىق ئەيىپ ۋە يېتەرسىزلىكلەردىن

سالامەتتۇر. ئازاپلاشقا تېگىشلىك بولمىغانلارنى ئازاپتىن سالامەت قىلغۇچىدۇر.




## 7) ئەلمۇئمىنۇ

**تەرجىمىسى :** خاتىرجەم قىلغۇچى؛

**ئىزاھاتى :** خاتىرجەم قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئۆز ۋەدىسىدە سەممىي، ئۆز ئەلچىلىرىنى بەرگەن مۆجىزاتلىرى بىلەن خاتىرجەم قىلغۇچىدۇر. خەۋپسىرىگەنلەر ئاللاھقا ئىلتىجا قىلسا، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىدىغان زاتتۇر. قۇرئان كەرىمدە: «مۆئمىنلەرنىڭ دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ. بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ.» (سۈرە «رەئد» 28 ـ ئايەت) دېيىلگەن.




## 8) ئەلمۇھەيمىنۇ

**تەرجىمىسى:** بارلىق شەيئىلەرنى كۈزۈتۈپ تۇرغۇچى ؛

**ئىزاھاتى:** بارلىق شەيئىلەرنى كۈزۈتۈپ تۇرغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، يوشۇرۇن ئىشلار ۋە قەلبنىڭ مەخپىيەتلىرىدىن خەۋەردار ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچى، مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەمەل، رىزىق ۋە ئەجەل ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى زاتتۇر.




## 9) ئەلئەزىزۇ

**تەرجىمىسى:** كۈچلۈك؛

**ئىزاھاتى:** كۈچلۈك، غالىپ ئاللاھ دېگەن مەنىدە، يەنى غەلبىسى ئالدىدا ھەممە غالىپلار بوي ئېگىدىغان غەلىبە ۋە ئۇلۇغلۇقى بىلەن تەڭداشسىز زاتتۇر.

# 10) ئەلجەببارۇ




**تەرجىمىسى:** قەھرى غەزەپ قىلغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** قەھرى ـ غەزەپ قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، زالىملاردىن ھەرقانداق كىشىنى مەجبۇر قىلالايدىغان، ھېچكىم مەجبۇر قىلالمايدىغان زاتتۇر. مەخلۇقلارنى ئۆزى خالىغان بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرگە مەجبۇرلاپ بويي ئەگدۈرگەن، پۈتكۈل مەۋجۇدات كاتتىلىقىغا قول قويىغان زاتتۇر.

# 11) ئەلمۇتەكەببىرۇ




**تەرجىمىسى:** بۈيۈكلۈكتە يېگانە؛

**ئىزاھاتى:** بۈيۈكلۈكتە يېگانە ئۇلۇغ ئاللاھ دې- گەن مەنىدە. يەنى، پۈتكۈل شەيئىلەردىن يۇقىرى تۇرىدىغان، بۈيۈكلۈكتە تەڭداشسىز بولۇپ، پۈتكۈل مەۋجۇدات بۈيۈكلىكىگە بويي ئەگكەن زاتتۇر.

# 12) ئەلخالىقۇ




**تەرجىمىسى:** ھەممىنى ياراتقۇچى؛

**ئىزاھاتى:** ھەممىنى ياراتقۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، شەيئىلەرنى ئۆز ھۆكمىنىڭ تەقەززاسى بۇيىچە تەقدىر قىلغۇچى، يوقلۇقتىن بار قىلغۇچىدۇر.

# 13) ئەلبارىئۇ




**تەرجىمىسى:** يوقلۇقتىن پەيدا قىلغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** يوقلۇقتىن پەيدا قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، كەشپىياتچىدۇركى،

تەقدىر قىلغان نەرسىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچىدۇر.




## 14) ئەلمۇسەۋۋىرۇ

تەرجىمىسى : ھەممە نەرسىگە سۈرەت ، شەكىل بەرگۈچى؛

ئىزاھاتى : ھەممە نەرسىگە سۈرەت، شەكىل بەرگۈچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، بارلىق جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ شەكلىنى ئۆرنەكسىز، رەسىمنى سىزىۋالماستىن ئەزەلى ھېكمىتى بىلەن ياراتقۇچىدۇر.




## 15) ئەلغەففارۇ

تەرجىمىسى: كەچۈرۈم قىلغۇچى؛

ئىزاھاتى: كەچۈرۈم قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ھەرقانداق گۇناھتىن تەۋبە قىلغان ئادەملەرنى كەچۈرۈم قىلغۇچىدۇر، بەندىلەرنىڭ گۇناھىنى تەۋبە بىلەن ئۆچۈرىدىغان زاتتۇر. گۈزەللىك، ياخشىلىقنى نامايان قىلىپ قەبىھ تەرەپلەرنى ياپقان زاتتۇر.




## 16) ئەلقەھھارۇ

تەرجىمىسى : ھەممە شەيئىنى تىزگىنلەپ تۇر-غۇچى؛

ئىزاھاتى: ھەممە شەيئىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇ-چى ، قەھرى - غەزەپ قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، دۈشمەنلىرى ئىچىدىكى زالىملارنى بىت-چىت قىلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە خار قىلىش بىلەن، يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغان زاتتۇر. ئاللاھ ھەر شەيئىدە غالىپتۇركى ، ئىنتىقامىغا بەرداشلىق بېرىش مۇمكىن ئەمەستۇر.

## 18) ئەررەززاقۇ




**تەرجىمىسى:** كۆپلەپ رىزىق بەرگۈچى؛

**ئىزاھاتى:** كۆپلەپ رىزىق بەرگۈچى ئاللاھ دې-
گەن مەنىدە. يەنى، بوي ئەگكۈزگۈچى،
يۈرگۈزگۈچى، رىزىق بەرگۈچى، ھەر-بىر جانلىققا ياشاش ئىمكا-
نىيىتى ھاسىل بولغۇدەك ئوزۇقلۇق يېتىشتۈرگۈچى، ئەيىپ-نۇق-
سانلاردىن پاك زاتتۇركى، قەلبلەرگە مۆمىنلەر ئۈچۈن دىنىنىڭ
ياخشىلىنىشىغا ياردەم بېرىدىغان ئىلىم، ئىمان ۋە ھالال رىزىق ئىنئام
قىلغان زاتتۇر.

## 19) ئەلفەتتاھۇ




**تەرجىمىسى:** ھەقلىق بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** ھەقلىق بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچى،
ئاچقۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئۆز
مەخلۇقاتلىرىغا رەھمەت خەزىنىلىرىنى ئاچىدۇ. ئىنايەت-ياردىمى
بىلەن ھەرقانداق توسۇقلار ئېچىلىدۇ. بەندىلەرنىڭ كۆزلىرىنى
ھەقنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاچقۇچى زاتتۇر.

## 20) ئەلئەلىيمۇ




**تەرجىمىسى:** ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ
دېگەن مەنىدە. يەنى، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ۋە
پايدىلىق تەرەپلىرىنى، ياخشىلىق تەرەپلىرىنى، بولۇپ بولغان،
كەلگۈسىدە بولىدىغان ۋە بولمايدىغان ئىشلارنى بىلىدىغان زاتتۇر.

## 21) ئەلقابىزۇ




**تەرجىمىسى:** يىغقۇچى؛

**ئىزاھاتى:** يىغقۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يە-
نى، رىزقنى خالىغان بەندىلەردىن تۇتۇپ

قالدىغان ۋە تارقىتىدىغان زاتتۇر. قىيامەت كۈنى قۇرئانى كەرىمگە ۋە ئۆزى بىلەن ئۇچرىششقا تانغانلاردىن ئۆز رەھمىتىنى تۇتۇپ قالغۇچىدۇر. روھلارنى، قەلبلەرنى ئىلكىگە ئالغۇچىدۇر.

## 22) ئەلباسىتۇ




تەرجىمىسى: يايغۇچى؛

ئىزاھاتى: يايغۇچى سېخى ئاللاھ دېگەن مەـنىدە. يەنى، ئۆز رەھمىتى ۋە سېخىلىغى بىلەن خالىغان كىشىلەرگە رىزقىنى كەڭرى قىلىپ، بەندىلەرنىڭ ئېھتىياـجىدىن ئارتۇق بېرىپ ، ئىلىم، جىسىم، مال قاتارلىقلارنى كۆپلەپ يايغۇچى، تەنلەرگە روھلارنى يايغۇچى، جىسىم، مال قاتارلىقلارنى كۆپلەپ يايغۇچى، تەنلەرگە روھلارنى يايغۇچى، ئۆز ھېكمىتى ۋە رەھمىتى بىلەن رىزىق ۋە قەلبلەرنى كەڭرى قىلغۇچىدۇر.

## 23) ئەلھافىزۇ




تەرجىمىسى: چۆكۈرگۈچى؛

ئىزاھاتى: چۆكۈرگۈچى، پەس قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە ، يەنى، ھەددىدىن ئاشقان زالىم، مەنمەنچىلەرنى پەس قىلغۇچى ، ئۇلارنى پەس كۆرۈپ ئاھاـنەت قىلغۇچى ، خالىغان كىشىلەرنى ئۆز ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە پەس، تۆۋەن قىلغۇچىدۇر.

## 24) ئەررافىئۇ




تەرجىمىسى: يۇقىرى كۆتۈرگۈچى؛

ئىزاھاتى: يۇقىرى كۆتۈرگۈچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە.يەنى، مۆئمىن ، ئىتائەت ئارقىلىق ئۆزىگە يېقىن بولغانلارنى ياخشىلار قاتارىغا كۆتۈرۈپ قەدىرلىگۈچى ۋە ياردەم بەرگۈچىدۇر. مەخلۇقاتلىرىدىن خالىغىنىنى يۇقىرى ئوـ

رۇنغا ئىگە قىلغۇچىدۇر.

## 25) ئەلمۇئىززۇ




**تەرجىمىسى:** ئەزىز قىلغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** ئەزىز قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئىتائەت قىلغان كىشىلەرنى ئەزىز قىلغۇچىدۇر. خالىغان كىشىنى ئەزىز قىلىپ، خالىغان كىشىنى باي قىلغۇچىدۇر، ئىتائەت ئارقىلىق ئۆزىگە يېقىن بولغانلارنى ئاسراش ۋە كۆڭۈل بۆلۈش ئارقىلىق ئەزىز قىلغۇچى زاتتۇر.

## 26) ئەلمۇزىللۇ




**تەرجىمىسى:** خار قىلغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** خار قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، دۈشمەنلىرىنى مەئرىفەتتىن مەھرۇم قىلىش ئارقىلىق خار قىلغۇچى، خالىغان كىشىنى ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە خار قىلغۇچى زاتتۇر. قۇرئان كەرىمدە: «ئۇ (ئاللاھ) خالىغان كىشىنى (يەنى ئاللاھنىڭ ئىززەتلىشىگە ئېرىشىشنى خالاپ، شۇ بويىچە ئىش قىلغان كىشىنى) ئەزىز، خالىغان كىشىنى (ئەكسى بولسا) خار قىلىدۇ.» دېيىلگەن.

## 27) ئەسسەمىيئۇ




**تەرجىمىسى:** ھەممىنى ئاڭلىغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** ھەممىنى ئاڭلىغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، بارلىق سۆز ۋە ئاۋازلارنى ئاڭلىغۇچى، تاۋۇشلارنى مەخپىي بولسىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچى زاتتۇر. ئاللاھنىڭ ئاڭلىشىدىن ھېچ نەرسە قۇتۇلالمايدۇ. ئاللاھنى بىر نىدا يەنە بىر نىدا (ئىلتىجا)نى ئاڭلاشتىن توسيالمايدۇ.

## 28) ئەلبەسىيرۇ




**تەرجىمىسى:** ھەممىنى كۆرگۈچى؛

**ئىزاھاتى:** ھەممىنى كۆرگۈچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، بارلىق ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئېگىز ئاسمانلاردىكى زېمىندىكى، ئاسمان ۋە زېمىن ئارىسىدىكى تۇپراق ئاستىدىكى نەرسىلەر مەخپىي ئەمەس. ئاللاھ پۈتكۈل شەيئىلەرنى كۆرۈپ تۇرغۇچى، كۆزىتىپ تۇرغۇچى، باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلغان بىلەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەستۇر.

## 29) ئەلھەكەمۇ




**تەرجىمىسى:** ھەل قىلغۇچى، ھۆكۈم قىلغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** ھەل قىلغۇچى، ھۆكۈم قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ھۆكۈمى ئىجرا قىلىنىدىغان ھۆكۈمراندۇر. بەندىلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغۇچى، ھەقنى باتىلدىن ئايرىغۇچى زاتتۇر. ئەڭ ئالىي ھۆكۈمراندۇركى، ھۆكمىنى ئىنكار قىلغۇچى يوقتۇر.

## 30) ئەلئەدلۇ




**تەرجىمىسى:** كامىل ئادالەت ئىگىسى؛

**ئىزاھاتى:** كامىل ئادالەت ئىگىسى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئىش ۋە ھۆكۈملىرىدە زۇلۇم،ناھەقچىلىكتىن پاك، ھەر-بىر ھەق ئىگىسىگە تېگىشلىك ھەققىنى بېرىدىغان ئادىل زاتتۇر.

## 31) ئەللەتىيفۇ




**تەرجىمىسى:** كۆيۈنگۈچى؛

**ئىزاھاتى:** كۆيۈنگۈچى مۇلايىم ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئۆز ئېھسانىنى مەخلۇقاتلىرىغا

ئۇلار بىلمەيدىغان يوللار ئارقىلىق يوشۇرۇن - مەخپىي رەۋىشتە يەت-
كۈزۈپ بېرىدىغان كۈيۈنگۈچى زاتتۇر.




## 32) ئەلخەبىيرۇ

**تەرجىمىسى:** ھەممىدىن خەۋەردار؛
**ئىزاھاتى:** ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ھەممە نەرسىدىن خەۋەردار ھەتتا قاراڭغۇ كېچىدىكى قارا چۈمۈلىنىڭ مېڭىشىدىنمۇ خەۋەردار- دۇر. مەيلى زېمىندا مەيلى ئاسماندا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئە- مەستۇر.




## 33) ئەلھەلىيمۇ

**تەرجىمىسى:** مۇلايىم، ئاسىرىغۇچى؛
**ئىزاھاتى:** مۇلايىم، ئاسىرىغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، مېھرىباندۇركى، ئازابلاشقا ئال- دىراپ كەتمەيدۇ. تەۋبە قىلسا ئەيىپلەرنى كەچۈرۈپ مەغپىرەت قىلىدۇ. گۇناھ- نۇقسان، خاتالىقلارنى كەچۈرۈپ، مەغپىرەت قىلى- دۇ. ئاللاھنى غەزەپلىنىش تېرىكتۈرمەيدۇ. ئاسىينىڭ ئاسىيلىغى، جاھىلنىڭ جاھىللىغى خاپا قىلالمايدۇ.




## 34) ئەلئەزىيمۇ

**تەرجىمىسى:** بۈيۈك، كاتتا؛
**ئىزاھاتى:** بۈيۈك، كاتتا ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئىشلىرى ۋە سەلتەنىتى بۈيۈك زاتتۇركى، ئاللاھتىن بۈيۈك ھېچنەرسە يوقتۇر. ئاللاھنىڭ بۈيۈكلىغى چەكسىز- دۇر. ئۇلۇغلۇق ماھىيىتىنىڭ چېكى يوقتۇر. ئاللاھنىڭ ماھىيىتىنى كۆز ۋە ئاڭ ئىگىلەپ بولالمايدۇ.

## 35) ئەلغەفۇۋرۇ




**تەرجىمىسى:** كەچۈرگۈچى؛

**ئىزاھاتى:** كەچۈرگۈچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئۆزىگە تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. كۆپ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. تەۋبە ۋە ئۆزرىلەرنى قوبۇل قىلغۇچى، مەغپىرىتى چەكسىز زاتتۇر. گۇناھىنى تونۇغان بەندىلىرىنىڭ ئەيىپلىرىنى قىيامەتتە رەسۋا بولماسلىقى ئۈچۈن ياپقۇچىدۇر.

## 36) ئەششەكۇۋرۇ




**تەرجىمىسى:** كۆپ مەرھەمەت قىلغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** كۆپ مەرھەمەت قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئازغا كۆپ مەرھەمەت قىلغۇچى، تەشەككۈر ئېيتقۇچى، يەنى ئاز تائەت-ئىبادەتكە كۆپ دەرىجىلەر بىلەن مۇكاپات بېرىدىغان، چەكلىك ئەمەلگە چەكسىز نېئمەت ئاتا قىلىدىغان زاتتۇر.

## 37) ئەلئەلىيىۇ




**تەرجىمىسى:** ئالىي؛

**ئىزاھاتى:** ئالىي ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ھەرقانداق مەرتىۋىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان يۈكسەك مەرتىۋىلىك ئالىي زاتتۇر. ئاللاھ زاتى ۋە سۈپەتلىرى بىلەن ئالىيدۇر. ئىسىم ۋە قىلمىشلىرى بىلەنمۇ ئالىيدۇر. بارلىق سۈپەتلىرى ۋە قۇدرەت جەھەتلەردىكى پۈتكۈل ئالىيلىق، چەكسىز رەۋىشتىكى ئالىيلىق ئاللاھقا خاستۇر.

## 38) ئەلكەبىيرۇ




**تەرجىمىسى:** شانۇ - شەۋكىتى بۈيۈك؛

**ئىزاھاتى:** شانۇ- شەۋكىتى بۈيۈك ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئۇلمىدىن ھېچ نەرسە

چىقىپ كەتمەيدىغان، سەلتەنىتىنى ھېچكىم تالىشالمايدىغان، ئەقىل بوۋىكلىگىنىڭ تەسۋىرىگە ھېچ نەرسە تەڭ تۇرالمايدىغان زاتتۇر.




## 39) ئەلھەفىيزۇ

**تەرجىمىسى:** مۇھاپىزەت قىلغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** مۇھاپىزەت قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئۆزگىرىش ۋە زاۋال تېپىشتىن خالى ئىلمى بىلەن پۈتكۈل مەلۇماتلارنى بىلىپ تۇرغۇچى، ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى، ئاسمانلارنىڭ ئۈستىدىكى، تۇپراقنىڭ ئاستىدىكى نەرسىلەرنى ئىلمى ئىگىلەپ تۇرغان زاتتۇر، ئىلمى، يەنى سىرلار، مەخپىيەتلىكلەر، يوشۇرۇن ئىچكى ئىشلار، ئىنچىكە ئىشلارنى ئىگىلىگەن، ئاسمان - زېمىننىڭ مەۋجۇتلىغىنى ساقلايدىغان، مەخ-لۇقلارنىڭ ئەمەل ۋە سۆزلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ساقلىغۇچى ئەستە تۇتقۇچى زاتتۇر.




## 40) ئەلمۇقىيتۇ

**تەرجىمىسى:** قۇدرەتلىك، ھەممىگە كۈچى يەتـ-كۈچى؛

**ئىزاھاتى:** قۇدرەتلىك،ھەممىگە كۈچى يەتكۈ-چى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، بەندىلەرگە تاماق بېرىش بىلەن قەلبلەرگە مەرىپەت ۋە ئىلھامنى مەلۇم مەزگىلگىچە (يەنى ئىنسان ئۆلگىچە) ۋاقىتلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بېرىدىغان، خالايىقلارغا ئوزۇقلۇق بېرىدىغان زاتتۇر .




## 41) ئەلھەسىيبۇ

**تەرجىمىسى:** ھەممە نەرسىگە كۇپايە، ھېساپ ئالغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** ھەممە نەرسىگە كۇپايە، ھېساپ ئالغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، مەخلۇقلىرىنىڭ ئەمەل ۋە

ھېساپ ئېلىش ئىشلىرىنى يېتەرلىك قوغدىغۇچىدۇر. مۆمىنلەردىن ئاسان ھېساپ ئېلىپ، ئۇلارنى ئۇلار ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلىغان جەننەتكە كىرگۈزگۈچى، دىنسىزلاردىنمۇ ھېساپ ئالغۇچىدۇر. ئاللاھ ھەر كىمدىن ھېساپ ئالغۇچىدۇر ۋە ھەممە مەخلۇقلىرىنىڭ ھېساۋىنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئالغۇچى، كۇپايە قىلغۇچىدۇر.




## 42) ئەلجەلىيلۇ

**تەرجىمىسى:** ناھايىتى كاتتا سۈپەتكە ئېگە؛

**ئىزاھاتى:** ناھايىتى كاتتا سۈپەتكە ئىگە ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، سۈپەت، ئىسىم ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرى جىمى مەۋجۇداتتىن مۇكەممەل زاتتۇر. قەلبلەرنى ئۇلۇغلۇق سۈپەتلىرى، سىرلارنى گۈزەللىك تەسۋىرلىرى بىلەن ئاچقۇچىدۇر. بۈيرۈش ۋە توسۇشقا لايىقتۇر. دۇنيادا ئىنسانلار كۆرەلىسىمۇ، ئەمما ئاخىرەتتە ئۇلارغا ئۆز زاتىنى نامايان قىلىپ كۆرسەتكۈچىدۇر.




## 43) ئەلكەرىيمۇ

**تەرجىمىسى:** ناھايىتى ئالىيجاناپ، سېخى؛

**ئىزاھاتى:** ناھايىتى ئالىي جاناپ سېخى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، زاتى، سۈپىتى ۋە ئىش- ھەرىكىتى گۈزەل، كۆپ ئىنئام بەرگۈچى زاتتۇر. ئېھسانى دائىمىي، مەرھەمىتى چەكسىزدۇر، قىساس ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق كەچۈرىدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان، مەرھەمەت، ئىنئام ئىگىسىدۇر. ئۆزى خالىغان رەۋىشتە خالىغانچە ئىنئام بېرىدىغان، ئىنئامى تۈگىمەس سېخى، ئىنئام قىلغۇچىدۇر.




## 44) ئەررەقىيبۇ

**تەرجىمىسى:** كۆزىتىپ تۇرغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** كۆزىتىپ تۇرغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممە ئەھ-

ۋال ۋە ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر. كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرىنى ئىگىلەپ تۇرغۇچىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ھېچ بىر ئىشى ئاللاھقا مەخپى ئەمەستۇر.




## 45) ئەلمۇجىيبۇ

تەرجىمىسى: ئىجابەت قىلغۇچى؛

ئىزاھاتى: ئىجابەت قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، تىلەك تىلىگۈچىلەرنىڭ تىلىگىگە جاۋاپ بېرىدىغان، دۇئادىن بۇرۇنمۇ مەرھەمەت قىلىدىغان، سورىغان كىشىلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغان، ئەزەلى غەيىبتە تىلەك تىلىگۈچىلەرنىڭ تىلىگىنى ئۇلار تىلەشتىن ئىلگىرىلا بىلىدىغان ئىجابەت قىلغۇچى زاتتۇر.




## 46) ئەلۋاسىئۇ

تەرجىمىسى: مەرھەمىتى كەڭ؛

ئىزاھاتى: مەرھەمىتى كەڭ ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئىلمى پۈتكۈل ئىلىمدىن چەكسىز، بايلىقى چەكسىز، رەھمەت ۋە مەغپىرىتى بارلىق سۈپەت ۋە سەلتەنىتى ماختاشقا سازاۋەر، پەزىلەت ۋە سۈپەتلىرى بارلىق شەيئىلەردىن چەكسىز يۈكسەك زاتتۇر. ئۇلۇغلۇق، سەلتەنەت ۋە ھوقۇقى چەكسىز، پەزىلەت ئېھسانى چەكسىز، سېخىيلىق ۋە ئۇلۇغلۇقى چەكسىز زاتتۇر.




## 47) ئەلھەكىيمۇ

تەرجىمىسى: ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى؛

ئىزاھاتى: ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، مۇكەممەل ھېكمەت، كۈچلۈك ئىسپات، بۈيۈك پاكىت ۋە ئەزەلىي ئەمىر ئاللاھقا خاستۇر، شەيئىلەرگە ھېكمەت بىلەن مۇئامىلە قىلغۇچى، پۇختا ئورۇنلاشتۇرغۇچى،

تەقدىر قىلغان، بېكىتكەن ھەر - بىر ئىشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، رەت قىلىنماس ھۆكۈم ئىگىسى بولغان زاتتۇر.

## 48) ئەلۋەدۇۋدۇ




**تەرجىمىسى:** دوست تۇتقۇچى؛

**ئىزاھاتى:** دوست تۇتقۇچى ئاللاھ دېگەن مە - نىدە . يەنى ، يېقىنلىرىنىڭ قەلبىدە يېقىملىق، پۈتكۈل مەخلۇقاتقا خەيرى - ئېھسانىنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان، سالىھ بەندىلىرىنى ياخشى كۆرۈپ ئۇلاردىن رازى بولىدىغان زاتتۇر.ئۇلارغا قىلغان ئىنئام ۋە رەھمىتىنىڭ كۆپلىگى تۈپەيلى ھەمدۇ - سانا ، مەدھىيىگە ھەقىقىي لايىق مەدھىيە ئوقۇل- غۇچى ۋە ئېھسان قىلغۇچىدۇر.

## 49) ئەلمەجىدۇ




**تەرجىمىسى:** بەك ئۇلۇغ؛

**ئىزاھاتى:** بەك ئۇلۇغ ئاللاھ دېگەن مەنىدە.

يەنى، زاتى ئۇلۇغ، قۇدرەت ھېكمىتى تولۇق زاتتۇر. بىردىن - بىر مۇكەممەل شەرەپكە ئىگە ھەرىكىتى گۈزەل، سۈپەتلىرى ئېسىل، ئۇلۇغلۇق، كاتتىلىق، بۈيۈكلۈك، چوڭلۇق، تەڭداشسىزلىق سۈپەتلىرى مۇكەممەل زاتتۇر.

## 50) ئەلبائىسۇ




**تەرجىمىسى:** قوزغىغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** قوزغىغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە.

يەنى، قىيامەت كۈنى ئۆلگەن مەخلۇقلارنى تىرىلدۈرىدىغان، پەيغەمبەرلەرنى ئەھكاملار بىلەن ئەۋەتىدىغان، ئۇخلىغۇچىلارنىڭ تەنلىرىنى ئويغىتىپ قوزغىتىدىغان زاتتۇر.

## 51) ئەششەھىدۇ




**تەرجىمىسى:** ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ھېچ نەرسە ئىلمىدىن غايىب بولمايدىغان، پۈتكۈل شەيئىلەرنى كۆزىتىپ، كۆرۈپ تۇرۇ- دىغان زاتتۇر. بارلىق ھەرىكەتلەردىن خەۋەردار، بارلىق سۆز ۋە تا- ۋۇشلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر.

## 52) ئەلھەققۇ




**تەرجىمىسى:** مەۋجۇتلۇقى شەكسىز، ئەزەلدىنلا مەۋجۇت؛

**ئىزاھاتى:** مەۋجۇتلۇقى شەكسىز، ئەزەلدىنلا مەۋجۇت ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، بارلىق ۋە ھەقىقىيلىق ئىبادەتكە لايىق، يوقالماس، مەڭگۈ تۇراقلىق، كائىناتنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئاللاھقا خاستۇر. زاتى، ئىسىم - سۈپەتلىرىدە، سۆز - ھەرىكەتلىرىدە، ئەلچىلىرى، كىتابلىرى ۋە دىنىدا شۇنداقلا باشقا بارلىق شەيئىلەردە ھەق زاتتۇر.

## 53) ئەلۋەكىلۇ




**تەرجىمىسى:** ۋەكىل بولغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** ۋەكىل بولغۇچى ئاللاھ دېگەن مە- نىدە. يەنى، ئۆزىگە تەۋەككۈل قىلغان ۋە قايتقان كىشىلەرگە ۋەكىلدۇر. كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىدى- كەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىگە بولىدۇ. ئاللاھنى دەپ باشقىلاردىن بىھاجەت بولىدىكەن ئاللاھ ئۇنى بىھاجەت قىلىدۇ. پۈتكۈل مەخ- لۇقلارنىڭ ئىشلىرىغا يېتەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن تاپشۇرۇلىدىغان، ھەممە مەخلۇقنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى يېگانە ئاللاھتۇر.



## 54) ئەلقەۋىييۇ

**تەرجىمىسى:** كۈچ - قۇۋۋەتتە يۈكسەك؛

**ئىزاھاتى:** كۈچ-قۇۋۋەتتە يۈكسەك قۇدرەتلىك ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، قۇدرەت ۋە كۈچى مۇكەممەل، ھېچ قانداق شەيئى ئاجىز قىلالمايدىغان زاتتۇر، غالىپتۇر. مەغلۇپ قىلىنمايدۇ. پاناھ بولىدۇ، پاناھلانمايدۇ.



## 55) ئەلمەتىينۇ

**تەرجىمىسى:** بەك مۇستەھكەم؛

**ئىزاھاتى:** بەك مۇستەھكەم ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، قىلمىشلىرىدا چارچاپ قالمايدىغان، يەردە بولسۇن، ئاسماندا بولسۇن ھېچقانداق نەرسە ئاجىز قىلالمايدىغان، قاتتىق، كۈچلۈك زاتتۇر. كۈچ - قۇدرىتى ھەر قانداق كۈچ، ھەرقانداق قۇۋۋەتتىن يۇقىرىدۇر.



## 56) ئەلۋەلىييۇ

**تەرجىمىسى:** بەك يېقىن؛

**ئىزاھاتى:** بەك يېقىن، ئىگەدارچىلىق قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، يېقىندىن ياردەم بەرگۈچى، ئىشلارنى ئۈستىگە ئالغۇچى زاتتۇر. مۆمىنلەر ئاللاھنى يېقىن بىلسە، ئاللاھ ئۇلارنى كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇپ ئۇلارنى ئاسرايدۇ، قوغدايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىگىسى، خوجىسى، قوللىغۇچىسى ۋە رەھىم قىلغۇچىسى.



## 57) ئەلھەمىيدۇ

**تەرجىمىسى:** مەدھىيىگە لايىق؛

**ئىزاھاتى:** مەدھىيىگە لايىق ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، زاتى، ئىسىملىرى، سۈپەتلىرى،

قىلمىشلىرىدا مەدھىيىگە سازاۋەردۇر. پەرىشتىلەر ۋە مۆئمىنلەر، كائىناتتىكى بارلىق مەخلۇقاتلار ھەمدۇ - سانا ئېيتىشقا لايىق، زەررىچە مەخلۇقلارغىمۇ ئىنئاملىرىنى بايان قىلىدىغان، ھەمدۇ - ساناغا لايىق زاتتۇر. ئاللاھ ئۆزىنى مەخلۇقلىرى مەدھىيىلەشتىن ئىلگىرىلا ئۇلارغا ئۆزىنىڭ نېمەتلىرىگە ھەمدۇ - سانا ئېيتىشنى ئۆگىتىش يۈزىسىدىن مەدھىيىلىگەن.

## 58) ئەلمۇھسىيۇ




**تەرجىمىسى:** بارلىق شەيئىلەرنىڭ سانىنى مۇ - كەممەل ئىگەللىگۈچى؛

**ئىزاھاتى:** بارلىق شەيئىلەرنىڭ سانىنى مۇكەم - مەل ئىگەللىگۈچى (ھېساپلاپ تۇرغۇچى) ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، پۈتكۈل شەيئىنى ئۆز ئىلمى بىلەن ئىستاتىسكا قىلىپ تۇرغۇ - چى، شەيئىلەردىن چوڭ - كىچىك ھېچ قايسىسى ئىلمىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئىستاتىسكا قىلغۇچىدۇر.

## 59) ئەلمۇبدىئۇ




**تەرجىمىسى:** يوقتىن بار قىلغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** يوقتىن بار قىلغۇچى، ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئاللاھ شەيئىلەرنى يوقلۇقتىن پەيدا قىلىپ ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئۇلارنى ھېچقانداق سىناق قىلمايلا كەشىپ قىلدى. كائىنات ئاللاھنىڭ يارىتىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن ھەم ئاللاھنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن ئەسلىگە قايتىدۇ.

## 60) ئەلمۇئىيدۇ




**تەرجىمىسى:** قايتا ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى؛

**ئىزاھاتى:** ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، مەخلۇقلارغا ھاياتلىق،ھاياتـ

تىن كېيىن ئۆلۈم، ئۆلگەندىن كېيىن مەڭگۈ ھاياتلىققا قايتۇ-رىدىغان، ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى زاتتۇر. شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن كەلگەن. كېيىن يەنە ئاللاھنىڭ ئالدىغا قايتىدۇ.

## 61) ئەلمۇھيىيۇ




تەرجىمىسى: تىرىلدۈرگۈچى؛

ئىزاھاتى: تىرىلدۈرگۈچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، پۈتكۈل شەيئىدە ھاياتلىقنى ياراتقۇچى، جانلىقلارنى يوقلۇقتىن بار قىلغۇچى، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرگۈچى زاتتۇر. زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرگەن زاتتۇر.

## 62) ئەلمۇمىيتۇ




تەرجىمىسى: جاننى ئالغۇچى؛

ئىزاھاتى: جاننى ئالغۇچى، ۋاپات تاپقۇزغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ، بارلىق كىشىگە ئۆلۈمنى تېتىتقۇچىدۇر. بىردىن - بىر ھايات ئىگىسىدۇر. ئاللاھتىن باشقا ئۆلتۈرگۈچى بولمىغان، باشقا تىرىلدۈرگۈچىمۇ بولمىغان زاتتۇر.

## 63) ئەلھەييۇ




تەرجىمىسى: مەڭگۈ ھايات؛

ئىزاھاتى: مەڭگۈ ھايات ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، يوقىلىش، ئۆلۈش، باشلىنىش ۋە ئاخىرلىششى يوق ھايات زاتتۇر. مۇتلەق باقىيلىق ئاللاھقا خاستۇر.




## 64) ئەلقەييۇۋمۇ

**تەرجىمى:** بارلىق مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** بارلىق مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، مۇتلەق ھالدا مۇستەقىل ئىش بېجىرگۈچى، سەلتەنىتىنىڭ ئىشلىرىنى تەدبىر قىلغۇچى، بارلىققا كەلتۈرگۈچىدۇر. شەيئىلەر پەقەت ئاللاھ - نىڭ قۇدرىتى بىلەنلا بارلىققا كەلگەندۇر . ئاللاھ مەخلۇقلىرىدىن بىھاجەتتۇر. ھالبۇكى ئۇلار ئاللاھقا مۇھتاجدۇر.




## 65) ئەلۋاجىدۇ

**تەرجىمىسى:** تاپقۇچى؛

**ئىزاھاتى:** تاپقۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يە - نى، ھېچ نەرسە كەملىك قىلمايدىغان زاتتۇر. ئېھتىياجى چۈشمەس بايدۇر. خالىغان ھەرقانداق شەيئىنى بار قىلغۇچى، ئىدارە قىلغانلىكى نەرسىنى كەلتۈرگۈچى، ئۆز مۇرادىنى ھاسىل قىلىشقا قادىر، ھېچ - بىر مەخپىي بولغۇچى مەخپىي بولال - مايدىغان زاتتۇر.




## 66) ئەلماجىدۇ

**تەرجىمىسى:** ئالىيجاناپ، ئۇلۇغ؛

**ئىزاھاتى:** ئالىيجاناپ ئۇلۇغ ئاللاھ دېگەن مە - نىدە. يەنى، ئاللاھ مۇكەممەل قۇدرەتكە ئىگە ئۇلۇغدۇر. نوپۇزى چەكسىزدۇر. زاتى ئۇلۇغ قاتتىق زەربىدار، سې - خىيدۇر.




## 67) ئەلۋاھىدۇ

**تەرجىمىسى:** يەككە - يېگانە؛

**ئىزاھاتى:** يەككە - يېگانە ئاللاھ دېگەن مە - نىدە. يەنى، تەڭدىشى، ياردەمچىسى، ئوخ -

شى يوق، مىسلىسىز يەككە-يېگانە زاتتۇر. زاتى، سۈپىتى ۋە قىلمىشلىرىدا يەككە، بىردىن - بىر بىھاجەت زاتتۇر.




## 68) ئەسسەمەدۇ

**تەرجىمىسى:** بىھاجەت؛

**ئىزاھاتى:** بىھاجەت ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئېھتىياج ۋە تىلەكلەردە مەقسەت قىلىنىدىغان، ھەممە نەرسە ئۇ زاتقىلا مۇھتاج بولغان، بارلىق كاتتىلىق ئاللاھقىلا مەنسۇپ بولغان، قىيىنچىلىق ۋە ھادىسىلەردە ياردەم تەلەپ قىلىنىدىغان، مەخلۇقلىرىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدىغان زاتتۇر.




## 69) ئەلقادىرۇ

**تەرجىمىسى:** ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى؛

**ئىزاھاتى:** ھەممىگە قادىر، كۈچى يەتكۈچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ھېچ قانداق شەيئى ئاجىز قىلالمايدىغان، سەۋەپلەر بىلەن باغلانمايدىغان، پۈتكۈل مەۋجۇداتنى ئۆزىگە خاس رەۋىشتە كەشىپ قىلىدىغان، پەيدا قىلىدىغان، ئىشلاردا باشقا ياردەمچىلەرگە ھاجىتى چۈشمەيدىغان مۇكەممەل قۇدرەت ئىگىسىدۇر.




## 70) ئەلمۇقتەدىرۇ

**تەرجىمىسى:** ناھايىتى كۈچلۈك؛

**ئىزاھاتى:** ناھايىتى كۈچلۈك، قۇدرەت ئىگىسى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، قۇدرىتى بۈيۈكتۇر. ئۆزىنىڭ كامالى قۇدرىتى بىلەن ئۆز خەلقىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىدۇر. خالىغان نەرسىنى تەقدىر قىلغۇچى بىلىم ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

## 71) ئەلمۇقەددىمۇ




تەرجىمىسى: ئىلگىرى قىلغۇچى؛

ئىزاھاتى: ئىلگىرى قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى،خالىغان شەيئىنى خالىغان شەيئىدىن يارىلىش، ئۆلۈش، مەرتىۋە، رىزىق قاتارلىقلاردا ئىلگىرى قىلغۇچى زاتتۇر.

## 72) ئەلمۇئەخخىرۇ




تەرجىمىسى: كېچىكتۈرگۈچى؛

ئىزاھاتى: كېچىكتۈرگۈچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئۆز خاھىشى بويىچە بەزى شەيئىلەرنى بەزىسىدىن كېچىكتۈرىدىغان، ئاللاھنىڭ ھەققىنى كېچىكتۈرىدىغانلارنىڭ جازاسىنى خالىغانچە كېچىكتۈرىدىغان زاتتۇر. زالىملارغا بېرىدىغان جازانى ئۆزىلا بىلىدىغان ھېكمەت ۋە سەۋەپلەر بىلەن كېچىكتۈرگۈچى زاتتۇر.

## 73) ئەلئەۋۋەلۇ




تەرجىمىسى: ئەڭ ئەۋۋەل؛

ئىزاھاتى: ئەڭ ئەۋۋەل ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىغى ۋە ئەزەلىيلىكى بىلەن ئەۋۋەلدۇركى، ئاللاھتىن بۇرۇن ھېچ قانداق شەيئى يوقتۇر، ئاللاھ ئەۋۋەلدۇر. باشلىنىشى يوق، زاتى، ئىسىم سۈپەتلىرى ۋە پېئىلى بىلەن ئەزەلىيدۇر. ھەدىس شەرىفتە بىر ئەئرابى رەسۇلۇللاھتىن: «ئاللاھ مەخلۇقلارنى يارىتىشتىن ئىلگىرى قەيەردە ئىدى؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ: «ئاللاھ بار ئىدى، ئاللاھتىن باشقا ھېچ قانداق شەيئى يوق ئىدى» دېگەن.

ھېلىقى ئەئرابى: «ئەمدىچۇ؟» دېگەندە، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى:
«ئاللاھ يەنە شۇ ئەسلى ھالىتىدە» دەپ جاۋاب بەرگەن.




## 74) ئەلئاخىرۇ

**تەرجىمىسى:** مەڭگۈ مەۋجۇت؛

**ئىزاھاتى:** مەڭگۈ مەۋجۇت ئاللاھ دېگەن مەنى-
دە. يەنى، ئاللاھ ئاخىردۇر. يەنى بۇ ئىسىم
ئاللاھنىڭ باقىيلىقى، ئەبەدىيلىكىگە، ئاللاھتىن كېيىنىنىڭ يوقلۇقىغا
دالالەت قىلىغۇچىدۇر. ئاللاھ باقىيدۇر. ئاخىرلىششى يوقتۇر.




## 75) ئەززاھىرۇ

**تەرجىمىسى:** ئاشكارا بولغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** ئاشكارا بولغۇچى ئاللاھ دېگەن مە-
نىدە. يەنى، ئاللاھ ئاشكارىدۇركى، ئالىيلىقى
ۋە بۈيۈكلىكىنى ئاللاھتىن بەكرەك ئىزھار قىلىدىغان بىرى يوقتۇر.
ئاللاھنىڭ ئۈستىدە ھېچ بىر شەيئى يوقتۇر. ئۆزىنىڭ بارلىقىنىڭ
دەلىل - پاكىتلىرى ۋە قۇدرىتىنىڭ نامايەندىلىرىنى ئەقىل ۋە كۆز
ئىگىلىرىگە ئاشكارىلىغۇچىدۇر. ئاللاھ زاھىردۇر، ئاللاھنىڭ يۇقىرى-
سىدا ھېچ نەرسە يوقتۇر.




## 76) ئەلباتىنۇ

**تەرجىمىسى:** مەخپىي؛

**ئىزاھاتى:** مەخپىي بولغان ئاللاھ دېگەن مەنى-
دە. يەنى، بۇ ئىسىم ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا
يېقىنلىقى ۋە بىللە ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ زاتى
ۋە ماھىيىتى ئەقىل ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ ئىدراك قىلىشىدىن مەخپىي-
دۇر.

## 77) ئەلۋالىيۇ




**تەرجىمىسى:** ئىگە بولغۇچى؛
**ئىزاھاتى:** ئىگە بولغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئاللاھ شەيئىلەرنىڭ ئىگىسى، شەيئىلەر ئۇچۇن شەيئىلەرنىڭ ئىش ۋە مەنپەئەتلىرىگە ئىگە بولغۇچى، ئۇلاردىكى ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىش ئۇچۇن ئۇلارنى ئۆز خاھىشى ۋە ھېكمىتى بويىچە ئورۇنلاشتۇرغۇچىدۇر. ئاللاھنىڭ شەيئىلەر ئۈستىدىكى ھۆكمى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە ئىنئامى بىلەن ئىجرا قىلىنىدۇ.

## 78) ئەلمۇتەئالىيۇ




**تەرجىمىسى:** بۈيۈك؛
**ئىزاھاتى:** بۈيۈك ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ھەرتۈرلۈك يۈكسەكلىك ئاللاھقىلا خاستۇر. زاتى ئالىي، قادىرى ئالىي ، سۈپىتى ۋە قەھرى ئالىيدۇر. ئاللاھ ئەرش ئۈستىدە ئۆزىگە خاس رەۋىشتە بەرقارار بولغان، پۈتكۈل سەلتەنەت ئۆز ئىلكىدە بولغان زاتتۇر.

## 79) ئەلبەررۇ




**تەرجىمىسى:** ياخشىلىق قىلغۇچى؛
**ئىزاھاتى:** ياخشىلىق قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، پۈتكۈل ياخشىلىقنىڭ، ئىھسانىنىڭ ئىگىسىدۇر. دۇنيا، ئاخىرەتتە بەندىلىرىگە ئۆز ئاتاسىنى ئىنئام قىلىدىغان زاتتۇر.

## 80) ئەتتەۋۋابۇ




**تەرجىمىسى:** تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچى؛
**ئىزاھاتى:** تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى،بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى

كۆپلەپ قوبۇل قىلغۇچى، ئۇلارنى بىردە ئاگاھلاندۇرۇپ، بىردە مۆھلەت بېرىدىغان پەزىل ـ مەرھەمەت يۈزىسىدىن ئۇلارنى مەقبۇل تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدىغان زاتتۇر. بەندە تەۋبىنى قانچە تەكرارلىسا قوبۇل قىلىشنى شۇنچە تەكرارلايدىغان زاتـــتۇر.




## 81) ئەلمۇنتەقىمۇ

**تەرجىمىسى:** ئىنتىقام ئالغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** ئىنتىقام ئالغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، خالىغان كىشىلەرگە يۇقىرى چەكتە جازا بەرگۈچى، ئادىل جازا بەرگۈچى، زالىملارنىڭ زۇلمىنى بىت ـ چىت قىلىپ، ئاسىيلارنى قاتتىق جازالىغۇچى، ئۇلارنى قەھر ـ غەزىپى بىلەن تۇتقۇچىدۇر.




## 82) ئەلئەفۇۋۋۇ

**تەرجىمىسى:** كەچۈرۈم قىلغۇچى ؛

**ئىزاھاتى:** كەچۈرۈم قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، يامانلىقلارنى ئۆچۈرۈپ، ئۇنى خالىغاندا ياخشىلىققا ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغان ئەيىپ ـ نۇقسانلاردىن پاك زاتتۇر.




## 83) ئەررەئۇۋۇفۇ

**تەرجىمىسى:** كۆيۈمچان؛

**ئىزاھاتى:** كۆيۈمچان ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، كۆيۈمچان، ئۆز بەندىلىرىگە چەكسىز مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزگۈچى، ئاسرىغۇچى، توغرا يول كۆرسىتىپ، بەخت ـ سائادەت يولىغا باشلىغۇچى مۇكەممەل رەھمەت ئىگىسىدۇر.

## 84) مالىكۇلمۇلكى




تەرجىمىسى: شاھلار شاھى؛

ئىزاھاتى: شاھلارنىڭ شاھى ئاللاھ دېگەن مەنىدە،يەنى قۇدرىتى مۇكەممەل، پۈتكۈل سەلتەنەت ئىگىسى، دۇنيا، ئاخىرەت سەلتەنىتىدە شېرىكسىز ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغۇچى، پۈتكۈل شەيئىلەرنىڭ سەلتەنىتى قولىدا بار، پۈتكۈل مەخلۇقات دەرگاھىغا قايتىدىغان، ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن پاك سەلتەنەت ئىگىسىدۇر.

## 85) زۇلجەلالى ۋەلئىكرامى




تەرجىمىسى: ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك ئىگىسى؛

ئىزاھاتى: ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك ئىگىسى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئاللاھتىن بۈيۈك ھېچ كىم يوقتۇر. ئىكرام ئىگىسى ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر، سالىھ بەندىلىرىنى سوغا ـ سالام، كاتتا ئىنئاملار بىلەن ھۆرمەتلىگۈچى زاتتۇر.

## 86) ئەلمۇقسىتۇ




تەرجىمىسى: ئادىل، ھەققانىيەتچى؛

ئىزاھاتى: ئادىل، ھەققانىيەتچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئاللاھ ھۆكۈم ۋە پۈتكۈل ئورۇنلاشتۇرىشىدا ئادىل زاتتۇركى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئۈچۈن زالىملاردىن قىساس ئېلىپ، ئاجىزلار ئۈچۈن بوزەك قىلىغۇچىلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ.

## 87) ئەلجامىئۇ




تەرجىمىسى: جۇغلىغۇچى؛

ئىزاھاتى: جۇغلىغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى،خالايىقلارنى قىيامەت كۈنى ھېساپ ئې-

لىش ئۇچۇن يىققۇچى ، كائىناتنى بىرگەۋدىلەشتۈرگۈچى، ئىنسانغا ئوخشاش ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە جانلىقلارنى قىيامەت كۈنى يەر يۈزىگە توپلىغۇچى، ئاسمانلار ۋە سەييارىلەردەك پەرقلىق جىنسلارنىمۇ توپلىغۇچى زاتتۇر.




## 88) ئەلغەنىييۇ

**تەرجىمىسى:** بەك باي؛

**ئىزاھاتى:** بەك باي ئاللاھ دېگەن مەنىدە، يەنى پۈتكۈل مەخلۇقاتتىن بىھاجەت، ھەممىسى ئاللاھقا ئېھتىياجلىقتۇر. چەكسىز پەزىلەت ۋە ئىنئام ئىگىسىدۇر. ھېچكىمگە ئەسلا ئېھتىياجى چۈشمەيدىغان زاتتۇر.




## 89) ئەلمۇغنىيۇ

**تەرجىمىسى:** باي قىلغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** باي قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىنى خالىغان بايلىق بىلەن باي قىلىدۇ. بايلىقنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى كۆڭۈل بايلىقىدۇر. شۈبھىسىزكى، ھاجەتلەر ئاللاھتىنلا تىلىنىدۇ.




## 90) ئەلمانىئۇ

**تەرجىمىسى:** توسقۇچى؛

**ئىزاھاتى:** توسقۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە.يەنى، ئاللاھ ئۆز ۋەلىلىرىگە باشقىلارنىڭ ئازار بېرىشىنى توسىدۇ، بەزى ئىمكانىيەتلەرنى مەۋجۇت قىلىپ بەرىسنى مەنئى قىلىدۇ.

## 91) ئەززاررۇ




تەرجىمىسى: دۈشمەنلىرىگە ئازاب ـ ئوقۇبەت يەتكۈزگۈچى؛

ئىزاھاتى: دۈشمەنلىرىگە ئازاب ـ ئوقۇبەت يەتكۈزگۈچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، زىيان ۋە يامانلىقنى خالىغان كىشىگە خالىغىنىدەك بېكىتكۈچى، سىناش يۈزىسىدىن كەمبىغەل قىلىدىغان، كېسەل قىلىدىغان ۋە بەختسىز قىلىدىغان، ئۆز ھېكمەت ۋە خاھىشى بويىچە مەھرۇم قىلىدىغان زاتتۇر.

## 92) ئەننافىئۇ




تەرجىمىسى: پايدا يەتكۈزگۈچى؛

ئىزاھاتى: پايدا يەتكۈزگۈچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، دىن ۋە دۇنيالىق جەھەتتە مەنپەئەت يەتكۈزگۈچىدۇر. ئاللاھۇ سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا ئۆزىلا ساق ـ لىق، بايلىق، بەخت ـ سائادەت ۋە مەنسەپ ئاتا قىلغۇچىدۇر.

## 93) ئەننۇۇرۇ




تەرجىمىسى: نۇرلۇق؛

ئىزاھاتى: نۇرلۇق، ئۆزلىگىدىن ئاشكارا بولغۇچى ۋە ئۆزگىلەرنى ئاشكارا قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئۆز مەۋجۇتلىغى بىلەن زاھىردۇركى، شەيئىلەرگە چېچىلىۋاتقان پۈتكۈل نۇرنىڭ ئاشكارا بولىشى ئاللاھ بىلەندۇر. ئاللاھ پۈتكۈل زۈلمەتلەرنىڭ نۇرىدۇر. ئاللاھ ئۆزىنى ياد قىلغۇچى بەندىلەرنىڭ قەلبىنى ئۆز زىكرىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، تۇنىغۇچىلارنىڭ كۆڭلىنى مەئرىفىتىنىڭ نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرغان زاتتۇر. ئاللاھ ئاسمانلار ۋە زېمىنلارنىڭ نۇرىدۇر، ئاللاھنىڭ ھىجابى شۇنداق نۇردۇركى، ئەگەر ئۇنى ئاچسا پۈتكۈل شەيئىلەرنى كۆيدۈرىۋەتكەن بولاتتى.

# 94) ئەلھادىيۇ




**تەرجىمىسى:** ھىدايەت قىلغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** ھىدايەت قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئۆز ھىدايىتى بىلەن ئازغۇنلارنى توغرا يولغا باشلايدىغان، خاس بەندىلىرىنى ھېكمەت ۋە مەرىپەتكە يېتەكلەيدىغان زاتتۇر. ئاللاھ پۈتكۈل شەيئىگە ئۆزىگە خاس ھايات ئاتا قىلىپ ھىدايەت قىلغان زاتتۇر.

# 95) ئەلبەدىئۇ




**تەرجىمىسى:** ئۆرنەكسىز يوقتىن بارقىلغۇچى؛

**ئىزاھاتى:** ئۆرنەكسىز يوقتىن بار قىلغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، كەشپىياتچىدۇركى، زاتى، سۈپىتى، قىلمىشلىرىدا ئوخشىشى، تەڭدىشى يوقتۇر. شەيئىلەرنى ئۆرنەك ئالماي، دورىماي، سىناق قىلماي ياراتقان زاتتۇر.

# 96) ئەلباقىيۇ




**تەرجىمىسى :** مەڭگۈ باقى؛

**ئىزاھاتى:** مەڭگۈ باقى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئاللاھ پۈتكۈل مەخلۇقى تۈگىگەندىن كېيىنمۇ باقىيدۇر. مەڭگۈ يوقالماستۇر، مەۋجۇتتۇر ھەم ئەزەلى باقىيلىق بىلەن سۈپەتلەنگۈچىدۇر.

# 97) ئەلۋارىسۇ




**تەرجىمىسى:** يوقالماس ۋارىس؛

**ئىزاھاتى:** يوقالماس ۋارىس ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، بارلىق مەخلۇقلار، كائىناتلارنىڭ

ھەقىقىي ۋارىسى، ئىگىسى ئاللاھتۇر. چۈنكى ئاللاھ مەخلۇقلار تۈگىگەندىن كېيىنمۇ باقىيدۇر. پۈتكۈل شەيئىنىڭ قارارگاھى ۋە ئاقىۋىتى ئاللاھقا باغلىقتۇر. **ئاللاھ شۇ چاغدا دەيدۇكى: «بۈگۈن سەلتەنەت كىمنىڭ؟ يەككە - يېگانە ھەممىنى يەكسان قىلغۇچى ئاللاھنىڭدۇر».**

## 98) ئەررەشىيدۇ




**تەرجىمىسى:** توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى؛

**ئىزاھاتى:** توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئاللاھ توغرا ئىش قىلغۇچىدۇر، مۇكەممەل كامالەت، بۈيۈك ھېكمەت، بۈيۈك ئادالەت بىلەن سۈپەتلەنگۈچىدۇر. تەدبىرلىرى ھېچ قانداق ياردەمچى، مەسلىھەتچىگە ئېھتىياجسىز ھالدا چەكسىز توغرىلىق بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر.

## 99) ئەسسەبۇۋرۇ




**تەرجىمىسى:** ناھايىتى سەۋرچان؛

**ئىزاھاتى:** ناھايىتى سەۋرچان ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى، ئىنتىقام ئېلىشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. ئاللاھ ئىشلارنى ۋاقتىدىن بۇرۇن تۈتۈش قىلىشقا ئالدىرىمايدۇ. سەۋرچانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ سۈپىتىدىكى مەنىسى: بارلىق مەخلۇققا سەۋرنى ئىلھام قىلغۇچى، مېھرىبان، دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ئەيىپ-نۇقسانلاردىن پاك، ئۇلۇغ ۋە يەككە - يېگانە زاتتۇر.

* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *

ھەر خىل يامان ئەھۋاللاردىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ گۈزەل يوللىرىنىڭ ئاللاھنىلا مەزكۇر گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن زىكرى قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھەممە نەرسىگە كۈچىنىڭ يېتىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ

يەتكەن هالدا، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىشتۇر.

مەلۇمكى، قۇرئانى كەرىمدە **«ئايەتۇل كۇرسى»** دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆپلەپ ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغان «بەقەرە» سۈرىسىنىڭ 255 ـ ئايىتىدە ئاللاھ تائالا ئۆز سۈپەتلىرى ۋە ئىسىملىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

بۇ ئايەت تۆۋەندىكىدەك:

« اللّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ مَن ذَاالَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلاَّ بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاء وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلاَ يَؤُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ »

(بىر اللهدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. الله ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە اللهنىڭ (مۈلكى)دۇر؛ اللهنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ اللهنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ الله ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۇچۇن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار اللهنىڭ مەلۇماتىدىن (الله) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، اللهنىڭ كۇرسى (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.)

ئەمدى ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم ـ شەرىپى زىكىر قىلىنغان تۆۋەندىكى ئايەتنى كەرىمىمىز ئوقۇپ تۇرۇشنى ئۇنۇتماڭ:

« لَوْ أَنزَلْنَا هَذَا الْقُرْآنَ عَلَى جَبَلٍ لَّرَأَيْتَهُ خَاشِعًا مُّتَصَدِّعًا مِّنْ خَشْيَةِ اللَّهِ وَتِلْكَ الْأَمْثَالُ نَضْرِبُهَا لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٢١﴾ هُوَ اللَّهُ الَّذِي لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ هُوَ الرَّحْمَنُ الرَّحِيمُ ﴿٢٢﴾ هُوَ اللَّهُ الَّذِي لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ السَّلَامُ الْمُؤْمِنُ الْمُهَيْمِنُ الْعَزِيزُ الْجَبَّارُ الْمُتَكَبِّرُ سُبْحَانَ اللَّهِ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٢٣﴾ هُوَ اللَّهُ الْخَالِقُ الْبَارِئُ الْمُصَوِّرُ لَهُ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى يُسَبِّحُ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴿٢٤﴾ »

( ئەگەر بىز بۇ قۇرئاننى تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ اﷲ دىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ، بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار (اﷲ نىڭ قۇدرىتىنى) پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز. اﷲ دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ يۇشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر. اﷲ دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر، (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نوقسانلاردىن پاكتۇر)، (مۇئمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلارنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر،

(مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. اللّٰه (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر .)

— «ھەشر» سۈرىسى ، 21 ـ 24 ـ ئايەتلەر

جەنابىي ئاللاھ بىز ئاجىز بەندىلىرىنى مۇشۇنداق كۈچلۈك ئىمانىي ئېتىقاتتىن مەڭگۈ ئايرىمىغاي، ئامىين!



بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئاللاھۇ تەئالانىڭ بار ۋە بىر

ئىكەنلىكى، پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنى ياراتقۇچى

ئىكەنلىكى، شەپقىتى، رەھمىتى، مەغپىرىتى چەكسىز ۋە تەڭداشسىز

قۇدرەتلىك ، ئۇلۇق زات ئىكەنلىكىنىڭ

# قۇرئانى كەرىمدىكى بايانى

«وَهُوَ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ بِالْحَقِّ وَيَوْمَ يَقُولُ كُن فَيَكُونُ قَوْلُهُ الْحَقُّ وَلَهُ الْمُلْكُ يَوْمَ يُنفَخُ فِي الصُّوَرِ عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ وَهُوَ الْحَكِيمُ الْخَبِيرُ» (ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى، ئاللاھ (بىرەر شەيئىگە) «ۋۇجۇتقا كەل» دېسە (دەرھال) ۋۇجۇتقا كېلىدىغان كۈندىكى (يەنى قىيامەت كۈندىكى) ئازاپتىن قورقۇڭلار. ئاللاھنىڭ سۆزى ھەقتۇر،

سۇر چېلىنىدىغان كۈندىكى (يەنى قىيامەت كۈندىكى) پادىشاھلىق ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلگۈچىدۇر، ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن) خەۋەرداردۇر .) سۈرە «ئەنئام»، 73 ـ ئايەت

«اللّهُ الَّذِي رَفَعَ السَّمَاوَاتِ بِغَيْرِ عَمَدٍ تَرَوْنَهَا ثُمَّ اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ كُلٌّ يَجْرِي لأَجَلٍ مُّسَمًّى يُدَبِّرُ الأَمْرَ يُفَصِّلُ الآيَاتِ لَعَلَّكُم بِلِقَاءِ رَبِّكُمْ تُوقِنُونَ» (ئاللاھ ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز بەرپا قىلدى، سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، ئاندىن ئۇ ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى. كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) بويسۇندۇردى، (ئۇلارنىڭ) ھەر ـ بىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى دۇنيانىڭ تۈگەيدىغان ۋاقتىغىچە) سەير قىلىدۇ، ئاللاھ (ئۆز ھېكمىتى ۋە قۇدرىتى بىلەن) مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا مۇلاقەت بولۇشقا ئىشەنسۇن دەپ، (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ.) سۈرە «رەئد»، 2 ـ ئايەت

«وَفِي الأَرْضِ قِطَعٌ مُّتَجَاوِرَاتٌ وَجَنَّاتٌ مِّنْ أَعْنَابٍ وَزَرْعٌ وَنَخِيلٌ صِنْوَانٌ وَغَيْرُ صِنْوَانٍ يُسْقَى بِمَاءٍ وَاحِدٍ وَنُفَضِّلُ بَعْضَهَا عَلَى بَعْضٍ فِي الأُكُلِ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ» (يەريۈزىدە بىر ـ بىرىگە تۇتىشاڭغۇ قىتئەلەر بار ۋە تۈرلۈك زىرائەتلەر بار، كۆپ شاخلىق بولغان ۋە كۆپ شاخلىق بولمىغان (بىر ئۇرۇقتىن بىر قانچە تال ئۈنۈپ چىققان، بىر ئۇرۇقتىن پەقەت بىر تال ئۈنۈپ چىققان) خورما دەرەخلىرى بار، (ئۇلارنىڭ ھەممىسى) بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن تەمدە ئارتۇق قىلىمىز، بۇلاردا چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.) سۈرە «رەئد»، 4 ـ ئايەت

«أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يَسْجُدُ لَهُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَمَن فِي الْأَرْضِ وَالشَّمْسُ وَالْقَمَرُ وَالنُّجُومُ وَالْجِبَالُ وَالشَّجَرُ وَالدَّوَابُّ وَكَثِيرٌ مِّنَ النَّاسِ

وَكَثِيرٌ حَقَّ عَلَيْهِ الْعَذَابُ وَمَن يُهِنِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِن مُّكْرِمٍ إِنَّ اللَّهَ يَفْعَلُ مَايَشَا ء » (بىلمەمسەنكى، ئاسماندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر)، زېمىندىكىلەر (يەنى ئىنسانلار، جىنلار ۋە زېمىندا ياشايدىغان بارلىق مەخلۇقاتلار)، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، دەرەخلەر، هايۋاناتلار (ئاللاهقا بويسۇنۇپ، ئاللاهنىڭ تەسەررۇپ قىلىشى بويىچە هەرىكەت قىلىدۇ) ۋە نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاهقا سەجدە قىلىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر (كۇفرى سەۋەبلىك) ئازابقا دۇچار بولدى، ئاللاهنىڭ خارلىشىغا ئۇچرىغان ئادەمگە هۆرمەتلىگۈچى چىقمايدۇ، ئاللاه هەقىقەتەن خالىغىنىنى قىلىدۇ (يەنى ئازابلاش، رەهىم قىلىش، ئەزىز قىلىش، خار قىلىش، باي قىلىش، كەمبەغەل قىلىش ئاللاهنىڭ خاهىشىدىكى ئىش بولۇپ، ئاللاهقا هېچ كىشى تەئەررۇز قىلالمايدۇ). سۈرە «هەج»، 18 ـ ئايەت

«وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ فَأَنَّى يُؤْفَكُونَ» (ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى، كۈننى ۋە ئاينى كىم (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) بويسۇندۇردى؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: ئاللاه، دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئۇلار قانداقمۇ (ئاللاهنىڭ ئىبادىتىدىن) باش تارتىدۇ!) سۈرە «ئەنكەبۇت»، 61 ـ ئايەت

«وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّن نَّزَّلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَحْيَا بِهِ الْأَرْضَ مِن بَعْدِ مَوْتِهَا لَيَقُولُنَّ اللَّهُ قُلِ الْحَمْدُ لِلَّهِ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْقِلُونَ» (ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرگەن كىم؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم ئاللاه، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئېيتقىنكى، «(سىلەرگە قارشى پاكىتلار بار بولغانلىقتىن) جىمى هەمدۇ ـ سانا ئاللاهقا خاستۇر»، بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇ سۆزلىرىدىكى زىددىيەتنى) چۈشەنمەيدۇ.) سۈرە «ئەنكەبۇت»، 63 ـ ئايەت

«أَوَلَمْ يَرَوْا إِلَى الطَّيْرِ فَوْقَهُمْ صَافَّاتٍ وَيَقْبِضْنَ مَا يُمْسِكُهُنَّ إِلَّا الرَّحْمَنُ إِنَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ بَصِيرٌ» (ئۇلار قاناتلىرىنى يايغان ۋە يىغقان هالدا ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارغا (ئىبرەت كۆزى بىلەن) قارىمامدۇ؟

(قاناتلىرىنى كەرگەن ۋە يىغقان ھالدا) ئۈستىلىرىدە ئۇچۇۋاتقان قۇشلارنى قاناتلىرىنى ئاچقان ۋە يىغقان چاغدا يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن) پەقەت ئاللاھ (قۇدرىتى بىلەن) تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.) سۈرە «مۇلك»، 19 ـ ئايەت

«قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِنْ أَصْبَحَ مَاؤُكُمْ غَوْرًا فَمَن يَأْتِيكُم بِمَاء مَّعِين»
(ئۇلارغا) «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ (سۇيۇڭلار يەر ئاستىغا) سىڭىپ كەتسە، سىلەرگە كىم ئېقىن سۇ كەلتۈرۈپ بېرىدۇ» دېگىن.) سۈرە «مۇلك»، 30 ـ ئايەت

«سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى»﴿١﴾ الَّذِي خَلَقَ فَسَوَّى﴿٢﴾ وَالَّذِي قَدَّرَ فَهَدَى﴿٣﴾ وَالَّذِي أَخْرَجَ الْمَرْعَى﴿٤﴾ فَجَعَلَهُ غُثَاء أَحْوَى﴿٥﴾» (ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىن. ئۇ (پۈتۈن مەخلۇقاتنى) ياراتتى ، (ئۇلارنى) بېجىرىم (يەنى چىرايلىق ۋە مۇناسىپ شەكىلدە) قىلدى. مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى (تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى) كۆرسەتتى. ئوت ـ چۆپلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئاندىن ئۇلارنى قارامتۇل ئوت ـ خەسكە ئايلاندۇر ـ دى.) سۈرە «ئەئلا»، 1 ـ 5 ئايەت

« اللّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ مَن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلاَّ بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاء وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلاَ يَؤُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ»﴿٢٥٥﴾» (بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ (مۈلكى)دۇر. ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن.ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۇچۇن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن

(ئاللاھ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ كۇرسى (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.) سۈرە «بەقەرە»، 255 ـ ئايەت

«اللّهُ لا إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ» (ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر،ئاللاھ (ھەمىشە) تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر.) سۈرە «ئال ـ ئىمران»، 2 ـ ئايەت

«إِنَّ اللّهَ لاَ يَخْفَىَ عَلَيْهِ شَيْءٌ فِي الأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاء»﴿٥﴾«هُوَ الَّذِي يُصَوِّرُكُمْ فِي الأَرْحَامِ كَيْفَ يَشَاء لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴿٦﴾» (ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر،ئاللاھ (ھەمىشە) تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر.) (ئۇ سىلەرنى بەچچىدانلاردا (يەنى ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىكى چېغىڭلاردا) ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.) سۈرە «ئال ـ ئىمران» ،5 ـ 6 ـ ئايەت؛

«شَهِدَ اللّهُ أَنَّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ وَالْمَلاَئِكَةُ وَأُوْلُواْ الْعِلْمِ قَآئِمَاً بِالْقِسْطِ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ» (ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى: ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.) سۈرە «ئال ـ ئىمران» ،18 ـ ئايەت

«وَقَالُواْ اتَّخَذَ اللّهُ وَلَدًا سُبْحَانَهُ بَل لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ كُلٌّ لَّهُ قَانِتُونَ» (ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار، مۇشرىكلار): «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دەيدۇ. ئاللاھ (ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغان نەرسىسىدىن) پاكتۇر، ئۇنداق ئەمەس، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى

نەرسلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنغۇ- چىدۇر.) سۈرە «بەقەرە»، 116 - ئايەت

«بَدِيعُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَإِذَا قَضَى أَمْراً فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُ كُن فَيَكُونُ» (ئاللاھ ئاسمانلار ۋە زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر. بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلسا، «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ- دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.) سۈرە «بەقەرە»، 117 - ئايەت

«وَإِلَـهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ لاَّ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الرَّحْمَنُ الرَّحِيمُ» (سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر؛ ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.) سۈرە «بەقەرە»، 163 - ئايەت

«لَّقَدْ كَفَرَ الَّذِينَ قَآلُواْ إِنَّ اللّهَ هُوَ الْمَسِيحُ ابْنُ مَرْيَمَ قُلْ فَمَن يَمْلِكُ مِنَ اللّهِ شَيْئًا إِنْ أَرَادَ أَن يُهْلِكَ الْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَأُمَّهُ وَمَن فِي الأَرْضِ جَمِيعًا وَلِلّهِ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا يَخْلُقُ مَا يَشَاء وَاللّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ» (مەريەم ئوغلى مەسىھ (يەنى ئىسا) ئاللاھدۇر، دېگەن كىشلەر (يەنى ناسارالارنىڭ بىر پىرقىسى) ھەقىقەتەن كافىر بولدى. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئاللاھ مەريەم ئوغلى مەسىھنى، مەسىھنىڭ ئانىسنى (يەنى مەريەمنى) ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق كىشلەرنى ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھ(نىڭ ئىرادىسى)دىن بىرەر نەرسىنى توسۇشقا كىم قادىر بولالايدۇ؟» ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسدىكى نەرسلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر،ئاللاھ خالىغىنىنى خەلق ئېتىدۇ، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.) سۈرە «مائىدە»، 17 - ئايەت

«لَقَدْ كَفَرَ الَّذِينَ قَالُواْ إِنَّ اللّهَ هُوَ الْمَسِيحُ ابْنُ مَرْيَمَ وَقَالَ الْمَسِيحُ يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ اعْبُدُواْ اللّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمْ إِنَّهُ مَن يُشْرِكْ بِاللّهِ فَقَدْ حَرَّمَ اللّهُ عَلَيهِ الْجَنَّةَ وَمَأْوَاهُ النَّارُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ» (شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسادۇر، دىگۈچىلەر كافىر بولدى، ئىسا: «ئى بەنى ئىسرائىل! مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ

پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى ئاللاھتىن غەيرىگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دەۋزەخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچ بىر مەدەتكار (يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) بولمايدۇ» دېدى.) سۈرە «مائىدە»، 72 ـ ئايەت

«وَإِذْ أَوْحَيْتُ إِلَى الْحَوَارِيِّينَ أَنْ آمِنُواْ بِي وَبِرَسُولِي قَالُوَاْ آمَنَّا وَاشْهَدْ بِأَنَّنَا مُسْلِمُونَ» (ئەينى زاماندا مەن ھەۋارىيلارغا : « ماڭا ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىمگە ئىمان ئېيتىڭلار » دەپ ۋەھيى قىلدىم . ئۇلار: «بىز ئىمان ئېيتتۇق، گۇۋاھ بولغىنكى، بىز (ئەمرىڭگە) بويسۇنغۇ ـ چىلارمىز» دېدى.) سۈرە «مائىدە»، 111 ـ ئايەت

«وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ افْتَرَى عَلَى اللّهِ كَذِبًا أَوْ كَذَّبَ بِآيَاتِهِ إِنَّهُ لاَ يُفْلِحُ الظَّالِمُونَ» (ئاللاھقا يالغان چاپلىغان ياكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلاردىنمۇ زالىم ئادەملەر بارمۇ؟ زالىملار ھەقىقەتەن مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.) سۈرە «ئەنئام»، 21 ـ ئايەت

«انظُرْ كَيْفَ كَذَبُواْ عَلَى أَنفُسِهِمْ وَضَلَّ عَنْهُم مَّا كَانُواْ يَفْتَرُونَ» ئۇلارنىڭ (بىز مۇشرىك بولمىغان دەپ) ئۆزلىرىگە قارشى قانداق يالغان سۆزلىگەنلىكىگە قارىغىن، ئۇلارنىڭ (ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ) بوھتان چاپلىغان بۇتلىرى ئۇلاردىن قاچىدۇ.) سۈرە «ئەنئام»، 24 ـ ئايەت

«قُلْ إِنِّي نُهِيتُ أَنْ أَعْبُدَ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ اللّهِ قُل لاَّ أَتَّبِعُ أَهْوَاءكُمْ قَدْ ضَلَلْتُ إِذًا وَمَا أَنَاْ مِنَ الْمُهْتَدِينَ» (ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئاللاھنى قايرىپ قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن مەن ھەقىقەتەن مەنئى قىلىندىم». ئېيتقىنكى ، «مەن سىلەرنىڭ نەفسى خاھىشىڭلارغا ئەگەشمەيمەن، بولمىسا مەن ئازغان بولىمەن ۋە ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولالماي قالىمەن»). سۈرە «ئەنئام»، 56 ـ ئايەت

« وَحَآجَّهُ قَوْمُهُ قَالَ أَتُحَاجُّونِّي فِي اللّهِ وَقَدْ هَدَانِ وَلاَ أَخَافُ مَا

تُشْرِكُونَ بِهِ إِلاَّ أَن يَشَاء رَبِّي شَيْئًا وَسِعَ رَبِّي كُلَّ شَيْءٍ عِلْمًا أَفَلاَ تَتَذَكَّرُونَ» (ئىبراھىمنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشتى، ئىبراھىم ئېيتتىكى، «مېنى ئاللاھ ھىدايەت قىلغان تۇرسا ، مەن بىلەن ئاللاھ (نىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە بىرلىكى) توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ مەن سىلەرنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن قورقمايمەن، پەقەت پەرۋەردىگارىمنىڭلا خالىغان نەرسىسى بولىدۇ، پەرۋەردىگارىمنىڭ بىلىمى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، (مەبۇدلىرىڭلارنىڭ ماڭا ھېچبىر زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى) ئويلىمامسىلەر!) سۈرە «ئەنئام»، 80 ـ ئايەت

«وَكَيْفَ أَخَافُ مَا أَشْرَكْتُمْ وَلاَ تَخَافُونَ أَنَّكُمْ أَشْرَكْتُم بِاللّهِ مَا لَمْ يُنَزِّلْ بِهِ عَلَيْكُمْ سُلْطَانًا فَأَيُّ الْفَرِيقَيْنِ أَحَقُّ بِالأَمْنِ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ» (ئاللاھنىڭ شېرىكى بولۇش ھەققىدە ئاللاھ سىلەرگە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن بۇتلارنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قورقمايۋاتساڭلار، سىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بوتلىرىڭلاردىن مەن قانداقمۇ قورقاتتىم! ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ئېيتىڭلارچۇ)، بىز بۇ ئىككى گۇرۇھ ئادەمدىن زادى قايسىمىز ئەڭ قورقماسلىققا تېگىشلىك». سۈرە «ئەنئام»، 81 ـ ئايەت

« وَلَقَدْ جِئْتُمُونَا فُرَادَى كَمَا خَلَقْنَاكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَتَرَكْتُم مَّا خَوَّلْنَاكُمْ وَرَاء ظُهُورِكُمْ وَمَا نَرَى مَعَكُمْ شُفَعَاءكُم الَّذِينَ زَعَمْتُمْ أَنَّهُمْ فِيكُمْ شُرَكَاء لَقَد تَّقَطَّعَ بَيْنَكُمْ وَضَلَّ عَنكُم مَّا كُنتُمْ تَزْعُمُونَ» (بىز دەسلەپتە سىلەرنى قانداق خەلق ئەتكەن بولساق دەرگاھىمىزغا شۇنداق تەنھا كەلدىڭلار، سىلەرگە بىز ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى ئارقاڭلاردا (يەنى دۇنيادا) قويۇپ كەلدىڭلار، (ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك بولۇشتا) ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ گۇمان قىلغان شاپائەتچىڭلارنى سىلەر بىلەن بىللە كۆرمەيمىزغۇ؟ ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى مۇناسىۋەت ھەقىقەتەن ئۈزۈلدى، سىلەر (شاپائەت قىلىدۇ) دەپ گۇمان قىلغان بۇتلار بەربات بولدى). سۈرە «ئەنئام»، 94 ـ ئايەت

«وَجَعَلُواْ لِلّهِ شُرَكَاء الْجِنَّ وَخَلَقَهُمْ وَخَرَقُواْ لَهُ بَنِينَ وَبَنَاتٍ بِغَيْرِ

عِلْمٍ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يَصِفُونَ» (جىنلارنى ئاللاھ ياراتقان تۇرسا،(مۇشرىكلار) جىنلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىشىۋېلىشتى، ئاللاھقا جاھالەتتىن ئوغۇل، قىزلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشتى، ئاللاھ (مۇشرىكلار تۆھمەت قىلغان نەرسىلەردىن) پاكتۇر، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئۈستۈندۇر.) سۈرە «ئەنئام»،100 ـ ئايەت

«لاَّ تُدْرِكُهُ الأَبْصَارُ وَهُوَ يُدْرِكُ الأَبْصَارَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ» (كۆزلەر ئاللاھنى كۆرمەيدۇ،ئاللاھ كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ،ئاللاھ (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر،ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.) سۈرە «ئەنئام»،103 ـ ئايەت

«اتَّبِعْ مَا أُوحِيَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ لا إِلَهَ إِلاَّ هُوَ وَأَعْرِضْ عَنِ الْمُشْرِكِينَ» (ئى مۇھەممەد!) ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان قۇرئانغا ئەمەل قىلغىن.ئاللاھدىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر،مۇشرىكلار بىلەن تەڭ بولمىغىن.) سۈرە «ئەنئام»،106 ـ ئايەت

« سَيَقُولُ الَّذِينَ أَشْرَكُواْ لَوْ شَاء اللّهُ مَا أَشْرَكْنَا وَلاَ آبَاؤُنَا وَلاَ حَرَّمْنَا مِن شَيْءٍ كَذَلِكَ كَذَّبَ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِم حَتَّى ذَاقُواْ بَأْسَنَا قُلْ هَلْ عِندَكُم مِّنْ عِلْمٍ فَتُخْرِجُوهُ لَنَا إِن تَتَّبِعُونَ إِلاَّ الظَّنَّ وَإِنْ أَنتُمْ إَلاَّ تَخْرُصُونَ» (مۇشرىكلار:«ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى،بىز ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق» دەيدۇ.ئۇلاردىن بۇرۇنقى كىشىلەر تاكى (بىزنىڭ ئازابىمىز نازىل بولۇپ) ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر (ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇنداق (يەنى مۇشرىكلار سېنى ئىنكار قىلغاندەك) ئىنكار قىلغان ئىدى. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى،«سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلار بولسا بىزگە كۆرسىتىڭلار ، سىلەر پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىسىلەر،ئاللاھقا پەقەت يالغاننى چاپلايسىلەر».) سۈرە «ئەنئام»،148 ـ ئايەت

«يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِنَّمَا الْمُشْرِكُونَ نَجَسٌ فَلاَ يَقْرَبُواْ الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ بَعْدَ عَامِهِمْ هَذَا وَإِنْ خِفْتُمْ عَيْلَةً فَسَوْفَ يُغْنِيكُمُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ

إِن شَاء إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ حَكِيمٌ» (ئى مۆئمىنلەر! مۇشرىكلار (ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بۇزۇق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر، مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلىدىن)كېيىن ئۇلار مەسجىدى ھەرامغا (يەنى ھەرەمگە) يېقىنلاشمىسۇن (يەنى ھەج قىلمىسۇن، ئۆمرە قىلمىسۇن). ئەگەر سىلەر (ئى مۆئمىنلەر! مۇشرىكلارنىڭ ھەرەمگە كىرىشتىن مەنئى قىلىنىشى بىلەن) پېقىرلىقتىن قورقساڭلار، ئاللاھ خالىسا ئۆز پەزلى بىلەن سىلەرنى باي قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (سىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.) سۈرە «تەۋبە»، 28 ـ ئايەت

«وَيَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللّهِ مَا لاَ يَضُرُّهُمْ وَلاَ يَنفَعُهُمْ وَيَقُولُونَ هَؤُلاء شُفَعَاؤُنَا عِندَ اللّهِ قُلْ أَتُنَبِّئُونَ اللّهَ بِمَا لاَ يَعْلَمُ فِي السَّمَاوَاتِ وَلاَ فِي الأَرْضِ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ» (ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، «بۇلار (يەنى بۇتلار) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار»دېيىشىدۇ، ئەجەبا، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا بۇنداق نەرسە (يەنى ئاللاھنىڭ شېرىكى ياكى شاپائەت قىلغۇچى) بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ بىلمەي قېلىپ، سىلەر ئاللاھقا ئۇنى ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر.) سۈرە «يۇنۇس»، 18 ـ ئايەت

«وَالَّذِينَ كَسَبُواْ السَّيِّئَاتِ جَزَاء سَيِّئَةٍ بِمِثْلِهَا وَتَرْهَقُهُمْ ذِلَّةٌ مَّا لَهُم مِّنَ اللّهِ مِنْ عَاصِمٍ كَأَنَّمَا أُغْشِيَتْ وُجُوهُهُمْ قِطَعًا مِّنَ اللَّيْلِ مُظْلِمًا أُوْلَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ» (دۇنيادا يامان ئىش قىلغۇچىلار (بىر يامانلىقنى قىلسا، قىلغان يامانلىقىغا) ئوخشاش (يەنى شۇنىڭغا لايىق) جازاغا ئۇچرايدۇ، ئۇلار خارلىققا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى زادى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى گويا قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىسى بىلەن ئورالغاندەك قارىيىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئەھلى دوزەخ بولۇپ، دوزەختە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.) سۈرە «يۇنۇس»، 28 ـ ئايەت

« وَمَا يَتَّبِعُ أَكْثَرُهُمْ إِلاَّ ظَنًّا إَنَّ الظَّنَّ لاَ يُغْنِي مِنَ الْحَقِّ شَيْئًا إِنَّ اللّهَ عَلَيمٌ بِمَا يَفْعَلُونَ» ( ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇتلارغا ئېتىقاد قىلىشتا) پەقەت پەرەزگىلا تايىنىدۇ، پەرەز دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا ھەقىقەتەن ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.) سۈرە «يۇنۇس»، 36 ـ ئايەت

«أَلا إِنَّ لِلّهِ مَن فِي السَّمَاوَات وَمَن فِي الأَرْضِ وَمَا يَتَّبِعُ الَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِ اللّهِ شُرَكَاء إِن يَتَّبِعُونَ إِلاَّ الظَّنَّ وَإِنْ هُمْ إِلاَّ يَخْرُصُونَ» ( راستىنلا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، بەندىسىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر). ئاللاھنى قويۇپ، بۇتلارغا چوقۇنىدىغانلار پەقەت يوقلاڭ پەرەزگىلا تايىنىدۇ، ئۇلار پەقەت جۆيلۈيدۇ.) سۈرە «يۇنۇس»، 66 ـ ئايەت

«قَالُواْ اتَّخَذَ اللّهُ وَلَدًا سُبْحَانَهُ هُوَ الْغَنِيُّ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَات وَمَا فِي الأَرْضِ إِنْ عِندَكُم مِّن سُلْطَانٍ بِهَذَا أَتقُولُونَ عَلَى اللّهِ مَا لاَ تَعْلَمُونَ» ((ئۇلار (يەنى كافىرلار):«ئاللاھنىڭ بالىسى بار»دېيىشتى، ئاللاھ (بۇنىڭدىن) پاكتۇر، بىھاجەتتۇر (يەنى بالا قىلىۋېلىش ئېھتىياج ئۈچۈن بولىدۇ،ئاللاھ بولسا ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەستۇر)، ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، (ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەن) بۇ سۆزۈڭلارغا ھېچ قانداق پاكىتىڭلار يوق، سىلەر بىلمەيدىغان ئىشلارنى يالغاندىن ئاللاھقا چاپلامسىلەر؟) سۈرە «يۇنۇس»، 68 ـ ئايەت

«قُلْ إِنَّ الَّذِينَ يَفْتَرُونَ عَلَى اللّهِ الْكَذِبَ لاَ يُفْلِحُونَ» ((ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى،«ئاللاھقا يالغاننى چاپلايدىغانلار ھەقىقەتەن (دەۋزەخ ئازابىدىن) قۇتۇلالمايدۇ».) سۈرە «يۇنۇس»، 69 ـ ئايەت

«مَتَاعٌ فِي الدُّنْيَا ثُمَّ إِلَيْنَا مَرْجِعُهُمْ ثُمَّ نُذِيقُهُمُ الْعَذَابَ الشَّدِيدَ بِمَا كَانُواْ يَكْفُرُونَ» (ئۇلار بۇ دۇنيادىن(ئازغىنا ۋاقىتلا) بەھرىمەن

بولىدۇ ، ئاندىن ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ ،
ئاندىن كافىر بولغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارغا قاتتىق ئازاپنى تېتىتىمىز .) سۈرە «يۇنۇس» ، 70 ـ ئايەت

«أَفَمَنْ هُوَ قَآئِمٌ عَلَى كُلِّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ وَجَعَلُواْ لِلّهِ شُرَكَاء قُلْ سَمُّوهُمْ أَمْ تُنَبِّئُونَهُ بِمَا لاَ يَعْلَمُ فِي الأَرْضِ أَم بِظَاهِرٍ مِّنَ الْقَوْلِ بَلْ زُيِّنَ لِلَّذِينَ كَفَرُواْ مَكْرُهُمْ وَصُدُّواْ عَنِ السَّبِيلِ وَمَن يُضْلِلِ اللّهُ فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ» (ھەر ـ بىر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى ئاللاھ (بۇتلارغا ئوخشامدۇ؟) ئۇلار بۇتلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلدى. ئۇلارغا: «بۇتلارنىڭ ناملىرىنى ئاتاپ بېقىڭلار، يەر يۈزىدە ئاللاھ بىلمەيدىغان نەرسىلەر باردەك، سىلەر ئۇلارنى ئاللاھقا ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟ ياكى قۇرۇق گۇمان بىلەن (ئۇلارنى ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەۋاتامسىلەر؟» دېگىن. بەلكى كافىرلارغا ئۇلارنىڭ كۇفرى چىرايلىق كۆرسىتىلدى، ئۇلار توغرا يولدىن مەنئى قىلىندى. ئاللاھ گۇمراھ قىلغان ئادەمگە ھېچ قانداق ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ.) سۈرە «رەئىد» ،33 ـ ئايەت

«لَّهُمْ عَذَابٌ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَلَعَذَابُ الآخِرَةِ أَشَقُّ وَمَا لَهُم مِّنَ اللّهِ مِن وَاقٍ» ( ئۇلار بۇ دۇنيادا ئازاپقا دۇچار بولىدۇ، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ. ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىغۇچى بولمايدۇ.) سۈرە «رەئىد» ،34 ـ ئايەت

« وَقَالَ الَّذِينَ أَشْرَكُواْ لَوْ شَاء اللّهُ مَا عَبَدْنَا مِن دُونِهِ مِن شَيْءٍ نَّحْنُ وَلا آبَاؤُنَا وَلاَ حَرَّمْنَا مِن دُونِهِ مِن شَيْءٍ كَذَلِكَ فَعَلَ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ فَهَلْ عَلَى الرُّسُلِ إِلاَّ الْبَلاغُ الْمُبِينُ» (مۇشرىكلار: «مۇبادا ئاللاھ خالىغان بولسا، بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئاللاھنى قويۇپ ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان بولاتتۇق، ئاللاھ ھارام قىلمىغان (يەنى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىسىز) ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمىغان بولاتتۇق»دېدى. ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ ئەنە شۇنداق قىلغان ئىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ

مەسئۇلىيتى پەقەت روشەن تەبلىغ قىلىشتىنلا ئىبارەت (ھىدايەت قىلىش بولسا ئاللاھنىڭ ئىشىدۇر).) سۈرە «نەھل»، 35 ـ ئايەت

«وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولاً أَنِ اعْبُدُواْ اللّهَ وَاجْتَنِبُواْ الطَّاغُوتَ فَمِنْهُم مَّنْ هَدَى اللّهُ وَمِنْهُم مَّنْ حَقَّتْ عَلَيْهِ الضَّلالَةُ فَسِيرُواْ فِي الأَرْضِ فَانظُرُواْ كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الْمُكَذِّبِينَ» (بىز ھەقىقەتەن ھەر ـ بىر ئۈممەتكە:«ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا،كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار»دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ھىدايەت قىلغانلىرىمۇ بار، گۇمراھلىققا تېگىشلىك بولغانلىرىمۇ بار. يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلار ـ نىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزىتىڭلار.) سۈرە «نەھل»، 36 ـ ئايەت

«وَيَجْعَلُونَ لِلّهِ الْبَنَاتِ سُبْحَانَهُ وَلَهُم مَّا يَشْتَهُونَ» (ئۇلار ئاللاھقا قىزلارنى نىسبەت بېرىدۇ، ئاللاھ (بۇنداق بوھتاندىن) پاكتۇر، ئۇلار ئۆزى ئارزۇ قىلىدىغانلىرىنى ئۆزلىرىگە نىسبەت بېرىدۇ.) سۈرە «نەھل»،57 ـ ئايەت

« وَيَجْعَلُونَ لِلّهِ مَا يَكْرَهُونَ وَتَصِفُ أَلْسِنَتُهُمُ الْكَذِبَ أَنَّ لَهُمُ الْحُسْنَى لاَ جَرَمَ أَنَّ لَهُمُ النَّارَ وَأَنَّهُم مُّفْرَطُونَ» ( ئۇلار ئۆزلىرى يامان كۆرىدىغاننى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىدۇ، ئۇلار ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقى بىلەن جۆيلۈيدۇ، شۈبھىسىزكى، ئۇلار دەۋزەخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلار (دەۋزەختە) تاشلىنىپ قالغۇچىلاردۇر.) سۈرە «نەھل»،62 ـ ئايەت

«وَاللّهُ جَعَلَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا وَجَعَلَ لَكُم مِّنْ أَزْوَاجِكُم بَنِينَ وَحَفَدَةً وَرَزَقَكُم مِّنَ الطَّيِّبَاتِ أَفَبِالْبَاطِلِ يُؤْمِنُونَ وَبِنِعْمَتِ اللّهِ هُمْ يَكْفُرُونَ» ( ئاللاھ سىلەر (نىڭ ئۈنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار)ئۈچۈن خوتۇنۇڭلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن ئۇلاردىن ئوغۇل ـ ـلارنى ۋە نەۋرىلەرنى ياراتتى. سىلەرگە تۈرلۈك شېرىن نەرسىلەرنى رىزق

قىلىپ بەردى. ئۇلار باتىلغا (يەنى بۇتلارغا) ئىشىنىپ ئاللاھنىڭ نېئمىتىگە كۇفرىلىق قىلامدۇ؟) سۈرە «نەھل»، 72 ـ ئايەت

«وَيَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللّهِ مَا لاَ يَمْلِكُ لَهُمْ رِزْقًا مِّنَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ شَيْئًا وَلاَ يَسْتَطِيعُونَ» (ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە ئاسمانلاردىن ھېچقانداق رىزىق چۈشۈرۈپ ۋە يەردىن ھېچقانداق رىزىق چىقىرىپ (يەنى ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ۋەيەردىن زىرائەت ۋە دەل ـ دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈپ) بېرەلمەيدىغان، (شۇنداق قىلىشقا) قۇدرىتى يەتمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنامدۇ؟) سۈرە «نەھل»، 73 ـ ئايەت

«لاَّ تَجْعَل مَعَ اللّهِ إِلَهًا آخَرَ فَتَقْعُدَ مَذْمُومًا مَّخْذُولاً» (ئاللاھقا باشقا مەبۇدنى (شېرىك) قىلمىغىن، (ئۇنداق قىلساڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) ئەيىبلەنگەن، (ئاللاھنىڭ ياردىمىدىن) مەھرۇم بولغان ھالدا (دەۋزەختە ھەمىشە) قالىسەن.) سۈرە «ئىسرا»، 22 ـ ئايەت

« ذَلِكَ مِمَّا أَوْحَى إِلَيْكَ رَبُّكَ مِنَ الْحِكْمَةِ وَلاَ تَجْعَلْ مَعَ اللّهِ إِلَهًا آخَرَ فَتُلْقَى فِي جَهَنَّمَ مَلُومًا مَّدْحُورًا» (بۇلار پەرۋەردىگارىڭ ساڭا ۋەھى قىلغان ھېكمەتلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر، ئاللاھقا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلمىغىن، بولمىسا مالامەت قىلىنغان، (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا جەھەننەمگە تاشلىنىسەن.) سۈرە «ئىسرا»، 39 ـ ئايەت

«أَفَأَصْفَاكُمْ رَبُّكُم بِالْبَنِينَ وَاتَّخَذَ مِنَ الْمَلآئِكَةِ إِنَاثًا إِنَّكُمْ لَتَقُولُونَ قَوْلاً عَظِيمًا» (ئەجەبا ئاللاھ سىلەرگە ئوغۇللارنى خاس قىلىپ، پەرىشتىلەرنى ئۆزىنىڭ قىزلىرى قىلىۋالغانمۇ؟ ھەقىقەتەن سىلەر چوڭ سۆزنى قىلىۋاتىسىلەر.) سۈرە «ئىسرا»، 40 ـ ئايەت

«قُل لَّوْ كَانَ مَعَهُ آلِهَةٌ كَمَا يَقُولُونَ إِذًا لاَّبْتَغَوْاْ إِلَى ذِي الْعَرْشِ سَبِيلاً» (مۇشرىكلار ئېيتقاندەك، ئاللاھ بىلەن بىرگە يەنە باشقا ئىلاھلار بولغان تەقدىردە، ئەرش ئىگىسى (ئاللاھ ئۈستىدىن) غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە يول ئىزدىگەن بولاتتى.) سۈرە «ئىسرا»، 42 ـ ئايەت

«سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يَقُولُونَ عُلُوًّا كَبِيرًا» (ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ ـ لارنىڭ بوھتان سۆزلىرىدىن يۇكسەك دەرىجىدە ئالىيدۇر.) سۈرە «ئىسـ ـرا» ، 43 ـ ئايەت

«تُسَبِّحُ لَهُ السَّمَاوَاتُ السَّبْعُ وَالأَرْضُ وَمَن فِيهِنَّ وَإِن مِّن شَيْءٍ إِلاَّ يُسَبِّحُ بِحَمْدَهِ وَلَكِن لاَّ تَفْقَهُونَ تَسْبِيحَهُمْ إِنَّهُ كَانَ حَلِيمًا غَفُورًا» (يەتتە قات ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار ئاللاھنى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، ئاللاھنى پاك دەپ مەدھىيلەيدۇ (يەنى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى سۆزلەيدۇ)، لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر، ئاللاھ ھەقىقەتەن (بەندىلىرىگە) ھەلىمدۇر(يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر.) سۈرە «ئىسرا» ، 44 ـ ئايەت

«وَقُلِ الْحَمْدُ لِلّهِ الَّذِي لَمْ يَتَّخِذْ وَلَدًا وَلَم يَكُن لَّهُ شَرِيكٌ فِي الْمُلْكِ وَلَمْ يَكُن لَّهُ وَلِيٌّ مِّنَ الذُّلَّ وَكَبِّرْهُ تَكْبِيرًا» (ئېيتقىنكى، «جىمى ھەمدۇ ـ سانا بالىسى بولۇشتىن پاك بولغان، سەلتەنىتىدە شېرىكى بولمىغان، خارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دوستقا مۇھتاج بولمىغان (يەنى خار بولمىغان، ياردەمچىگە مۇھتاج بولمىغان) ئاللاھقا خاستۇر! ئاللاھنى مۇكەممەل رەۋىشتە ئۇلۇغلىغىن».) سۈرە «ئىسرا» ، 111 ـ ئايەت

«مَا كَانَ لِلَّهِ أَن يَتَّخِذَ مِن وَلَدٍ سُبْحَانَهُ إِذَا قَضَى أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُ كُن فَيَكُونُ» («ئاللاھنىڭ شەنىگە بالىسى بولۇش لايىق ئەمەس، ئاللاھ (بالىدىن، شېرىكتىن) پاكتۇر، ئاللاھ بىرەر ئىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا < ۋۇجۇتقا كەل > دەيدۇ، ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.) سۈرە «مەريەم» ، 35 ـ ئايەت

«وَقَالُوا اتَّخَذَ الرَّحْمَنُ وَلَدًا »، «لَقَدْ جِئْتُمْ شَيْئًا إِدًّا» (ئۇلار: ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دېيىشتى.)،( سىلەر شەك ـ شۈبھىسىزكى قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار.) سۈرە «مەريەم» ، 88 ـ 89 ـ ئايەت

«بَلْ نَقْذِفُ بِالْحَقِّ عَلَى الْبَاطِلِ فَيَدْمَغُهُ فَإِذَا هُوَ زَاهِقٌ وَلَكُمُ الْوَيْلُ مِمَّا تَصِفُونَ» (بىز ھەق ئارقىلىق باتىلغا ھۇجۇم قىلىمىز، ھەق باتىلنى يوقىتىدۇ، باتىل ناگاھان يوقىلىدۇ، (ئى كۇففارلار جامائەسى! ئاللاھنى بالىسى بار، خوتۇنى بار دەپ) سۈپەتلىگەن سۆزۈڭلاردىن سىلەرگە ۋاي!) سۈرە «ئەنبىيا»، 18 ـ ئايەت

«وَمَن يَقُلْ مِنْهُمْ إِنِّي إِلَهٌ مِّن دُونِهِ فَذَلِكَ نَجْزِيهِ جَهَنَّمَ كَذَلِكَ نَجْزِي الظَّالِمِينَ» (ئۇلاردىن كىمكى، مەن ئاللاھتىن باشقا ئىلاھمەن، دەيدىكەن، ئۇنى دوزاخ بىلەن جازالايمىز، زالىملارنى شۇنداق جازا ـ لايمىز.) سۈرە «ئەنبىيا»، 29 ـ ئايەت

«حُنَفَاء لِلَّهِ غَيْرَ مُشْرِكِينَ بِهِ وَمَن يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَكَأَنَّمَا خَرَّ مِنَ السَّمَاء فَتَخْطَفُهُ الطَّيْرُ أَوْ تَهْوِي بِهِ الرِّيحُ فِي مَكَانٍ سَحِيقٍ» (ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك، ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ.) سۈرە «ھەج»، 31 ـ ئايەت

«وَلِكُلِّ أُمَّةٍ جَعَلْنَا مَنسَكًا لِيَذْكُرُوا اسْمَ اللَّهِ عَلَى مَا رَزَقَهُم مِّن بَهِيمَةِ الْأَنْعَامِ فَإِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ فَلَهُ أَسْلِمُوا وَبَشِّرِ الْمُخْبِتِينَ» (ھەر ئۈممەت ئاللاھ ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋىلارنى (شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن قۇربانلىق قىلغانلىرىدا) ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتسۇن دەپ، ئۇلارغا قۇربانلىقنى بەلگىلىدۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار، ئىتائەتمەنلەرگە خۇشخەۋەر بەرگىن.) سۈرە «ھەج»، 34 ـ ئايەت

«وَيَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللَّهِ مَا لَمْ يُنَزِّلْ بِهِ سُلْطَانًا وَمَا لَيْسَ لَهُم بِهِ عِلْمٌ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِن نَّصِيرٍ» (ئۇلار (يەنى قۇرەيش كۇففارلىرى) ئاللاھنى قويۇپ، (ئىبادەت قىلىشنىڭ دۇرۇسلىغىغا) ئاللاھ ھېچ قانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرگە ۋە ئۆزلىرى بىلمەيدىغان نەرسىلەرگە

(يەنى بۇتلارغا) چوقۇنىدۇ، زالىملارغا ھېچ قانداق مەدەتكار يوق.) سۈرە «ھەج»، 71 ـ ئايەت

«مَا اتَّخَذَ اللَّهُ مِن وَلَدٍ وَمَا كَانَ مَعَهُ مِنْ إِلَهٍ إِذًا لَّذَهَبَ كُلُّ إِلَهٍ بِمَا خَلَقَ وَلَعَلَا بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ سُبْحَانَ اللَّهِ عَمَّا يَصِفُونَ» (ئاللاھنىڭ بالىسى يوق، ئۇنىڭغا باراۋەر باشقا بىر ئىلاھمۇ يوق، ئەگەر بۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز ئىگىلەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن غالىب كېلەتتى،ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئاللاھقا نىسبەت بەرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر.) سۈرە «مۇئمىنۇن»، 91 ـ ئايەت

«عَالِمِ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ فَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ» (ئاللاھ غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلە ـ ـرىدىن ئۈستۈندۇر.) سۈرە «مۇئمىنۇن»، 92 ـ ئايەت

«قُلْ أَرُونِي الَّذِينَ أَلْحَقْتُم بِهِ شُرَكَاء كَلَّا بَلْ هُوَ اللَّهُ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ» (ئېيتقىنكى، «ماڭا ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ شېرىكى دەپ ئاتىۋالغىنىڭلار ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇ ـ ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر».) سۈرە «سەبەئ»، 27 ـ ئايەت

«تَبَارَكَ الَّذِي نَزَّلَ الْفُرْقَانَ عَلَى عَبْدِهِ لِيَكُونَ لِلْعَالَمِينَ نَذِيرًا» (پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر.) سۈرە «فۇرقان»، 1 ـ ئايەت

«الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَلَمْ يَتَّخِذْ وَلَدًا وَلَمْ يَكُن لَّهُ شَرِيكٌ فِي الْمُلْكِ وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ فَقَدَّرَهُ تَقْدِيرًا» (ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنىڭ بالىسى يوقتۇر، پادىشاھلىقتا شېرىكىمۇ يوقتۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى.) سۈرە «فۇرقان»، 2 ـ ئايەت

«قُلِ الْحَمْدُ لِلَّهِ وَسَلَامٌ عَلَى عِبَادِهِ الَّذِينَ اصْطَفَى آللَّهُ خَيْرٌ أَمَّا يُشْرِكُونَ» ( «جمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر! ئۇنىڭ (پەيغەمبەر ـ لىككە) تاللىغان بەندىلىرىگە ئامانلىق تىلەيمەن!» دېگىن. ئاللاھ ياخشىمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرى ياخشىمۇ؟) سۈرە «نەمل» ، 59 ـ ئايەت

«قُل لَّا يَعْلَمُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ الْغَيْبَ إِلَّا اللَّهُ وَمَا يَشْعُرُونَ أَيَّانَ يُبْعَثُونَ» (ئاللاھتىن باشقا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر غەيبنى بىلمەيدۇ، ئۇلار (يەنى خالايىق) قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقلىرىنى بىلمەيدۇ.) سۈرە «نەمل» ، 65 ـ ئايەت

«وَيَوْمَ يُنَادِيهِمْ فَيَقُولُ أَيْنَ شُرَكَائِيَ الَّذِينَ كُنتُمْ تَزْعُمُونَ» (شۇ كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا: «سىلەر گۇمان قىلغان مېنىڭ شېرىكلىرىم قە ـ يەردە؟» دەپ نىدا قىلىدۇ.) سۈرە «قەسەس» ، 62 ـ ئايەت

«وَنَزَعْنَا مِن كُلِّ أُمَّةٍ شَهِيدًا فَقُلْنَا هَاتُوا بُرْهَانَكُمْ فَعَلِمُوا أَنَّ الْحَقَّ لِلَّهِ وَضَلَّ عَنْهُم مَّا كَانُوا يَفْتَرُونَ» (بىز ھەر ئۈممەتتىن (ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان) بىر گۇۋاھچى (يەنى پەيغەمبەر) نى چىقىرىمىز، پاكىتلارنى كۆرۈڭلار دەيمىز، ئۇلار ھەقىقەتنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئاندىن بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىلىرى (يەنى مەبۇدلىرى) ئۆزلىرىنى ئۇلاردىن چەتكە ئالىدۇ.) سۈرە «قەسەس» ، 75 ـ ئايەت

«وَلَا تَدْعُ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ كُلُّ شَيْءٍ هَالِكٌ إِلَّا وَجْهَهُ لَهُ الْحُكْمُ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ» ( ئاللاھقا قوشۇپ باشقا بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلما، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھنىڭ زاتىدىن باشقا بارلىق نەرسە يوقىلىدۇ، (مەخلۇقاتتا ئىجرا بولىدىغان) ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر، سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.) سۈرە «قەسەس» ، 88 ـ ئايەت

«اللَّهُ الَّذِي خَلَقَكُمْ ثُمَّ رَزَقَكُمْ ثُمَّ يُمِيتُكُمْ ثُمَّ يُحْيِيكُمْ هَلْ مِن شُرَكَائِكُم مَّن يَفْعَلُ مِن ذَلِكُم مِّن شَيْءٍ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا

يُشْرِكُونَ» ( ئاللاھ سىلەرنى خەلق ئەتتى، ئاندىن سىلەرگە رىزق بەردى. ئاندىن سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدۇ، ئاندىن سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، شېرىك كەلتۈرگەنلىرىڭلاردىن قايسىسى بۇ ئىشلارنىڭ قايسى بىرىنى قىلالايدۇ، ئاللاھ پاكتۇر، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئالىيدۇر.) سۈرە «رۇم»، 40 ـ ئايەت

«إِنَّ إِلَهَكُمْ لَوَاحِدٌ» ( سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار شەك ـ شۈبھىسىز بىر ئىلاھتۇر.) سۈرە «سافقات»، 4 ـ ئايەت

«رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا وَرَبُّ الْمَشَارِقِ» ( (ئۇ) ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ۋە مەشرىقلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.) سۈرە «سافقات»، 4 ـ ئايەت

«فَاسْتَفْتِهِمْ أَلِرَبِّكَ الْبَنَاتُ وَلَهُمُ الْبَنُونَ» ( (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى ئەھلى مەككە) دىن سوراپ باققىنكى، قىزلار پەرۋەردىگارىڭغا ، ئوغۇللار ئۇلارغا مەنسۇپمۇ؟) سۈرە «سافقات»، 149 ـ ئايەت

«إِلَّا مَنْ هُوَ صَالِ الْجَحِيمِ» ( (ئى كافىرلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەر (ئاللاھ) دەۋزەخكە كىرىشنى (پۈتۈۋەتكەن) كىشىدىن باشقا ھېچ ئەھەدىنى ئازدۇرالمايسىلەر، سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارمۇ ئازدۇرالمايدۇ.) سۈرە «سافقات»، 163 ـ ئايەت

«لَوْ أَرَادَ اللَّهُ أَنْ يَتَّخِذَ وَلَدًا لَّاصْطَفَى مِمَّا يَخْلُقُ مَا يَشَاءُ سُبْحَانَهُ هُوَ اللَّهُ الْوَاحِدُ الْقَهَّارُ» (ئەگەر ئاللاھ بالا تۇتۇشنى خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، مەخلۇقات ئىچىدىن خالىغاننى ئىختىيار قىلاتتى، ئاللاھ (بالا تۇتۇشتىن) پاكتۇر، ئۇ غالىپ بىر ئاللاھتۇر. ) سۈرە «زۇمەر»، 4 ـ ئايەت

«قُلِ اللَّهَ أَعْبُدُ مُخْلِصًا لَّهُ دِينِي» (ئېيتقىنكى، «دىنىمنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمەن.) سۈرە «زۇمەر»، 14 ـ ئايەت

«فَاعْبُدُوا مَا شِئْتُم مِّن دُونِهِ قُلْ إِنَّ الْخَاسِرِينَ الَّذِينَ خَسِرُوا أَنفُسَهُمْ وَأَهْلِيهِمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَلَا ذَلِكَ هُوَ الْخُسْرَانُ الْمُبِينُ» (سىلەر ئاللاھتىن باشقا خالىغىنىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار!» ئېيتقىنكى،

«قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى زىيان تارتقۇزغۇچىلار قاتتىق زىيان تارتقۇچىلاردۇر، بىلىڭلاركى، ئەنە شۇ روشەن زىياندۇر.) سۈرە «زۇمەر»، 15 ـ ئايەت

«وَلَقَدْ ضَرَبْنَا لِلنَّاسِ فِي هَذَا الْقُرْآنِ مِن كُلِّ مَثَلٍ لَّعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ» (بىز كىشىلەرنى ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، بۇ قۇرئاندا ئۇلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق.) سۈرە «زۇمەر»، 27 ـ ئايەت

«ضَرَبَ اللَّهُ مَثَلًا رَّجُلًا فِيهِ شُرَكَاء مُتَشَاكِسُونَ وَرَجُلًا سَلَمًا لِّرَجُلٍ هَلْ يَسْتَوِيَانِ مَثَلًا الْحَمْدُ لِلَّهِ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَايَعْلَمُونَ» (ئاللاھ (سىلەرگە مۇنداق) بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: بىر قۇل بولۇپ، ئۇنىڭغا (ئىشقا سېلىشنى) تالىشىدىغان نۇرغۇن خوجايىنلار ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ (بىرسى بۇ ئىشقا، بىرسى ئۇ ئىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇ كىمنى رازى قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ)، يەنە بىر قۇل بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمگىلا خاستۇر، بۇ ئىككى قۇل (يەنى ئۇنىڭ ئەھۋالى) باراۋەرمۇ؟ جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر! بەلكى ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ تولىسى بىلمەيـــــــدۇ.) سۈرە «زۇمەر»، 29 ـ ئايەت

«فَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن كَذَبَ عَلَى اللَّهِ وَكَذَّبَ بِالصِّدْقِ إِذْ جَاءهُ أَلَيْسَ فِي جَهَنَّمَ مَثْوًى لِّلْكَافِرِينَ» (ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغان، نازىل بولغان راست سۆزنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ جەھەننەمدە كافىرلارغا ئورۇن يوقمۇ؟) سۈرە «زۇمەر»، 32 ـ ئايەت

«أَلَيْسَ اللَّهُ بِكَافٍ عَبْدَهُ وَيُخَوِّفُونَكَ بِالَّذِينَ مِن دُونِهِ وَمَن يُضْلِلِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ» (ئاللاھ بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوغداشقا ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە) يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇلار سېنى ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلار بىلەن قورقىتىدۇ، ئاللاھ گۇمراھ قىلغان ئادەمنى ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ.) سۈرە «زۇمەر»، 36 ـ ئايەت

«وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ قُلْ

أَفَرَأَيْتُم مَّا تَدْعُونَ مِن دُونِ اللَّهِ إِنْ أَرَادَنِيَ اللَّهُ بِضُرٍّ هَلْ هُنَّ كَاشِفَاتُ ضُرِّهِ أَوْ أَرَادَنِي بِرَحْمَةٍ هَلْ هُنَّ مُمْسِكَاتُ رَحْمَتِهِ قُلْ حَسْبِيَ اللَّهُ عَلَيْهِ يَتَوَكَّلُ الْمُتَوَكِّلُونَ» (ئەگەر ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان» دەپ سورىساڭ، شۈبھىسىزكى، ئۇلار: «ئاللاھ ياراتقان» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئاللاھ ماڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دەپئى قىلىشقا، يا ئاللاھ ماڭا رەھمەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى توسۇۋېلىشقا، ئاللاھتىن باشقا سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان مەبۇدلار قادىر بولالامدۇ؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار ـ چۇ؟» ئېيتقىنكى، «ماڭا ئاللاھ كۇپايىدۇر، تەۋەككۇل قىلغۇچىلار ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن) ».) سۈرە «زۇمەر»، **38** ـ ئايەت

«أَمِ اتَّخَذُوا مِن دُونِ اللَّهِ شُفَعَاء قُلْ أَوَلَوْ كَانُوا لَا يَمْلِكُونَ شَيْئًا وَلَا يَعْقِلُونَ» ((ئۇلار پىكىر يۈرگۈزمىدى) بەلكى ئاللاھنى قويۇپ، (بۇتلاردىن) شاپائەتچىلەرنى تۇتتى. ئېيتقىنكى، «ئۇلار (يەنى شاپا ـ ئەتچى قىلىنغان بۇتلار) ھېچ نەرسىگە قادىر بولالمايدىغان ۋە (ھېچ نەرسىنى) سەزمەيدىغان تۇرسىمۇ (ئۇلارنى شاپائەتچى تۇتامدۇ؟).) سۈرە «زۇمەر»، **43** ـ ئايەت

«قُلِ اللَّهُمَّ فَاطِرَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ عَالِمَ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ أَنتَ تَحْكُمُ بَيْنَ عِبَادِكَ فِي مَا كَانُوا فِيهِ يَخْتَلِفُونَ» (ئېيتقىنكى، «ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، يوشۇرۇننى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى ئاللاھ! سەن بەندىلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىسەن».) سۈرە «زۇمەر»، **46** ـ ئايەت

«قُلْ أَفَغَيْرَ اللَّهِ تَأْمُرُونِّي أَعْبُدُ أَيُّهَا الْجَاهِلُونَ» ((ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى نادانلار! مېنى ئاللاھتىن غەيرىگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇمسىلەر؟».) سۈرە «زۇمەر»، **64** ـ ئايەت

«وَمَا قَدَرُوا اللَّهَ حَقَّ قَدْرِهِ وَالْأَرْضُ جَمِيعًا قَبْضَتُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ

وَالسَّماوَاتُ مَطْوِيَّاتٌ بِيَمِينِهِ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ» (ئۇلار ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار ئاللاھنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسە ـ لىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.) سۈرە «زۇمەر»، 67 ـ ئايەت

«قُلْ إِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يُوحَى إِلَيَّ أَنَّمَا إِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ فَاسْتَقِيمُوا إِلَيْهِ وَاسْتَغْفِرُوهُ وَوَيْلٌ لِّلْمُشْرِكِينَ» (سەن (ئۇ مۇشرىكلارغا): «مەن سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمەن، ماڭا، ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، دەپ ۋەھى قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا (ئىمان ۋە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن) يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن مەغفىرەت تىلەڭلار!» دېگىن، مۇشرىكلارغا ۋاي!) سۈرە «فۇسسىلەت»، 6 ـ ئايەت

«الَّذِينَ لَا يُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَهُم بِالْآخِرَةِ هُمْ كَافِرُونَ» (ئۇلار زاكات بەرمەيدۇ، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ.) سۈرە «فۇسسىلەت»، 7 ـ ئايەت

«قُلْ أَئِنَّكُمْ لَتَكْفُرُونَ بِالَّذِي خَلَقَ الْأَرْضَ فِي يَوْمَيْنِ وَتَجْعَلُونَ لَهُ أَندَادًا ذَلِكَ رَبُّ الْعَالَمِينَ» ((سەن ئۇلارغا) «سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان ئاللاھنى ئىنكار قىلامسىلەر ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈ ـ رەمسىلەر؟ ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر» دېگىن.) سۈرە «فۇسسىلەت»، 9 ـ ئايەت

«وَمِنْ آيَاتِهِ اللَّيْلُ وَالنَّهَارُ وَالشَّمْسُ وَالْقَمَرُ لَا تَسْجُدُوا لِلشَّمْسِ وَلَا لِلْقَمَرِ وَاسْجُدُوا لِلَّهِ الَّذِي خَلَقَهُنَّ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ» (كېچە بىلەن كۈندۈز، كۈن بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، قۇياشقا سەجدە قىلماڭلار، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئۇلارنى ياراتقان ئاللاھقا سەجدە قىلىڭلار، ئەگەر پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار.) سۈرە «فۇسسىلەت»، 37 ـ ئايەت

«فَإِنِ اسْتَكْبَرُوا فَالَّذِينَ عِندَ رَبِّكَ يُسَبِّحُونَ لَهُ بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ

وَهُمْ لَا يَسْأَمُونَ» (ئەگەر كۇففارلار چوڭچىلىق قىلىپ (ئاللاھقا سەجدە قىلىشتىن) باش تارتسا، پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) كېچە ـ كۈندۈز ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇلار مالال بولۇپ قالمايدۇ.) سۈرە «فۇسسىلەت»، 38 ـ ئايەت

«مَا يُقَالُ لَكَ إِلَّا مَا قَدْ قِيلَ لِلرُّسُلِ مِن قَبْلِكَ إِنَّ رَبَّكَ لَذُو مَغْفِرَةٍ وَذُو عِقَابٍ أَلِيمٍ» (ساڭا (مۇشرىكلار تەرىپىدىن) ئېيتىلىدىغان سۆزلەر پەقەت ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە (قەۋملىرى تەرىپىدىن) ئېيتىلغان سۆزلەردۇر، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ مەغفىرەت ئىگىسىدۇر ۋە قاتتىق ئازاب ئىگىسىدۇر.) سۈرە «فۇسسىلەت»، 43 ـ ئايەت

«وَلَا تَجْعَلُوا مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ إِنِّي لَكُم مِّنْهُ نَذِيرٌ مُّبِينٌ» (سىلەر باشقا مەبۇدنى ئاللاھقا شېرىك قىلماڭلار، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ تەرىپىدىن (كەلگەن) ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن».) سۈرە «زارىيات»، 51 ـ ئايەت

«لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ يُحْيِي وَيُمِيتُ رَبُّكُمْ وَرَبُّ آبَائِكُمُ الْأَوَّلِينَ» (ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنىڭ) جېنىنى ئالالايدۇ، ئۇ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئىلـ ـ ـگىرىكى ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.) سۈرە «دۇخان»، 8 ـ ئايەت

«بَلْ هُمْ فِي شَكٍّ يَلْعَبُونَ» (ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار ھەقىقى ئىشەنگۈچىلەر ئەمەس)، بەلكى ئۇلار (قىيامەتتىن) شەكتە بولۇپ (ھە ـ قنقى ئىستىھزا قىلىپ) ئوينايدۇ.) سۈرە «دۇخان»، 9 ـ ئايەت

« سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ» (ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتتى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھىكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.)
سۈرە «ھاشىر»، 1 ـ ئايەت

«هُوَ اللَّهُ الَّذِي لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ هُوَ الرَّحْمَنُ الرَّحِيمُ» (ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

(يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر.) سۈرە «ھاشىر»، 22 ـ ئايەت

«هُوَ اللَّهُ الْخَالِقُ الْبَارِئُ الْمُصَوِّرُ لَهُ الْأَسْمَاء الْحُسْنَى يُسَبِّحُ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ» (ئاللاھ (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمان ـ لاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.) سۈرە «ھاشىر»، 24 ـ ئايەت

«وَأَنَّهُ تَعَالَى جَدُّ رَبِّنَا مَا اتَّخَذَ صَاحِبَةً وَلَا وَلَدًا» (پەرۋەردىگا ـ رىمىزنىڭ ئەزىمىتى كاتتىدۇر، خوتۇنى ۋە بالىسى يوقتۇر .) سۈرە «جىن»، 3 ـ ئايەت

«قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ» ((ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ئاللاھ بىردۇر.) سۈرە «ئىخلاس»، 1 ـ ئايەت

«وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُوًا أَحَدٌ» (ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بو ـ لالمايدۇ.) سۈرە «ئىخلاس»، 4 ـ ئايەت

«بِسْمِ اللّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ» (ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن .) سۈرە «فاتىھە»، 1 ـ ئايەت

«الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الأَرْضَ فِرَاشاً وَالسَّمَاء بِنَاء وَأَنزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاء فَأَخْرَجَ بِهِ مِنَ الثَّمَرَاتِ رِزْقاً لَّكُمْ فَلاَ تَجْعَلُواْ لِلّهِ أَندَاداً وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ» (ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۆشەك ۋە ئاسماننى بىنا (يەنى يۇلتۇزلارنىڭ زىچلىقىدا بىناغا ئوخشاش) قىلىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، سىلەرگە رىزىق بولۇش ئۈچۈن يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئەمدى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى، سىلەر (ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقلىقىنى) بىلىپ تۇرىسىلەر.) سۈرە «بەقەرە»، 22 ـ ئايەت

«ثُمَّ قَسَتْ قُلُوبُكُم مِّن بَعْدِ ذَلِكَ فَهِيَ كَالْحِجَارَةِ أَوْ أَشَدُّ قَسْوَةً وَإِنَّ مِنَ الْحِجَارَةِ لَمَا يَتَفَجَّرُ مِنْهُ الأَنْهَارُ وَإِنَّ مِنْهَا لَمَا يَشَّقَّقُ فَيَخْرُجُ

مِنْهُ الْمَاء وَإِنَّ مِنْهَا لَمَا يَهْبِطُ مِنْ خَشْيَةِ اللّهِ وَمَا اللّهُ بِغَافِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ» ((ئى يەھۇدىيلار جامائەسى!) شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى سانلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن) دىلىڭلار قېتىپ كەتتى. تاشلار ئارىسىدا ئىچىدىن (سۇ ئېتىلىپ چىقىپ) ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرى بار، يېرىلىپ ئارىسىدىن سۇ چىقىدىغانلىرىمۇ بار؛ ئاللاھتىن قورقۇپ، (تاغ چوققىلىرىدىن) دومىلاپ چۈشىدىغانلىرىمۇ بار (دېمەك، تاش يۇمشايدۇ، سىلەرنىڭ دىلىڭلار بولسا يۇمشىمايدۇ ۋە تەسىرلەنمەيدۇ) ، ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر.) سۇرە «بەقەرە»، 74 ـ ئايەت

«وَلِلّهِ الْمَشْرِقُ وَالْمَغْرِبُ فَأَيْنَمَا تُوَلُّواْ فَثَمَّ وَجْهُ اللّهِ إِنَّ اللّهَ وَاسِعٌ عَلِيمٌ» (مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ (يەنى پۈتۈن يەر يۈزى) ئاللاھنىڭ ـ دۇر، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ تەرىپى يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلغان قىبلىسى)دۇر. ئاللاھ(نىڭ مەغپىرىتى) ھەققە ـ تەن كەڭدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.) سۇرە«بەقەرە»، 115 ـ ئايەت

«بَدِيعُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَإِذَا قَضَى أَمْراً فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُ كُن فَيَكُونُ» (ئاللاھ ئاسمانلار ۋە زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر. بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلسا، «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.) سۇرە «بەقەرە»، 117 ـ ئايەت

«إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَالْفُلْكِ الَّتِي تَجْرِي فِي الْبَحْرِ بِمَا يَنفَعُ النَّاسَ وَمَا أَنزَلَ اللّهُ مِنَ السَّمَاء مِن مَّاء فَأَحْيَا بِهِ الأرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَبَثَّ فِيهَا مِن كُلِّ دَآبَّةٍ وَتَصْرِيفِ الرِّيَاحِ وَالسَّحَابِ الْمُسَخِّرِ بَيْنَ السَّمَاء وَالأَرْضِ لآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ» (ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، ئاللاھ بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدا

ئاللاھنىڭ رۇخستىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۇچۇن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن (ئاللاھ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۇرسىسى (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.) سۈرە «بەقە ـ رە»، 255 ـ ئايەت

«أَوْ كَالَّذِي مَرَّ عَلَى قَرْيَةٍ وَهِيَ خَاوِيَةٌ عَلَى عُرُوشِهَا قَالَ أَنَّى يُحْيِي هَذِهِ اللّهُ بَعْدَ مَوْتِهَا فَأَمَاتَهُ اللّهُ مِئَةَ عَامٍ ثُمَّ بَعَثَهُ قَالَ كَمْ لَبِثْتَ قَالَ لَبِثْتُ يَوْمًا أَوْ بَعْضَ يَوْمٍ قَالَ بَل لَّبِثْتَ مِئَةَ عَامٍ فَانظُرْ إِلَى طَعَامِكَ وَشَرَابِكَ لَمْ يَتَسَنَّهْ وَانظُرْ إِلَى حِمَارِكَ وَلِنَجْعَلَكَ آيَةً لِّلنَّاسِ وَانظُرْ إِلَى العِظَامِ كَيْفَ نُنشِزُهَا ثُمَّ نَكْسُوهَا لَحْمًا فَلَمَّا تَبَيَّنَ لَهُ قَالَ أَعْلَمُ أَنَّ اللّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ» (ياكى سەن تام، ئۆگزىلىرى يىقىلىپ ۋەيران بولغان (خارابە) شەھەر (يەنى بەيتۇل مۇقەددەس)دىن ئۆتكەن كىشىنى (يەنى ئۇزەيرنى) كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ (ئەجەبلىنىپ): «ئاللاھ بۇ شەھەرنىڭ ئۆلگەن ئاھالىسىنى قانداق تىرىلدۈرەر؟» دېدى. ئاللاھ ئۇنى يۈز يىل ئۆلۈك ھالىتىدە تۇرغۇزۇپ ئاندىن (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن) تىرىلدۈردى. ئاللاھ (پەرىشتە ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن: «(بۇ ھالەتتە) قانچىلىك تۇردۇڭ؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «بىر كۈن ياكى بىر كۈنگە يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم» دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس (تولۇق) يۈز يىل تۇردۇڭ! يېمەك ـ ئىچمىكىڭگە قارىغىنكى، بۇزۇلمىغان؛ ئېشىكىڭگە قارىغىنكى، (ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەن). (ساڭا يۇقىرىقىدەك ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى قىلغانلىقىمىز) سېنى بىز كىشىلەرگە (قۇدرىتىمىزنىڭ) دەلىلى قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ سۆڭەكلەرگە قارىغىنكى، ئۇنى قانداق قۇراشتۇرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا گۆش قوندۇرىمىز». (يۇقىرىقى ئىشلار) ئۇنىڭغا ئېنىق بولغان چاغدا (يەنى ئۇ

روشەن مۆجىزىلەرنى كۆرگەن چاغدا)، ئۇ: «مەن ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم» دېدى.) سۈرە «بەقەرە»، 259 ـ ئايەت

«وَإِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ رَبِّ أَرِنِي كَيْفَ تُحْيِي الْمَوْتَى قَالَ أَوَلَمْ تُؤْمِن قَالَ بَلَى وَلَكِن لِّيَطْمَئِنَّ قَلْبِي قَالَ فَخُذْ أَرْبَعَةً مِّنَ الطَّيْرِ فَصُرْهُنَّ إِلَيْكَ ثُمَّ اجْعَلْ عَلَى كُلِّ جَبَلٍ مِّنْهُنَّ جُزْءًا ثُمَّ ادْعُهُنَّ يَأْتِينَكَ سَعْيًا وَاعْلَمْ أَنَّ اللّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ» (ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم، ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن» دېدى. ئاللاھ «(ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا) ئىشەنمىدىڭمۇ؟» دېدى. ئىبراھىم: «ئىشەندىم لېكىن كۆڭلۈم (تېخىمۇ) قارار تاپسۇن ئۈچۈن (كۆرۈشنى تىلەيمەن)» دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «قۇشتىن تۆتنى ئالغىن، ئۇلارنى ئۆزۈڭگە تونۇلغىن (يەنى ئۇلارنى پارچىلاپ گۆشلىرى بىلەن پەيلىرىنى ئارىلاشتۇرغىن)، ئاندىن ھەر ـ بىر تاققا ئۇلاردىن بىر بۆلىكىنى قويغىن، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرغىن، سېنىڭ ئالدىڭغا ئۇلار چاپسان كېلىدۇ». بىلگىنكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇ ـ چىدۇر.) سۈرە «بەقەرە»، 260 ـ ئايەت

«لِّلَّهِ ما فِي السَّمَاواتِ وَمَا فِي الأَرْضِ وَإِن تُبْدُواْ مَا فِي أَنفُسِكُمْ أَوْ تُخْفُوهُ يُحَاسِبْكُم بِهِ اللّهُ فَيَغْفِرُ لِمَن يَشَاء وَيُعَذِّبُ مَن يَشَاء وَاللّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ» (ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەر (ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتىن بولسۇن، تەسەررۇپ قىلىش جەھەتتىن بولسۇن) ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارە قىلىڭلار مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە مەغفىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاپ قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.) سۈرە «بەقەرە»، 284 ـ ئايەت

«إِنَّ اللّهَ لاَ يَخْفَىَ عَلَيْهِ شَيْءٌ فِي الأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاء» (شۈبھىسىزكى، ئاسمان، زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھقا مەخپىي ئە ـ مەس.) سۈرە «ئالى ئىمران»، 5 ـ ئايەت

«هُوَ الَّذِي يُصَوِّرُكُمْ فِي الأَرْحَامِ كَيْفَ يَشَاءُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ» (ئۇ سىلەرنى بەچچىدانلاردا (يەنى ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىكى چېغىڭلاردا) ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇ- چىدۇر.) سۈرە «ئالى ئىمران»، 6 ـ ئايەت

«أَفَغَيْرَ دِينِ اللّهِ يَبْغُونَ وَلَهُ أَسْلَمَ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ طَوْعًا وَكَرْهًا وَإِلَيْهِ يُرْجَعُونَ» (ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) ئاللاھنىڭ دىنىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) باشقا دىننى تىلەمدۇ؟ ھالبۇكى، ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئاللاھقا بويسۇنغان تۇرسا، ئۇلار (قىيامەت كۈنى) ئاللاھ تەرىپىگە قايتۇ- رۇلىدۇ.) سۈرە «ئالى ئىمران»، 83 ـ ئايەت

«فِيهِ آيَاتٌ بَيِّنَاتٌ مَّقَامُ إِبْرَاهِيمَ وَمَن دَخَلَهُ كَانَ آمِنًا وَلِلّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلاً وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ الله غَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ» (ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، مەقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولا- لىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر.) سۈرە «ئالى ئىمران»، 97 ـ ئايەت

«وَلِلّهِ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاللّهُ عَلَىَ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ» (ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.) سۈرە «ئالى ئىمران»، 189 ـ ئايەت

«وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ الْكِتَابِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ فَاحْكُم بَيْنَهُم بِمَا أَنزَلَ اللّهُ وَلاَ تَتَّبِعْ أَهْوَاءهُمْ عَمَّا جَاءكَ مِنَ الْحَقِّ لِكُلٍّ جَعَلْنَا مِنكُمْ شِرْعَةً وَمِنْهَاجًا وَلَوْ شَاء اللّهُ لَجَعَلَكُمْ أُمَّةً

وَاحِدَةً وَلَكِن لِّيَبْلُوَكُمْ فِي مَآ آتَاكُم فَاسْتَبِقُوا الخَيْرَاتِ إِلَى الله مَرْجِعُكُمْ جَمِيعًا فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ» ((ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتاپنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق.(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بۇيىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەفسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. (ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىر خىل شەرىئەت ۋە ئۇچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئەلۋەتتە ، سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىندا قىلاتتى). لېكىن ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن شەرىئەتلەر بارىسدا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (كۆپ ئۈممەت قىلىپ ئايرىدى). ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسلەر، سىلەرئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى (ئۇنىڭ قايسى ھەق، قايسى ناھەق ئىكەنلىكنى) ئاللاھ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ.) سۈرە «مائىدە» ، 48 ـ ئايەت

«الْحَمْدُ لِلّهِ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَجَعَلَ الظُّلُمَاتِ وَالنُّورَ ثُمَّ الَّذِينَ كَفَرُواْ بِرَبِّهِم يَعْدِلُونَ» (جىمى ھەمدۇ سانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ،زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان ئاللاھقا خاستۇر! ئاندىن (يەنى مۇشۇنداق دەلىللەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ) كافىرلار پەرۋەردىگارىغا باشقىلارنى شېرىك كەلتۈردۇ.) سۈرە «ئەنئام» ، 1 ـ ئايەت

«هُوَ الَّذِي خَلَقَكُم مِّن طِينٍ ثُمَّ قَضَى أَجَلاً وَأَجَلٌ مُّسمًّى عِندَهُ ثُمَّ أَنتُمْ تَمْتَرُونَ» (ئاللاھ سىلەرنى (يەنى سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ئادەمنى) لايدىن ياراتتى ،ئاندىن ئەجىلىڭلارنى بېكىتتى ،(سىلەرنىڭ تىرىلىـ ـدىغان) ۋاقتىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەلۇمدۇر، ئاندىن سىلەر ـ ئى كۇففارلار! (ئۆلگەندىن كېيىن تېرىلىشكە) شەك كەلتۈرىسلەر.) سۈرە «ئەنئام» ،2 ـ ئايەت

«قُل لِّمَن مَّا فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ قُل لِلّهِ كَتَبَ عَلَى نَفْسِهِ الرَّحْمَةَ لَيَجْمَعَنَّكُمْ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ لاَ رَيْبَ فِيهِ الَّذِينَ خَسِرُواْ أَنفُسَهُمْ فَهُمْ

لاَيُؤْمِنُونَ» ((ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئاسمانلار دىكى، زېمىندىكى مەۋجۇداتلار كىمنىڭ ؟» (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ». ئاللاھ (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن بەندىلىرىگە) رەھمەت قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى، ھېچ قانداق گۇمان بولمىغان قىيامەت كۈنى ئاللاھ سىلەرنى ئەلۋەتتە يىغىدۇ، (كۇفرىنى ئىختىيار قىلىش بىلەن) ئۆزىگە ئۆزى زىيان سالغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ.) سۈرە «ئەنئام»، 12 ـ ئايەت

«وَهُوَ الْقَاهِرُ فَوْقَ عِبَادِهِ وَهُوَ الْحَكِيمُ الْخَبِيرُ» (ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.) سۈرە «ئەنئام»، 18 ـ ئايەت

«وَعِندَهُ مَفَاتِحُ الْغَيْبِ لاَ يَعْلَمُهَا إِلاَّ هُوَ وَيَعْلَمُ مَا فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَمَا تَسْقُطُ مِن وَرَقَةٍ إِلاَّ يَعْلَمُهَا وَلاَ حَبَّةٍ فِي ظُلُمَاتِ الأَرْضِ وَلاَ رَطْبٍ وَلاَ يَابِسٍ إِلاَّ فِي كِتَابٍ مُّبِينٍ» (غەيبنىڭ غەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەردانە ئۇرۇق بولسۇن ، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن ، ھەممىسى (ئاللاھقا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھفۇزدا يېزىقلىقتۇر.) سۈرە «ئەنئام»، 59 ـ ئايەت

« قُلْ هُوَ الْقَادِرُ عَلَى أَن يَبْعَثَ عَلَيْكُمْ عَذَابًا مِّن فَوْقِكُمْ أَوْ مِن تَحْتِ أَرْجُلِكُمْ أَوْ يَلْبِسَكُمْ شِيَعاً وَيُذِيقَ بَعْضَكُم بَأْسَ بَعْضٍ انظُرْ كَيْفَ نُصَرِّفُ الآيَاتِ لَعَلَّهُمْ يَفْقَهُونَ» ((ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن (نوھ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قەۋمىگە، ئەسھابۇل پىلگە ئەۋەتىلگەن ئازاپقا ئوخشاش) ياكى ئايىغىڭلار ئاستىدىن (فىرئەۋن ۋە قارۇنلارغا ئەۋەتىلگەن ئازاپقا ئوخشاش) ئازاپ ئەۋەتىشكە، ياكى سىلەرنى پىرقىلەر قىلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ (يەنى ئۇرۇشقا سېلىپ) بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقا قادىردۇر».

ئۇلارنى چۈشەنسۇن دەپ، ئايەتلىرىمىزنى تۈرلۈك شەكىللەردە قانداق بايان قىلىدىغانلىقىمىزغا قارىغىن.) سۈرە «ئەنئام»، 65 ـ ئايەت

«إِنَّ اللّهَ فَالِقُ الْحَبِّ وَالنَّوَى يُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَمُخْرِجُ الْمَيِّتِ مِنَ الْحَيِّ ذَلِكُمُ اللّهُ فَأَنَّى تُؤْفَكُونَ» (دانلارنى ۋە ئۇرۇقچىلارنى بىخ ئۇرغۇزغۇچى ھەقىقەتەن ئاللاھتۇر، تىرىكنى ئۆلۈكتىن ۋە ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقارغۇچى ئەنە شۇ ئاللاھتۇر، (ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن) قانـ ـداقمۇ باش تارتىسلەر؟) سۈرە «ئەنئام»، 95 ـ ئايەت

«وَهُوَ الَّذِيَ أَنزَلَ مِنَ السَّمَاء مَاء فَأَخْرَجْنَا بِهِ نَبَاتَ كُلِّ شَيْءٍ فَأَخْرَجْنَا مِنْهُ خَضِرًا نُّخْرِجُ مِنْهُ حَبًّا مُّتَرَاكِبًا وَمِنَ النَّخْلِ مِن طَلْعِهَا قِنْوَانٌ دَانِيَةٌ وَجَنَّاتٍ مِّنْ أَعْنَابٍ وَالزَّيْتُونَ وَالرُّمَّانَ مُشْتَبِهًا وَغَيْرَ مُتَشَابِهٍ انظُرُواْ إِلِى ثَمَرِهِ إِذَا أَثْمَرَ وَيَنْعِهِ إِنَّ فِي ذَلِكُمْ لآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ» (ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈردى، ئۆسۈملۈكلەردىن يېشىل ياپراقلارنى چىقاردى، (بۇغداي ۋە ئارپا باشاقلىرىغا ئوخشاش) بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈردى، خورما دەرىخىنىڭ چېچەكلىرىدىن يەرگە يېقىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان خورما ساپاقلىرىنى يېتىشتۈردى، (يامغۇر سۈيى بىلەن) ئۈزۈملۈك باغلارنى يېتىشتۈردى، (يامغۇر سۈيى بىلەن) شەكىلدە، ھەجىمدە، تەمدە بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىـ ـمايدىغان زەيتۇن، ئانار دەرەخلىرىنى يېتىشتۈردى، (ئۇلارنىڭ ھەر ـ بىرىنىڭ) يېڭى تۇتقان مېۋىسىگە ۋە پىشقان مېۋىسىگە قاراڭلار، ئۇلاردا ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوچۇق دەلىللەر بار.) سۈرە «ئەنئام»، 99 ـ ئايەت

«لاَّ تُدْرِكُهُ الأَبْصَارُ وَهُوَ يُدْرِكُ الأَبْصَارَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ» (كۆزلەر ئاللاھنى كۆرمەيدۇ، ئاللاھ كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئاللاھ (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.) سۈرە «ئەنئام»، 103 ـ ئايەت

«إِنَّ اللّهَ لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ اللّهِ مِن وَلِيٍّ وَلاَ نَصِيرٍ» (شۈبھىسىزكى، ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرىدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرىدۇ، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچ دوست ۋە مەدەتكار يوق.) سۈرە «تەۋبە»، 116 ـ ئايەت

« إِلَيْهِ مَرْجِعُكُمْ جَمِيعًا وَعْدَ اللّهِ حَقًّا إِنَّهُ يَبْدَأُ الْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُ لِيَجْزِيَ الَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ بِالْقِسْطِ وَالَّذِينَ كَفَرُواْ لَهُمْ شَرَابٌ مِّنْ حَمِيمٍ وَعَذَابٌ أَلِيمٌ بِمَا كَانُواْ يَكْفُرُونَ» ((قىيامەت كۈنى) ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، شۈبھىسىزكى، مەخلۇقاتنى دەسلەپتە ئاللاھ ياراتقان، (ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، قىيامەت كۈنى) ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارنى ئادىللىق بىلەن مۇكاپاتلاش ئۈچۈن قايتا تىرىلدۈرىدۇ، كافىرلار بولسا، ئۆزلىرىنىڭ كۇفرى تۈپەيلىدىن، (دەۋزەختىكى) ئىچىملىكى قاتتىق قايناپ تۇرغان سۇ بولىدۇ ھەمدە ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.) سۈرە «يۇنۇس»، 4 ـ ئايەت

«إِنَّ فِي اخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَمَا خَلَقَ اللّهُ فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ لآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَتَّقُونَ» (كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھ ئاسماندا ۋە زېمىندا ياراتقان شەيئىلەردە (ئاللاھتىن) قورقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ھەقىقەتەن، (ئاللاھنىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار.) سۈرە «يۇنۇس»، 6 ـ ئايەت

«وَيَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللّهِ مَا لاَ يَضُرُّهُمْ وَلاَ يَنفَعُهُمْ وَيَقُولُونَ هَؤُلاء شُفَعَاؤُنَا عِندَ اللّهِ قُلْ أَتُنَبِّئُونَ اللّهَ بِمَا لاَ يَعْلَمُ فِي السَّمَاوَاتِ وَلاَ فِي الأَرْضِ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ» (ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، «بۇلار (يەنى بۇتلار) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار» دېيىشىدۇ، ئەجەبا،

ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا بۇنداق نەرسە (يەنى ئاللاھنىڭ شېرىكى ياكى شاپائەت قىلغۇچى) بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ بىلمەي قىلىپ، سىلەر ئاللاھقا ئۇنى ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە يۇكسەكتۇر.) سۈرە «يۇنۇس»، 18 ـ ئايەت

«وَمَا تَكُونُ فِي شَأْنٍ وَمَا تَتْلُو مِنْهُ مِن قُرْآنٍ وَلاَ تَعْمَلُونَ مِنْ عَمَلٍ إِلاَّ كُنَّا عَلَيْكُمْ شُهُودًا إِذْ تُفِيضُونَ فِيهِ وَمَا يَعْزُبُ عَن رَّبِّكَ مِن مِّثْقَالِ ذَرَّةٍ فِي الأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاء وَلاَ أَصْغَرَ مِن ذَلِكَ وَلا أَكْبَرَ إِلاَّ فِي كِتَابٍ مُّبِينٍ» (سەن قايسى ھالەتتە بولمىغىن، قۇرئاندىن قايسى نەرسىنى ئوقۇمىغىن، سىلەر قايسى بىر ئىشنى قىلماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا ھامان بىز سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز، ئاسمان ـ زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچ قايسىسى ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھفۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر.) سۈرە «يۇنۇس»، 61 ـ ئايەت

«وَمَا مِن دَآبَّةٍ فِي الأَرْضِ إِلاَّ عَلَى اللّهِ رِزْقُهَا وَيَعْلَمُ مُسْتَقَرَّهَا وَمُسْتَوْدَعَهَا كُلٌّ فِي كِتَابٍ مُّبِينٍ» (يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى ئاللاھ (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابقا (يەنى لەۋھۇلمەھفۇزغا) يېزىلغاندۇر.) سۈرە «ھۇد»، 6 ـ ئايەت

«إِنِّي تَوَكَّلْتُ عَلَى اللّهِ رَبِّي وَرَبِّكُم مَّا مِن دَآبَّةٍ إِلاَّ هُوَ آخِذٌ بِنَاصِيَتِهَا إِنَّ رَبِّي عَلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ» (شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھقا مەن تەۋەككۇل قىلدىم، ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر؛ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇر (يەنى ئادىل بولۇپ ھېچ كىشىگە قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ).) سۈرە «ھۇد»، 56 ـ ئايەت

«اللّهُ يَعْلَمُ مَا تَحْمِلُ كُلُّ أُنثَى وَمَا تَغِيضُ الأَرْحَامُ وَمَا تَزْدَادُ وَكُلُّ شَيْءٍ عِندَهُ بِمِقْدَارٍ» (ھەربىر (ھامىلدار) ئايالنىڭ قورسىقىدىكىنى ئاللاھ

بىلىدۇ (يەنى ئوغۇلمۇ ـ قىزمۇ، بىرمۇ ـ كۆپمۇ، چوڭمۇ ـ كىچىكمۇ، چىرايلىقمۇ ـ سەتمۇ، بەختلىكمۇ ـ بەختسىزمۇ، ئۆمرى ئۇزۇنمۇ ـ قىسقىمۇ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ). بەچچىدانلارنىڭ كىچىكلەپ كەتكەنلىك ياكى يوغناپ كەتكەنلىكىنىمۇ (يەنى بالىنىڭ مۇددىتى توشماي تۇغۇلىدىغانلىقىنى ياكى مۇددىتى ئېشىپ تۇغۇلىدىغانلىقىنى) (ئاللاھ) بىلىدۇ. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر.) سۈرە «رەئد»، 8 ـ ئايەت

«الَّذِينَ يُوفُونَ بِعَهْدِ اللّهِ وَلاَ يِنقُضُونَ الْمِيثَاقَ» (ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەھدىگە (يەنى ئاللاھ تاپشۇرغان ئىشلارغا) ۋاپا قىلىدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ.) سۈرە «رەئد»، 20 ـ ئايەت

«وَلَقَدِ اسْتُهْزِىءَ بِرُسُلٍ مِّن قَبْلِكَ فَأَمْلَيْتُ لِلَّذِينَ كَفَرُواْ ثُمَّ أَخَذْتُهُمْ فَكَيْفَ كَانَ عِقَابِ» (سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ھەقىقەتەن مەسخىرە قىلىندى . كافىرلارغا بېرىلىدىغان ئازاپنى بىر مۇددەت كېچىكتۈردۈم ، ئاندىن ئۇلارنى جازالىدىم، ئۇلارغا بەرگەن جازايىم قانداق ئىكەن؟) سۈرە «رەئد»، 32 ـ ئايەت

«لَّهُمْ عَذَابٌ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَلَعَذَابُ الآخِرَةِ أَشَقُّ وَمَا لَهُم مِّنَ اللّهِ مِن وَاقٍ» (ئۇلار بۇ دۇنيادا ئازاپقا دۇچار بولىدۇ، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ. ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىغۇچى بولمايدۇ.) سۈرە «رەئد»، 34 ـ ئايەت

«أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللّهَ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ بِالْحَقِّ إِن يَشَأْ يُذْهِبْكُمْ وَيَأْتِ بِخَلْقٍ جَدِيدٍ» (ئاسمانلارنى ۋەزېمىننى ئاللاھنىڭ ھەق ئاساستا ياراتقانلىقىنى (يەنى بىكار ياراتمىغانلىقىنى) كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەگەر ئاللاھ خالىسا ، (ئى ئىنسانلار!) سىلەرنى يوق قىلۋېتىپ (ئورنۇڭلارغا سىلەردىن ياخشى) يېڭى ئادەملەرنى يارىتىدۇ.) سۈرە «ئىبراھىم»، 19 ـ ئايەت

«وَمَا ذَلِكَ عَلَى اللَّهِ بِعَزِيزٍ» (بۇ ئاللاھقا قىيىن ئەمەس.) سۈرە «ئىبراھىم»، 20 ـ ئايەت

«اللّهُ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَأَنزَلَ مِنَ السَّمَاء مَاء فَأَخْرَجَ بِهِ مِنَ الثَّمَرَاتِ رِزْقًا لَّكُمْ وَسَخَّرَ لَكُمُ الْفُلْكَ لِتَجْرِيَ فِي الْبَحْرِ بِأَمْرِهِ وَسَخَّرَ لَكُمُ الأَنْهَارَ» (ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، يامغۇر سۈيى بىلەن سىلەرگە رىزىق قىلىپ نۇرغۇن مېۋىلەرنى ئۈستۈرۈپ بەردى، ئاللاھ سىلەرگە ئۆز ئەمرى بويىچە دېڭىزدا قاتنايدىغان كېمىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە دەريا ـ لارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى.) سۈرە «ئىبراھىم»، 32 ـ ئايەت

«وَآتَاكُم مِّن كُلِّ مَا سَأَلْتُمُوهُ وَإِن تَعُدُّواْ نِعْمَتَ اللّهِ لاَ تُحْصُوهَا إِنَّ الإِنسَانَ لَظَلُومٌ كَفَّارٌ» (ئاللاھ سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى، سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر، كافىر ئادەم، شەك ـ شۈبھىسىزكى، زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، (ئاللاھنىڭ نىئ ـ ـمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر.) سۈرە «ئىبراھىم»، 34 ـ ئايەت

«أَتَى أَمْرُ اللّهِ فَلاَ تَسْتَعْجِلُوهُ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ» (ئاللاھنىڭ پەرمانى (يەنى قىيامەت) چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەڭلار، ئاللاھ ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر.) سۈرە «نەھل»، 1 ـ ئايەت

«إِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ فَالَّذِينَ لاَيُؤْمِنُونَ بِالآخِرَةِ قُلُوبُهُم مُّنكِرَةٌ وَهُم مُّسْتَكْبِرُونَ» (سىلەرنىڭ (ئىبادەت قىلىشقا لايىق) ئىلاھىڭلار بىردۇر، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى) ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلار چوڭچىلىق قىلىپ، (ھەقنى قوبۇل قىلىشتىن) باش تارتقۇچىلاردۇر.) سۈرە «نەھل»، 22 ـ ئايەت

«إِنَّمَا قَوْلُنَا لِشَيْءٍ إِذَا أَرَدْنَاهُ أَن نَّقُولَ لَهُ كُن فَيَكُونُ» (بىز بىرەر شەيئىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەكچى بولساق، ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇتقا كەل» دەيمىز ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.) سۈرە «نەھل»، 40 ـ ئايەت

«أَوَلَمْ يَرَوْاْ إِلَى مَا خَلَقَ اللّهُ مِن شَيْءٍ يَتَفَيَّأُ ظِلاَلُهُ عَنِ الْيَمِينِ وَالْشَّمَآئِلِ سُجَّدًا لِلّهِ وَهُمْ دَاخِرُونَ» (ئۇلار ئاللاھ ياراتقان شەيئىلەرنىڭ سايىلىرىنىڭ بويسۇنغان ھالدا ئاللاھقا سەجدە قىلىش يۈزىسىدىن ئوڭ ـ سولغا مايىل بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟.) سۈرە «نەھل»، 48 ـ ئايەت

«وَلَهُ مَا فِي الْسَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَلَهُ الدِّينُ وَاصِبًا أَفَغَيْرَ اللّهِ تَتَّقُونَ» (ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئىبادەت ھەمىشە ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھتىن بۆلەك غەيرىدىن قورقامسىلەر؟) سۈرە «نەھل»، 52 ـ ئايەت

«لِلَّذِينَ لاَ يُؤْمِنُونَ بِالآخِرَةِ مَثَلُ السَّوْءِ وَلِلّهِ الْمَثَلُ الأَعْلَىَ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ» (ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار (ئوغۇلنى ياخشى كۆرۈپ، قىزنى يامان كۆرۈش، خوتۇنى ئوغۇل تۇغسا خۇشال بولۇپ، قىز تۇغسا ئاچچىقى كېلىش، ئار ـ نومۇس ۋە كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ، قىزلارنى تىرىك كۆمۈشكە ئوخشاش) يامان سۈپەتلەرگە ئىگە، ئاللاھ بولسا ئەڭ ئالىي خىسلەتلەرگە ئىگە، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.) سۈرە «نەھل»، 60 ـ ئايەت

«وَلَوْ يُؤَاخِذُ اللّهُ النَّاسَ بِظُلْمِهِم مَّا تَرَكَ عَلَيْهَا مِن دَآبَّةٍ وَلَكِن يُؤَخِّرُهُمْ إلَى أَجَلٍ مُّسَمًّى فَإِذَا جَاء أَجَلُهُمْ لاَيَسْتَأْخِرُونَ سَاعَةً وَلاَ يَسْتَقْدِمُونَ» (ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ زۇلۇمى تۈپەيلىدىن (چاپسان) جازالايدىغان بولسا، يەريۈزىدە قىمىرلاپ تۇرىدىغان ھېچ بىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى، لېكىن ئاللاھ مۇئەييەن ۋاقىتقىچە تەخىر قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ (ھالاك بولۇش) ۋاقتى كەلگەندە قىلچە ۋاقتمۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، (ۋاقتى كەلمىسە) قىلچە ۋاقتمۇ ئىلگىرى سۈرۈل ـ ـمەيدۇ.) سۈرە «نەھل»، 61 ـ ئايەت

«فَلاَ تَضْرِبُواْ لِلّهِ الأَمْثَالَ إِنَّ اللّهَ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لاَ تَعْلَمُونَ» (سىلەر اللە غا مىسال كەلتۈرمەڭلار (يەنى اللە غا بۇتلارنى ئوخشات ـ ـماڭلار، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار). ئاللاھ ھەقىقەتەن (ھەممە

ھەقىقەتنى) بىلىدۇ، سىلەر (ئاللاھنىڭ بۈيۈكلىكىنى) بىلمەيسىلەر.) سۈرە «نەھل»، 74 ـ ئايەت

«وَلِلَّهِ غَيْبُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَا أَمْرُ السَّاعَةِ إِلاَّ كَلَمْحِ الْبَصَرِ أَوْ هُوَ أَقْرَبُ إِنَّ اللّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ» (ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيىپنى بىلىش ئاللاھقا خاستۇر، قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تېزدۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.) سۈرە «نەھل»، 77 ـ ئايەت

« أَلَمْ يَرَوْاْ إِلَى الطَّيْرِ مُسَخَّرَاتٍ فِي جَوِّ السَّمَاء مَا يُمْسِكُهُنَّ إِلاَّ اللّهُ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ» (ئۇلار قۇشلارنىڭ ھاۋادا ئۇچۇشقا بويسۇندۇرۇلغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلارنى (ھاۋادىن چۈشۈپ كېتىشتىن) پەقەت ئاللاھ تۇتۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار.) سۈرە «نەھل»، 79 ـ ئايەت

«وَاللّهُ جَعَلَ لَكُم مِّمَّا خَلَقَ ظِلاَلاً وَجَعَلَ لَكُم مِّنَ الْجِبَالِ أَكْنَانًا وَجَعَلَ لَكُمْ سَرَابِيلَ تَقِيكُمُ الْحَرَّ وَسَرَابِيلَ تَقِيكُم بَأْسَكُمْ كَذَلِكَ يُتِمُّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تُسْلِمُونَ» (ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ياراتقان نەرسىلەر (يەنى دەرەخلەر، تاغلار ۋە بىنالار) دىن (كۈننىڭ ھارارىتىدىن ساقلى ـ ـنىدىغان) سايىلەرنى قىلىپ بەردى. تاغلاردىن سىلەرگە (غار، ئۆڭكۈر ـ گە ئوخشاش) تۇرالغۇ قىلىدىغان جايلارنى قىلىپ بەردى. سىلەرگە ئىسسىقتىن (ۋە سوغۇقتىن) ساقلىنىدىغان كىيىملەرنى ، ئۇرۇشتا سىلەرنى (زىيان ـ زەخمەتتىن) ساقلايدىغان تۆمۈر كىيىملەرنى تەييار قىلدى. ئاللاھ سىلەرنى ئىتائەت قىلسۇن دەپ، سىلەرگە ئەنە شۇنداق مۇكەممەل نىئمەتلەرنى بېرىدۇ.) سۈرە «نەھل»، 81 ـ ئايەت

«وَلَقَدْ جَعَلْنَا فِي السَّمَاء بُرُوجًا وَزَيَّنَّاهَا لِلنَّاظِرِينَ» (بىز ئاسماندا بۇرۇجلارنى ياراتتۇق ۋە كۆزەتكۈچىلەر ئۈچۈن ئاسماننى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىدۇق.) سۈرە «ھىجر»، 16 ـ ئايەت

«وَإِنَّ رَبَّكَ هُوَ يَحْشُرُهُمْ إِنَّهُ حَكِيمٌ عَلِيمٌ» (پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن (ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۈچۈن) ئۇلارنى يىغىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.) سۈرە «ھىجر»، 25 ـ ئايەت

«رَّبُّكُمْ أَعْلَمُ بِمَا فِي نُفُوسِكُمْ إِن تَكُونُواْ صَالِحِينَ فَإِنَّهُ كَانَ لِلأَوَّابِينَ غَفُورًا» ( پەرۋەردىگارىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر ، ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار (يەنى ئاتا ـ ئاناڭلارنى قاخشاتقۇچى بولمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ خاتالىقىڭلارنى كەچۈرىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلىپ تۇرغۇچىلارنى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر.) سۈرە «ئىسرا»، 25 ـ ئايەت

«قُل لَّوْ كَانَ الْبَحْرُ مِدَادًا لِّكَلِمَاتِ رَبِّي لَنَفِدَ الْبَحْرُ قَبْلَ أَن تَنفَدَ كَلِمَاتُ رَبِّي وَلَوْ جِئْنَا بِمِثْلِهِ مَدَدًا» (ئېيتقىنكى، پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن، ئەگەر دېڭىز (سۈيى) سىيا بولۇپ كەتسە، پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ،دېڭىز (سۈيى) چوقۇم تۈگەپ كەتكەن بولاتتى، مۇبادا يەنە شۇنچىلىك دېڭىز (سۈيىنى) كەلتۈرسەكمۇ» .) سۈرە «كەھف»، 109 ـ ئايەت

« رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا فَاعْبُدْهُ وَاصْطَبِرْ لِعِبَادَتِهِ هَلْ تَعْلَمُ لَهُ سَمِيًّا» (ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغىن، ئاللاھنىڭ ئىبادىتىگە چىداملىق بولغىن، سەن ئۇنىڭ شېرىكى بارلىقىنى بىلەمسەن؟) سۈرە «مەريەم»، 65 ـ ئايەت

«لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا وَمَا تَحْتَ الثَّرَى» (ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋە يەر ئاستىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىدۇر، ئاللاھنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر ) .) سۈرە «تاھا»، 6 ـ ئايەت

«اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ لَهُ الْأَسْمَاء الْحُسْنَى» (ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار. ) سۈرە «تاھا» ،8 ـ ئايەت

«ذَلِكَ بِأَنَّ اللَّهَ يُولِجُ اللَّيْلَ فِي النَّهَارِ وَيُولِجُ النَّهَارَ فِي اللَّيْلِ وَأَنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ بَصِيرٌ» ((شۇ نەرسە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىـ ـدىندۇركى) ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ (شۇنىڭ بىلەن كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى پەسىللەر بويىچە نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ)، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ) سۈرە «ھەج» ، 61 ـ ئايەت

«وَهُوَ الَّذِي أَحْيَاكُمْ ثُمَّ يُمِيتُكُمْ ثُمَّ يُحْيِيكُمْ إِنَّ الْإِنسَانَ لَكَفُورٌ» (ئاللاھ سىلەرگە ھاياتلىق بېرىدۇ، ئاندىن سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، ئىنسان ھەقىقەتەن (ئاللاھنىڭ نىئـ ـمەتلىرىگە) ناشۈكرىلۇك قىلغۇچىدۇر. ) سۈرە «ھەج» ،66 ـ ئايەت

«مَا قَدَرُوا اللَّهَ حَقَّ قَدْرِهِ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ» (ئۇلار (ئەرزىمەس بۇتلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىپ) ئاللاھنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلىمىدى، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر. ) سۈرە «ھەج» ،74 ـ ئايەت

«يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَإِلَى اللَّهِ تُرْجَعُ الأُمُورُ» (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى نەرسىلەرنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ۋە ھازىرقى ئىشلىرىنى) ۋە ئارقىسىدىكى نەرسىلەرنى (يەنى كەلگۈسىدىكى ئەھۋالىنى ۋە كەلگۈسىدىكى ئىشلىرىنى) بىلىدۇ،(بەنـ ـدىلەر نىڭ) ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ (ئاللاھ ئۇلارغا يا مۇكاپات، يا جازا بېرىدۇ).) سۈرە «ھەج» ،76 ـ ئايەت

«اللَّهُ نُورُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ مَثَلُ نُورِهِ كَمِشْكَاةٍ فِيهَا مِصْبَاحٌ الْمِصْبَاحُ فِي زُجَاجَةٍ الزُّجَاجَةُ كَأَنَّهَا كَوْكَبٌ دُرِّيٌّ يُوقَدُ مِن شَجَرَةٍ مُّبَارَكَةٍ زَيْتُونِةٍ لَّا شَرْقِيَّةٍ وَلَا غَرْبِيَّةٍ يَكَادُ زَيْتُهَا يُضِيءُ وَلَوْ لَمْ تَمْسَسْهُ نَارٌ نُّورٌ عَلَى نُورٍ يَهْدِي اللَّهُ لِنُورِهِ مَن يَشَاء وَيَضْرِبُ اللَّهُ الْأَمْثَالَ لِلنَّاسِ وَاللَّهُ بِكُلِّ

شَيْءٍ عَلِيمٌ» (ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر، ئاللاھنىڭ (مۇئمىن بەندىسىنىڭ قەلبىدىكى) نۇرى خۇددى (چىراق قويىدىغان) تەكچىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا چىراق باردۇر، چىراق شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر، شىشە گويا نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر، چىراق مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىنىڭ (يېغى) بىلەن يورۇتۇلغان، ئۇ (يەنى زەيتۇن دەرىخى) شەرق تەرەپتىمۇ ئەمەس، غەرب تەرەپتىمۇ ئەمەس (سەھرادا ئوچۇقچىلىقتا بولۇپ، كۈن بويى ئۇنىڭغا كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مېۋىسى پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ)، يېغى (ئەڭ سۈزۈك بولىدۇ، سۆزۈكلىكىدىن) ئوت تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ، (ئوت بىلەن يورۇتۇلسا) نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئۇنىڭ نۇرىغا (يەنى قۇرئانغا) (ئەگىشىشكە) مۇۋەپپەق قىلىدۇ، ئاللاھ (ئىبرەت ئالسۇن دەپ) كىشىلەرگە مىساللارنى (ئۇلارنىڭ پەمگە يېقىنلاشتۇرۇپ) بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.)
سۈرە «نۇر»، 35 ـ ئايەت

«أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يُسَبِّحُ لَهُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالطَّيْرُ صَافَّاتٍ كُلٌّ قَدْ عَلِمَ صَلَاتَهُ وَتَسْبِيحَهُ وَاللَّهُ عَلِيمٌ بِمَا يَفْعَلُونَ» (ئاللاھقا ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ۋە قاناتلىرىنى كەرگەن ھالدا (ئۇچۇپ كېتىۋاتقان) قۇشلارنىڭ تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقىنى سەن بىلمەمسەن؟ ئاللاھ ھەر (مەخلۇق) نىڭ دۇئاسىنى ۋە تەسبىھىنى بىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.) سۈرە «نۇر»، 41 ـ ئايەت

«أَفِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ أَمِ ارْتَابُوا أَمْ يَخَافُونَ أَن يَحِيفَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ وَرَسُولُهُ بَلْ أُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ» (ئۇلارنىڭ دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) ئىللىتى بارمۇ؟ يا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن) گۇمانلىنامدۇ؟ يا اللە نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارغا ئادىل بولماسلىقىدىن قورقامدۇ؟ ياق، ئۇلار (رەسۇلۇللانىڭ ھۆكمىدىن باش تارتقانلىقلىرى ئۈچۈن) زالىملاردۇر.) سۈرە «نۇر»، 50 ـ ئايەت

«وَأَقْسَمُوا بِاللَّهِ جَهْدَ أَيْمَانِهِمْ لَئِنْ أَمَرْتَهُمْ لَيَخْرُجُنَّ قُل لَّا تُقْسِمُوا طَاعَةٌ مَّعْرُوفَةٌ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ» ((مۇناپىقلار) ئەگەر سەن ئۇلارنى

(جىھادقا) چىقىشقا ئەمر قىلساڭ، چوقۇم چىقىدىغانلىقىغا ئاللاھ بىلەن كۈچلۈك قەسەم قىلىدۇ. ئېيتقىنكى، «قەسەم قىلماڭلار، (قەسەمگىلار يالغان، سىلەردىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى) ساداقەتلىك بىلەن ئىتائەت قىلىشتۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن ھەقىقەتەن خەۋەرداردۇر».) سۈرە «نۇر»، 53 ـ ئايەت

« قُلِ الْحَمْدُ لِلَّهِ وَسَلَامٌ عَلَى عِبَادِهِ الَّذِينَ اصْطَفَى آللَّهُ خَيْرٌ أَمَّا يُشْرِكُونَ» («جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر! ئۇنىڭ (پەيغەمبەر ـ لىككە) تاللىغان بەندىلىرىگە ئامانلىق تىلەيمەن!» دېگىن. ئاللاھ ياخشىمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرى ياخشىمۇ؟) سۈرە «نەمل»، 59 ـ ئايەت

«قُل لَّا يَعْلَمُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ الْغَيْبَ إِلَّا اللَّهُ وَمَا يَشْعُرُونَ أَيَّانَ يُبْعَثُونَ» (ئاللاھتىن بۆلەك ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر غەيبنى بىلمەيدۇ، ئۇلار (يەنى خالايىق) قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقلىرىنى بىلمەيدۇ.) سۈرە «نەمل»، 65 ـ ئايەت

«يُعَذِّبُ مَن يَشَاء وَيَرْحَمُ مَن يَشَاء وَإِلَيْهِ تُقْلَبُونَ» (ئاللاھ خالىغان ئادەمنى جازالايدۇ، خالىغان ئادەمگە رەھمەت قىلىدۇ، (قىيامەتتە) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.) سۈرە «ئەنكەبۇت»، 21 ـ ئايەت

«وَمَا أَنتُم بِمُعْجِزِينَ فِي الْأَرْضِ وَلَا فِي السَّمَاء وَمَا لَكُم مِّن دُونِ اللَّهِ مِن وَلِيٍّ وَلَا نَصِيرٍ» (سىلەر مەيلى زېمىندا بولسۇن، مەيلى ئاسماندا بولسۇن، ئاللاھ (نىڭ ئازابى) دىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، سىلەرگە ئاللاھتىن بۆلەك دوستمۇ يوق، مەدەتكارمۇ يوق».) سۈرە «ئەنكەبۇت»، 22 ـ ئايەت

«قُلْ كَفَى بِاللَّهِ بَيْنِي وَبَيْنَكُمْ شَهِيدًا يَعْلَمُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالَّذِينَ آمَنُوا بِالْبَاطِلِ وَكَفَرُوا بِاللَّهِ أُوْلَئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ» (ئېيتقىنكى، «مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (مېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمگە) گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ كۇپايىدۇر، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە

(جىھادقا) چىقىشقا ئەمر قىلساڭ، چوقۇم چىقىدىغانلىقىغا ئاللاھ بىلەن كۈچلۈك قەسەم قىلىدۇ. ئېيتقىنكى، «قەسەم قىلماڭلار، (قەسىمىڭلار يالغان، سىلەردىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى) ساداقەتلىك بىلەن ئىتائەت قىلىشتۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن ھەقىقەتەن خەۋەرداردۇر».) سۈرە «نۇر»، 53 ـ ئايەت

«قُلِ الْحَمْدُ لِلَّهِ وَسَلَامٌ عَلَى عِبَادِهِ الَّذِينَ اصْطَفَى آللَّهُ خَيْرٌ أَمَّا يُشْرِكُونَ» («جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر! ئۇنىڭ (پەيغەمبەر ـ لىككە) تاللىغان بەندىلىرىگە ئامانلىق تىلەيمەن!» دېگىن. ئاللاھ ياخشىمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرى ياخشىمۇ؟) سۈرە «نەمىل»، 59 ـ ئايەت

«قُل لَّا يَعْلَمُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ الْغَيْبَ إِلَّا اللَّهُ وَمَا يَشْعُرُونَ أَيَّانَ يُبْعَثُونَ» (ئاللاھتىن بۆلەك ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر غەيبنى بىلمەيدۇ، ئۇلار (يەنى خالايىق) قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقلىرىنى بىلمەيدۇ.) سۈرە «نەمىل»، 65 ـ ئايەت

«يُعَذِّبُ مَن يَشَاء وَيَرْحَمُ مَن يَشَاء وَإِلَيْهِ تُقْلَبُونَ» (ئاللاھ خالىغان ئادەمنى جازالايدۇ، خالىغان ئادەمگە رەھمەت قىلىدۇ، (قىيامەتتە) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر .) سۈرە «ئەنكەبۇت»، 21 ـ ئايەت

«وَمَا أَنتُم بِمُعْجِزِينَ فِي الْأَرْضِ وَلَا فِي السَّمَاء وَمَا لَكُم مِّن دُونِ اللَّهِ مِن وَلِيٍّ وَلَا نَصِيرٍ» (سىلەر مەيلى زېمىندا بولسۇن، مەيلى ئاسماندا بولسۇن، ئاللاھ (نىڭ ئازابى) دىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، سىلەرگە ئاللاھتىن بۆلەك دوستمۇ يوق، مەدەتكارمۇ يوق».) سۈرە «ئەنكەبۇت»، 22 ـ ئايەت

«قُلْ كَفَى بِاللَّهِ بَيْنِي وَبَيْنَكُمْ شَهِيدًا يَعْلَمُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالَّذِينَ آمَنُوا بِالْبَاطِلِ وَكَفَرُوا بِاللَّهِ أُوْلَئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ» (ئېيتقىنكى، «مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (مېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمگە) گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ كۇپايىدۇر، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە

مِنْ عِبَادِهِ إِذَا هُمْ يَسْتَبْشِرُونَ» (ئاللاھ شامالالارنى ئەۋەتىپ بۇلۇتنى قوزغايدۇ ، ئاندىن ئۇنى ئاسماندا خالىغىنى بويىچە تارقىتىدۇ، (گاھى) ئۇنى تارقاق پارچىلارغا بۆلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يامغۇرنىڭ بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن چۈشۈۋاتقانلىغىنى كۆرىسەن، ئاللاھ يامغۇرنى خالىغان بەندىلىرىنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرغان چاغدا، ئۇلار دەرھال خۇشال بولۇپ كېتىدۇ.) سۈرە «رۇم»، 48 ـ ئايەت

«خَلَقَ السَّمَاوَاتِ بِغَيْرِ عَمَدٍ تَرَوْنَهَا وَأَلْقَى فِي الْأَرْضِ رَوَاسِيَ أَن تَمِيدَ بِكُمْ وَبَثَّ فِيهَا مِن كُلِّ دَابَّةٍ وَأَنزَلْنَا مِنَ السَّمَاءِ مَاء فَأَنبَتْنَا فِيهَا مِن كُلِّ زَوْجٍ كَرِيمٍ» (ئاللاھ ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز ياراتتىكى، سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، يەر تەۋرەپ سىلەرنى خاتىرجەمسىز قىلمىسۇن دەپ، يەردە تاغلارنى ئورناتتى، زېمىندا تۈرلۈك جاندارلارنى تاراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن زېمىندا تۈرلۈك پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق.) سۈرە «لوقمان»، 10 ـ ئايەت

«هَذَا خَلْقُ اللَّهِ فَأَرُونِي مَاذَا خَلَقَ الَّذِينَ مِن دُونِهِ بَلِ الظَّالِمُونَ فِي ضَلَالٍ مُّبِينٍ» (مانا بۇلار ئاللاھنىڭ (ياراتقان) مەخلۇقاتلىرىدۇر، ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلاركى، ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلىرىڭلار زادى نېمىلەرنى ياراتتى؟ بەلكى زالىملار ئوپ ـ ئوچۇق گۇمراھلىقتىدۇر.) سۈرە«لوقمان»، 11 ـ ئايەت

«يَا بُنَيَّ إِنَّهَا إِن تَكُ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِّنْ خَرْدَلٍ فَتَكُن فِي صَخْرَةٍ أَوْ فِي السَّمَاوَاتِ أَوْ فِيالْأَرْضِ يَأْتِ بِهَا اللَّهُ إِنَّ اللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٌ» ((لوقمان ئېيتتى) «ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپى جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ھازىر قىلىدۇ (ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.) سۈرە «لوقمان»، 16 ـ ئايەت

«وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ قُلِ الْحَمْدُ لِلَّهِ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَايَعْلَمُونَ» (ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم خەلق ئەتتى؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئېيتقىنكى، «جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر!» بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى ئۇقمايدۇ.) سۈرە «لوقمان»، 25 ـ ئايەت

«ذَلِكَ بِأَنَّ اللَّهَ هُوَ الْحَقُّ وَأَنَّ مَا يَدْعُونَ مِن دُونِهِ الْبَاطِلُ وَأَنَّ اللَّهَ هُوَ الْعَلِيُّ الْكَبِيرُ» (بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئاللاھ ھەق (ئىلاھ) دۇر، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغانلىرى (يەنى بۇتلىرى) باتىلدۇر، ئاللاھ ئالىيدۇر، بۈيۈكتۇر.) سۈرە «لوقمان»، 30 ـ ئايەت

«إِنَّ اللَّهَ عِندَهُ عِلْمُ السَّاعَةِ وَيُنَزِّلُ الْغَيْثَ وَيَعْلَمُ مَا فِي الْأَرْحَامِ وَمَا تَدْرِي نَفْسٌ مَّاذَا تَكْسِبُ غَدًا وَمَا تَدْرِي نَفْسٌ بِأَيِّ أَرْضٍ تَمُوتُ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ» (قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئاللاھ يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بەچچىدانىدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىگىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بىجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) ئاللاھ بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىغىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىغىنى، ياخشى ـ يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىغىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىغىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر.) سۈرە «لوقمان»، 34 ـ ئايەت

«قُلْ مَن يَرْزُقُكُم مِّنَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ قُلِ اللَّهُ وَإِنَّا أَوْ إِيَّاكُمْ لَعَلَى هُدًى أَوْ فِي ضَلَالٍ مُّبِينٍ» (ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاسمانلاردىن ۋە زېمىندىن كىم رىزق بېرىپ تۇرىدۇ؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھ (رىزق بېرىپ تۇرىدۇ)، شۈبھىسىزكى، بىز ياكى سىلەر چوقۇم ھىدايەتتىدۇرمىز، يا روشەن گۇمراھلىقتىدۇرمىز».) سۈرە «سەبەئ»، 24 ـ ئايەت

«يَا أَيُّهَا النَّاسُ اذْكُرُوا نِعْمَتَ اللَّهِ عَلَيْكُمْ هَلْ مِنْ خَالِقٍ غَيْرُ اللَّهِ يَرْزُقُكُم مِّنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَأَنَّى تُؤْفَكُونَ» (ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟ ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، (ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟) سۈرە «فاتىر»، 3 ـ ئايەت

« إِن تَدْعُوهُمْ لَا يَسْمَعُوا دُعَاءَكُمْ وَلَوْ سَمِعُوا مَا اسْتَجَابُوا لَكُمْ وَيَوْمَ الْقِيَامَةِ يَكْفُرُونَ بِشِرْكِكُمْ وَلَا يُنَبِّئُكَ مِثْلُ خَبِيرٍ» (ئەگەر ئۇلارنى چاقىرساڭلار، سىلەرنىڭ چاقىرغىنىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ، ئاڭلىغان تەقدىر ـ دىمۇ سىلەرگە جاۋاپ قايتۇرالمايدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار (ئاللاھقا ئۇلارنى) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئىنكار قىلىدۇ، (مۇشرىكلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالىنى ھېچ ئەھەدى) ساڭا ھەممىدىن خەۋەردار زاتتەك (يەنى ئاللاھتەك) ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ.) سۈرە «فاتىر»، 14 ـ ئايەت

«يَا أَيُّهَا النَّاسُ أَنتُمُ الْفُقَرَاءُ إِلَى اللَّهِ وَاللَّهُ هُوَ الْغَنِيُّ الْحَمِيدُ» (ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھقا مۇھتاجسىلەر، ئاللاھ (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر.) سۈرە «فاتىر»، 15 ـ ئايەت

«إِنَّا نَحْنُ نُحْيِي الْمَوْتَى وَنَكْتُبُ مَا قَدَّمُوا وَآثَارَهُمْ وَكُلَّ شَيْءٍ أَحْصَيْنَاهُ فِي إِمَامٍ مُبِينٍ» ( ئۇلارغا (يەنى كۇففارلارغا) شەھەر (يەنى ئەنتاكىيە) ئاھالىسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر كەلگەن ئىدى.) سۈرە «ياسىن»، 12 ـ ئايەت

«سُبْحَانَ الَّذِي خَلَقَ الْأَزْوَاجَ كُلَّهَا مِمَّا تُنبِتُ الْأَرْضُ وَمِنْ أَنفُسِهِمْ وَمِمَّا لَا يَعْلَمُونَ» (ئاللاھ (پۈتۈن ئەيىپ ـ نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى. زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسە ـ لەرنىڭ ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر (يەنى

ئاجايىپ مەخلۇقاتلار) نىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار.) سۈرە «ياسىن»، 36 ـ ئايەت

«وَآيَةٌ لَّهُمْ أَنَّا حَمَلْنَا ذُرِّيَّتَهُمْ فِي الْفُلْكِ الْمَشْحُونِ» (ئۇلارغا (بىزنىڭ كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەت شۇكى، بىز ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنى (نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەرسە ـ كېرەك ۋە ھايۋاناتلار بىلەن) توشقۇزۇلغان كېمىسىگە چۈشۈردۇق.) سۈرە «ياسىن»، 41 ـ ئايەت

«وَخَلَقْنَا لَهُم مِّن مِّثْلِهِ مَا يَرْكَبُونَ» (بىز ئۇلار ئۈچۈن شۇ كېمىگە ئوخشاش ئۇلار چۈشىدىغان نەرسىلەرنى ياراتتۇق.) سۈرە «ياسىن»، 42 ـ ئايەت

«خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بِالْحَقِّ يُكَوِّرُ اللَّيْلَ عَلَى النَّهَارِ وَيُكَوِّرُ النَّهَارَ عَلَى اللَّيْلِ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ كُلٌّ يَجْرِي لِأَجَلٍ مُسَمًّى أَلَا هُوَ الْعَزِيزُ الْغَفَّارُ» (ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق ئاساسىدا ياراتتى. ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئۇلارنىڭ ھەر ـ بىرى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (يەنى قىيامەتكىچە ئۆز ئوقىدا) سەير قىلىدۇ، بىلىڭلاركى، ئۇ (يەنى ئاللاھ ئۆز ئىشىدا) غالىبتۇر. (بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى) تولىمۇ مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر.) سۈرە «زۇمەر»، 5 ـ ئايەت

«خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ ثُمَّ جَعَلَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَأَنزَلَ لَكُم مِّنْ الْأَنْعَامِ ثَمَانِيَةَ أَزْوَاجٍ يَخْلُقُكُمْ فِي بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ خَلْقًا مِن بَعْدِ خَلْقٍ فِي ظُلُمَاتٍ ثَلَاثٍ ذَلِكُمُ اللَّهُ رَبُّكُمْ لَهُ الْمُلْكُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَأَنَّى تُصْرَفُونَ» ( ئاللاھ سىلەرنى بىر ئادەمدىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتتى ۋە ھايۋانلاردىن سەككىزنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى،ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققى قىلدۇرۇپ (يەنى ئابىمەنى، ئاندىن لەختە قان، ئاندىن پارچە گۆش باسقۇچلىرىغا بۆلۈپ)، ئۈچ قاراڭغۇلۇق (يەنى بالا ھەمراھىنىڭ پەردىسى، بەچچىدان ۋە ئانىنىڭ قورسىقى) ئىچىدە

يارىتىدۇ، ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، پادىشاھلىق ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، قانداقمۇ (ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن ئۇنىڭدىن غەيرىيگە چوقۇنۇشقا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر.) سۈرە «زۇمەر»، 6 ـ ئايەت

«أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ أَنزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَسَلَكَهُ يَنَابِيعَ فِي الْأَرْضِ ثُمَّ يُخْرِجُ بِهِ زَرْعًا مُّخْتَلِفًا أَلْوَانُهُ ثُمَّ يَهِيجُ فَتَرَاهُ مُصْفَرًّا ثُمَّ يَجْعَلُهُ حُطَامًا إِنَّ فِي ذَلِكَ لَذِكْرَى لِأُوْلِي الْأَلْبَابِ» (سەن بىلمەمسەنكى، ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى. ئاندىن ئۇنى يەرگە سىڭدۇرۇپ بۇلاقنى پەيدا قىلدى. ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن رەڭگى خىلمۇ ـ خىل زىرائەتلەرنى ئۇندۇردى. ئاندىن ئۇ قۇرۇيدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىگىنى كۆرسەن. ئاندىن ئاللاھ ئۇنى شاخ ـ شۇمبىغا ئايلاندۇرىدۇ، ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئىبرەت بار.) سۈرە «زۇمەر»، 21 ـ ئايەت

«اللَّهُ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ» (ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر (ئۇلارنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ).) سۈرە «زۇمەر»، 62 ـ ئايەت

«لَهُ مَقَالِيدُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِ اللَّهِ أُوْلَئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ» (ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلـ ـغانلار ـ ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.) سۈرە «زۇمەر»، 63 ـ ئايەت

«يَعْلَمُ خَائِنَةَ الْأَعْيُنِ وَمَا تُخْفِي الصُّدُورُ» (ئاللاھ كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ.) سۈرە «غافىر»، 19 ـ ئايەت

«اللَّهُ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ اللَّيْلَ لِتَسْكُنُوا فِيهِ وَالنَّهَارَ مُبْصِرًا إِنَّ اللَّهَ لَذُو فَضْلٍ عَلَى النَّاسِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَايَشْكُرُونَ» ((كۈندۈزى ئىشلەپ يەتكەن ھارغىنلىقتىن) ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە

كېچىنى (قاراڭغۇ قىلىپ) ياراتتى، (تىرىكچىلىك يولىدا ھەركەتلىنىشىڭلار ئۈچۈن) كۈندۈزنى يورۇق ياراتتى. ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (ئاللاھنىڭ ئېھسانىغا شۈكرى قىلمايدۇ، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ۋە نېئمەتلىرىگە نانكورلۇق قىلىدۇ).) سۈرە «غافىر»، 61 ـ ئايەت

«أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ يُجَادِلُونَ فِي آيَاتِ اللَّهِ أَنَّى يُصْرَفُونَ» (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە جاڭجاللىشىۋاتقانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار قانداقمۇ (ھىدايەتتىن گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟) سۈرە «غافىر»، 69 ـ ئايەت

« وَمِنْ آيَاتِهِ أَنَّكَ تَرَى الْأَرْضَ خَاشِعَةً فَإِذَا أَنزَلْنَا عَلَيْهَا الْمَاء اهْتَزَّتْ وَرَبَتْ إِنَّ الَّذِي أَحْيَاهَا لَمُحْيِي الْمَوْتَى إِنَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ» ((بۇمۇ) ئاللاھنىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇركى، سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇرغان ۋاقتىمىزدا، زېمىن كۆتۈرۈلىدۇ ۋە كۆپۈشىدۇ، شۈبھىسىزكى، زېمىننى تېرىلدۈرگەن زات ئۆلۈكلەرنى ئەلۋەتتە تىرىلدۈرگۈچىدۇر، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.) سۈرە «فۇسسىلەت»، 39 ـ ئايەت

«إِلَيْهِ يُرَدُّ عِلْمُ السَّاعَةِ وَمَا تَخْرُجُ مِن ثَمَرَاتٍ مِّنْ أَكْمَامِهَا وَمَا تَحْمِلُ مِنْ أُنثَى وَلَا تَضَعُ إِلَّا بِعِلْمِهِ وَيَوْمَ يُنَادِيهِمْ أَيْنَ شُرَكَائِي قَالُوا آذَنَّاكَ مَا مِنَّا مِن شَهِيدٍ» (قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلىش پەقەت ئاللاھقا خاستۇر (يەنى قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ئاللاھتىن باشقا كىشى بىلمەيدۇ). مېۋىلەرنىڭ بوغۇنلىرىدىن چىقىشى، ھەرقانداق چىشىنىڭ ھامىلدار بولۇشى ۋە تۇغۇشى ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەستۇر، ئۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا: «مېنىڭ شېرىكلىرىم (يەنى سىلەر ماڭا شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلەر) قەيەردە؟» دەپ نىدا قىلىدۇ، ئۇلار: «ساڭا مەلۇم قىلىمىزكى، ئارىمىزدا ھېچ كىشى (سېنىڭ شېرىكىڭ بار دەپ) گۇۋاھلىق بېرەلمەيدۇ» دەيدۇ.) سۈرە «فۇسسىلەت»، 47 ـ ئايەت

«وَضَلَّ عَنْهُم مَّا كَانُوا يَدْعُونَ مِن قَبْلُ وَظَنُّوا مَا لَهُم مِّن مَّحِيصٍ»
(ئۇلار ئىلگىرى (يەنى دۇنيادىكى چاغدا) چوقۇنغان بۇتلىرى ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالىدۇ، ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان جاي يوق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ.) سۈرە «فۇسسىلەت»، 48 ـ ئايەت

«لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ»
(ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر ئاللاھنىڭدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئاللاھنىڭ تەسەررۇپىي ئاستىدىدۇر)، ئاللاھ ئۇستۈندۇر، كاتـ ـتىدۇر.) سۈرە «شۇرا»، 4 ـ ئايەت

«تَكَادُ السَّمَاوَاتُ يَتَفَطَّرْنَ مِن فَوْقِهِنَّ وَالْمَلَائِكَةُ يُسَبِّحُونَ بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَيَسْتَغْفِرُونَ لِمَن فِي الْأَرْضِ أَلَا إِنَّ اللَّهَ هُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ»
((ئاللاھنىڭ كاتتىلىقىدىن) ئاسمانلار يۇقىرى تەرىپىدىن يېرىلىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ، پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ، يەر يۈزىدىكىلەرگە مەغفىرەت تىلەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىبانـ ـدۇر.) سۈرە «شۇرا»، 5 ـ ئايەت

«أَمِ اتَّخَذُوا مِن دُونِهِ أَوْلِيَاء فَاللَّهُ هُوَ الْوَلِيُّ وَهُوَ يُحْيِي المَوْتَى وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ» (بەلكى ئۇلار ئاللاھتىن باشقىلارنى ئىگە قىلىۋالدى، پەقەت ئاللاھ ئىگىدۇر، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىر.) سۈرە «شۇرا»، 9 ـ ئايەت

«فَاطِرُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ جَعَلَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا وَمِنَ الْأَنْعَامِ أَزْوَاجًا يَذْرَؤُكُمْ فِيهِ لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ وَهُوَ السَّمِيعُ البَصِيرُ»
(ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچىدۇر، ئاللاھ سىلەرگە ئۆز جىنسىڭلاردىن جۈپتىلەرنى (يەنى ئاياللارنى) ياراتتى. ھايۋانلارغىمۇ ئۆز تىپىدىن جۈپتىلەرنى ياراتتى. بۇ ئارقىلىق ئاللاھ سىلەرنى كۆپەيتىدۇ، ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.) سۈرە «شۇرا»، 11 ـ ئايەت

«لَهُ مَقَالِيدُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ يَبْسُطُ الرِّزْقَ لِمَن يَشَاء وَيَقْدِرُ إِنَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ» (ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاللاھ خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى (سىناش يۈزىسىدىن) كەڭ قىلىدۇ، خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى (بالاغا مۇپتىلا قىلىپ سىناش يۈزىسىدىن) تار قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.) سۈرە «شۇرا»، 12 ـ ئايەت

«اللَّهُ لَطِيفٌ بِعِبَادِهِ يَرْزُقُ مَن يَشَاء وَهُوَ الْقَوِيُّ العَزِيزُ» (ئاللاھ بەندىلىرىگە كۆيۈنگۈچىدۇر، ئۇ خالىغان ئادەمگە (كەڭ) رىزق بېرىدۇ، ئاللاھ كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.) سۈرە «شۇرا»، 19 ـ ئايەت

«وَمِنْ آيَاتِهِ خَلْقُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا بَثَّ فِيهِمَا مِن دَابَّةٍ وَهُوَ عَلَى جَمْعِهِمْ إِذَا يَشَاء قَدِيرٌ» (ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ يارىتىلىشى ۋە ئۇ ئىككىسىدە جانىدارلارنىڭ يېيىلىشى ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىدىندۇر، ئاللاھ ئەگەر خالىسا، ئۇلارنى جەمئىي قىلىشقا قادىر ـ دۇر.) سۈرە «شۇرا»، 29 ـ ئايەت

«وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ خَلَقَهُنَّ الْعَزِيزُ الْعَلِيمُ» (ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلار ۋە زېمىننى كىم ياراتتى» دەپ سورىساڭ، ئۇلار: «ئەلۋەتتە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى غالىپ، ھەممىنى بىلگۈچى (ئاللاھ) ياراتتى» دەيدۇ.) سۈرە «زۇھرۇف»، 9 ـ ئايەت

«وَتَبَارَكَ الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا وَعِندَهُ عِلْمُ السَّاعَةِ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ» (ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان زات كاتتىدۇر، قىيامەتنىڭ (بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن (يالغۇز) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.) سۈرە «زۇھرۇف»، 85 ـ ئايەت

«أَوَلَمْ يَرَوْا أَنَّ اللَّهَ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَلَمْ يَعْيَ بِخَلْقِهِنَّ بِقَادِرٍ عَلَى أَنْ يُحْيِيَ الْمَوْتَى بَلَى إِنَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ» (ئۇلار (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى كوففارلار) بىلمەمدۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ۋە ئۇلارنى يارىتىشتا چارچاپ قالمىغان ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ دۇرۇس، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.) سۈرە «ئەھقاف»، 33 ـ ئايەت

« وَلِلَّهِ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ يَغْفِرُ لِمَن يَشَاءُ وَيُعَذِّبُ مَن يَشَاءُ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا» (ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ خالىغان ئادەمگە مەغفىرەت قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئازاپ قىلىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.)سۈرە «فەتىھ»، 14 ـ ئايەت

«أَفَلَمْ يَنظُرُوا إِلَى السَّمَاءِ فَوْقَهُمْ كَيْفَ بَنَيْنَاهَا وَزَيَّنَّاهَا وَمَا لَهَا مِن فُرُوجٍ» (ئۇلار ئاسماننى قانداق (تۈۋرۈكسىز) بەرپا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇنى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىگەنلىكىمىزگە، ئۇنىڭدا ھېچ قانداق يوچۇق يوقلۇقىغا قارىمامدۇ؟) سۈرە «قاف»، 6 ـ ئايەت

«رِزْقًا لِّلْعِبَادِ وَأَحْيَيْنَا بِهِ بَلْدَةً مَّيْتًا كَذَلِكَ الْخُرُوجُ» ((ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى) بەندىلەرنىڭ رىزقى ئۈچۈن (ئۆستۈردۇق)، ئۇ سۇ بىلەن ئۆلۈك (يەنى قاقاس) زېمىننى تىرىلدۈردۇق، ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر.) سۈرە «قاف» ،11 ـ ئايەت

«وَلَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنسَانَ وَنَعْلَمُ مَا تُوَسْوِسُ بِهِ نَفْسُهُ وَنَحْنُ أَقْرَبُ إِلَيْهِ مِنْ حَبْلِ الْوَرِيدِ» (بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىمىز، بىز ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز.) سۈرە «قاف» ،16 ـ ئايەت

«وَفِي الْأَرْضِ آيَاتٌ لِّلْمُوقِنِينَ» (زېمىندا ۋە ئۆزەڭلاردا ئاللاھقا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر.) سۈرە «زارىيات»، 20 ـ ئايەت

«هَلْ أَتَاكَ حَدِيثُ ضَيْفِ إِبْرَاهِيمَ الْمُكْرَمِينَ» ((ئى مۇھەممەد!) ساڭا ئىبراھىمنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىنىڭ خەۋىرى يەتتىمۇ؟) سۈرە «زارىيات» ،23 ـ ئايەت

«وَالسَّمَاء بَنَيْنَاهَا بِأَيْدٍ وَإِنَّا لَمُوسِعُونَ» (ئاسماننى قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن قۇدرەتلىكمىز.) سۈرە «زارىيات» ،47 ـ ئايەت

«فَفِرُّوا إِلَى اللَّهِ إِنِّي لَكُم مِّنْهُ نَذِيرٌ مُّبِينٌ» ((ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، « ئاللاھ تەرەپكە قېچىڭلار (يەنى ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىڭلار)، مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاللاھ تەرەپتىن (كەلگەن) ئوچۇق ئاگاھلانـ ـدۇرغۇچىمەن.) سۈرە «زارىيات» ،50 ـ ئايەت

«وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ» (جىنلارنى،ئىنسانلار ـ نى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.) سۈرە «زارىيات»، 56 ـ ئايەت

«فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ كَفَرُوا مِن يَوْمِهِمُ الَّذِي يُوعَدُونَ» (كافىرلارغا ۋەدە قىلىنغان كۈندىن كافىرلارغا ۋاي!) سۈرە «زارىيات» ،60 ـ ئايەت

«وَأَنَّ إِلَى رَبِّكَ الْمُنتَهَى» (ھەممىنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايى پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر.) سۈرە «نەجىم»، 42 ـ ئايەت

«فَبِأَيِّ آلَاء رَبِّكَ تَتَمَارَى» ((ئى ئىنسان!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ قايسى بىر نېمىتىدىن گۇمانلىنىسەن؟) سۈرە «نەجىم» ،55 ـ ئايەت

«إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي جَنَّاتٍ وَنَهَرٍ» (شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەنـ ـنەتلەردە بولىدۇ، (سۇ، مەي، ھەسەل، سۈت) ئۆستەڭلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.) سۈرە «قەمەر»، 54 ـ ئايەت

«الرَّحْمَنُ» (مېھرىبان ئاللاھ) سۈرە «رەھمان»، 1 ـ ئايەت

«فَبِأَيِّ آلَاء رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ» ((ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەر ـ ۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟) سۈرە «رەھمان»، 30 ـ ئايەت

«سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ» (ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا تەسبىھ

ئېيتتى، ئاللاھ غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.) سۈرە «ھەدىد»، 1 ـ ئايەت

«يُولِجُ اللَّيْلَ فِي النَّهَارِ وَيُولِجُ النَّهَارَ فِي اللَّيْلِ وَهُوَ عَلِيمٌ بِذَاتِ الصُّدُورِ» (ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ دىللاردىكى سىرلارنى بىلگۈچىدۇر.) سۈرە «ھەدىد»، 6 ـ ئايەت

«اعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ يُحْيِي الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا قَدْ بَيَّنَّا لَكُمُ الْآيَاتِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ» (بىلىڭلاركى، ئاللاھ زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ (يەنى قاقاس، قورغاق زېمىننى يامغۇر بىلەن كۆكەرتىدۇ)، بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ سىلەرگە (كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەرنى بايان قىلدۇق.) سۈرە «ھەدىد»، 17 ـ ئايەت

«تَبَارَكَ الَّذِي بِيَدِهِ الْمُلْكُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ» ((پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىننىڭ) پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.) سۈرە «مۇلك»، 1 ـ ئايەت

«أَمْ أَمِنتُم مَّن فِي السَّمَاءِ أَن يُرْسِلَ عَلَيْكُمْ حَاصِبًا فَسَتَعْلَمُونَ كَيْفَ نَذِيرِ» (ياكى ئاسماندىكى زاتنىڭ سىلەرگە تاش ياغدۇرىشىدىن قورقمامسىلەر؟ (سىلەر ئازاپنى كۆرگەن چاغدا) مىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمنىڭ قانداق ئىكەنلىگىنى (يەنى ھەق ئىكەنلىگىنى) بىلىسىلەر.) سۈرە «مۇلك»، 17 ـ ئايەت

«كَلَّا لَمَّا يَقْضِ مَا أَمَرَهُ» (ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى بۇ كاپىر ئىنسان تەكەببۇرلىغىدىن يانسۇن)، ئۇ ئاللاھنىڭ بۇيرىغانلىرىنى بەجا كەلتۈرمىدى.) سۈرە «ئەبەسە»، 23 ـ ئايەت

«مَّتَاعًا لَّكُمْ وَلِأَنْعَامِكُمْ» (سىلەرنىڭ ۋە ھايۋانلىرىڭلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، زېمىندا ئاشلىقلارنى، ئۈزۈمنى، ئوتياشلارنى، زەيتۇننى، خورمىنى، دەرەخلىرى قويۇق باغچىلارنى، تۈرلۈك مېۋىلەرنى، ئوت ـ چۆپلەرنى ئۆستۈردۇق.) سۈرە «ئەبەسە»، 32 ـ ئايەت

«إِنَّهُ هُوَ يُبْدِئُ وَيُعِيدُ» (ئاللاھ (خالايىقنى) ھەقىقەتەن يوقتىن بار قىلىدۇ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن ئۆلارنى) تىرىلدۈرىدۇ.) سۈرە «بۇرۇج»، 13 ـ ئايەت

«أَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِأَصْحَابِ الْفِيلِ» (پەرۋەردىگارىڭنىڭ فىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟) سۈرە «فىل»، 1 ـ ئايەت

«أَلَمْ يَجْعَلْ كَيْدَهُمْ فِي تَضْلِيلٍ» (ئۇ ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟) سۈرە «فىل»،2 ـ ئايەت

«وَأَرْسَلَ عَلَيْهِمْ طَيْرًا أَبَابِيلَ» (ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ ـ توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى.) سۈرە «فىل»،3 ـ ئايەت

«تَرْمِيهِم بِحِجَارَةٍ مِّن سِجِّيلٍ» (قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئېتىپ،) سۈرە «فىل»،4 ـ ئايەت

«فَجَعَلَهُمْ كَعَصْفٍ مَّأْكُولٍ» (ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن ساماندەك قىلىۋەتتى.) سۈرە «فىل»،5 ـ ئايەت



بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

# ئاللاھۇ تەئالانىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكى، پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكى، شەپقىتى، رەھمىتى، مەغپىرىتى چەكسىز ۋە تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئىسلامىيەتنىڭ دۈشمەنلىرى ھەرگىزمۇ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى بەلكى ئەبەدىي ئىبرەت بولۇپ قالىدىغانلىقىنىڭ مۆجىزىلىك بىشارەتلىرى

## 1) ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئىسمى شەرىپىنىڭ مۆجىزىلىك كۆرۈنۈشلىرى

بېشىدا ئاللا دېگەن خەت بار قازاق.



بېشىدا «بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق» دېگەن خەت بار ھالەتتە تۇغۇلغان بالا.



## ئالقاندىكى ھەيران قالدۇرارلىق بەلگىلەر







مەلۇمكى، ئەرەپچىدە 8 رەقىمى ٨ شەكلىدە ، 1 رەقىمى بولسا ١ شەكلىدە يېزىلىدۇ. شۇڭلاشقا سول ئالقىنىڭىزنىڭ ئۈستىدىكىسى 81 نى، ئوڭ ئالقىنىڭىز ئۈستىدىكىسى بولسا 18نى ئىپادىلەيدۇ. بۇ يەردە قىزىقارلىق بىر ئىپادە مەۋجۇت. ئۇ بولسىمۇ 81 بىلەن 18 نى قوشساق 99 بولىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئانى كەرىمدە بايان قىلىنغان 99 گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. ئوخشاشلا ئەگەر 81 دىن 18 نى ئېلىۋەتسەك 63 كېلىپ چىقىدۇ. بۇ دەل پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام شەرئىسىنى تاماملاپ ۋاپات بولغان ۋاقتىدىن ئىبارەت.

بۇلار سۆز سۈپىتىدە ئالقىنىڭىزدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە ئاللاھ ، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دېگەن مەنالار ئىپادىلەنگەن.




قولدىكى مۆجىزە

ئاللاھنىڭ ئىسمى بايقالغان كۆنەك



## بوۋاقنىڭ قۇلىغىدا كۆرۈنگەن «الله» دېگەن خەت



اسم الجلالة على أذن الطفل

تصوير: خليفة اليوسف

# اسم الجلالة في أذن مولود بدبي

كتب خالد بن هويدي: وضعت سيدة مواطنة طفلها الأول عند الساعة الثانية عشر والنصف ظهر أمس بمستشفى الوصل في دبي، حيث تبين للعائلة أن اسم الجلالة قد ارتسم على أذن المولود اليسرى، فيما اعتبر بأنه حالة نادرة تحدث في الدولة. وأكد والد الطفل خالد علي سالمين بأن ابنه الأول «محمد» قد ولد بحالة جيدة وطبيعية، ولم يلاحظ اسم الجلالة حين نظر إلى طفله لأول مرة، وإنما شاهدته الممرضة بالمستشفى، إلى أن تأكد بعدها من وجود اسم الجلالة واضحا على الأذن اليسرى للطفل.

«بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم» دېگەن خەت بار قوغۇن




«الله» دېگەن خەت بار قوغۇن




بۇ قوغۇندىكى خەت «رەسۇلۇللاھ»




بۇ قوغۇندىكى خەت «مۇھەممەد»



# ئەرەپچە خەت يېزىلغان بېلىق


بسم الله الرحمن الرحيم

In the Name of Allah, The Beneficent, The Merciful.

We will show them Our signs in all the regions of the earth and in their own souls, until they clearly see that this is the truth... [Fusilat : 53]

THE FISH TESTIFIES FOR THE PROPHET(S.A.W.):

The story of the fish began when Mr. George Wehbi, a Christian Lebanese, was practicing his fishing hobby, in Dakar, Senegal (the capital of West Africa). He caught many fish. When he went home his wife saw among them a strange fish about 50cms in length, with some Arabic writing on it. He took it to Sheikh al-Zein, who read clearly what was written in a natural way, that could not be done by a human being, but rather a Godly creation which the fish was born with. He read:**"God's servant"** on its belly and **"Muhammad"** near its head, and **"His Messenger"** on its tail.

بۇ ھەقتىكى ھكايە غەربىي ئافرىقىنىڭ پايتەختى سىنگال، داكاردا، بىر خىرىستىيان لەبانىيى جورجى ۋەھبى ئەپەندىم ئادىتى بويىچە بېلىق تۇتىۋاتقاندا باشلانغان. ئۇ نۇرغۇن بېلىقلارنى تۇتىۋېلىپ ئۆيگە قايتىپ بارغاندا، ئۇنىڭ ئايالى بەدىنىگە نۇرغۇن ئەرەپچە خەتلەر يېزىلغان، ئۇزۇنلۇقى ئەللىك سانتېمېتىر كېلىدىغان بىر غەلىتە بېلىقنى كۆرگەن .

ئۇلار تەبىئىي ھالدىلا شەكىللىنىپ قالغان بۇ خەتلەرنى ئېنىق ئوقۇيالايدىغان شەيخ ئەل زەيىننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغان. بۇ بىشارەتلەر بېلىق تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىنكى سۇنئىيلىكنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، ئەقىل كۆزىمىزنى چوڭراق ئېچىۋەتكەندە: بۇ بېلىق تۇغۇلىشىدىنلا ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن شۇ ھالەتتە يارىتىلغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

شەيخ ئەل زەيىن ئۇلارغا : بېلىقنىڭ قورسىقىغا ، « ئاللاھنىڭ مۇلازىمى» ، بېشىنىڭ يېنىغا «مۇھەممەد» ، قۇيرۇقىغا بولسا « ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دەپ يېزىلغانلىقىنى ئوقۇپ بەرگەن .


SPECIAL FISH ... Mohd Abdullah holding a toman with markings which resemble the Jawi writing for "Ya Allah Ya Malik".

Toman fish draw attention with unusual Jawi markings

بەدىنىدە «ئاللاھ ئاللاھ ئاللاھ ، لائىلاھە ئىللەللاھ ، يائاللاھ ، يا مالىك» دەپ يېزىلغان بېلىق.

بۇ خەت ھىندو- نوزىيىنىڭ ياۋا يېزىغىدا ئوخشايدىغان ھالەتتە بولۇپ، ھىندونوزىيىلىك موھد ئابدۇللاھ ئابدۇلقادىر ئىسىملىك كىشىنىڭ بېلىق بېقىش كۆلىدىكى توما نامىلىق بېلىقتا بايقالغان .



بۇ ئوسكار بېلىغىنىڭ بەدىنىدە اللەنىڭ ئىسمى بايقالدى

**گېرمانىيىنىڭ شەرقىدىكى ئاراماكو دېھقانچىلىق مەيدانىدا بايقالغان مۆجىزە**




بۇ مۆجىزە، شۇ مەيداندىكى ئورمانزارلىقتىكى دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئىنتايىن روشەن ئەرەپ يېزىغىدا «ئاللاھتىن باشقا ھېچ قانداق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئۇنىڭ ئەلچىسىدۇر» ، دەپ ئۆسكەنلىگىدىن ئىبارەت.

گېرمانىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئورماننى قاتتىق قورشاۋغا ئالغان بولۇپ ، ھەر قانداق ئادەمنى كىرگۈزمەيدۇ.

**«الله» دەپ ئۆسكەن كاكتۇس گۈلى**



**رۇكۇ قىلغان ھالدا ئۆسكەن دەرەخ**

بۇ دەرەخ ئاۋستىرالىيىنىڭ سىدنىي شەھىرىگە يېقىن بىر ئورمانلىقتا بايقالغان بولۇپ، ئەڭ ھەيران قالارلىقى مەككە ـ مۇكەررەمەدىكى كەئبىگە رۇكۇ قىلىشىدۇر.



**3)** سىرلانكا تسۇنامى دېڭىز قىرغىقىدا دولقۇن « الله » دېگەن خەتنى شەكىللەندۈردى:



**4) 2003 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى** ئامېرىكا ئالاسكا شتاتى ئاسمىنىدا تۇ ـ ۋەندىكىدەك نۇر پەيدا بولغان:



2005 ـ يىلى 7 ـ ئۆكتەبىردە ھىندونوزىيىنىڭ لەمبۇس
تاغلىق رايونىدا بۇلۇتتا اللەنىڭ نامى بايقالدى




بۇلۇتتا اللەنىڭ نامى
بايقالدى



ئۇلۇق اللەنىڭ نامىنى شەكىللەندۇرگەن قار
( تۈركىيىنىڭ ئەرجىيەس تېغىدا بايقالغان. )



ئۇلۇق اللەنىڭ نامىنى شەكىللەندۇر ـ
گەن بۇلۇت(ئاۋستىرالىيىدە بايقالغان)




ئۇلۇق اللەنىڭ نامى
ياھۇ خەرىتىسىنىڭ شىمالى
مەدىنە قىسمىدا كۆرۈندى



كەشمىر ئاسمان بوشلىغدا بۇلۇت الله
شەكلىدە كۆرۈندى




ئاكاتسىيەدەرىخى شېخىدا
الله نىڭ ئىسمى بايقالدى




ئەنگلىيىدە بىر دەرەختە اللەنىڭ ئىسمى شەكىللەنگەن






ئايدا اللەنىڭ
ئىسمى بايقالدى




ھىندىستاندا ئاتنىڭ
بەدىنىدە اللەنىڭ ئىسمى
بايقالدى.



ئۆسۈملۈكتە اللەنىڭ
ئىسمى بايقالدى.



اللەنىڭ ئىسمى لۈلە
گۈلدە بايقالدى.




اللەنىڭ ئىسمى
تۈركىيىنىڭ ئەرجىيەس
تېغىدا بايقالدى



اللەنىڭ ئىسمى سىرى
ـ لانكادا بىر سودىگەر
تەرىپىدىن گۈزەل بىر
كۈارتستا بايقالدى .

اللەنىڭ ئىسمى دەرەختە بايقالدى.



(جۇڭگودا)



(ھىندىستاندا)

اللەنىڭ نامى ئالوي ئۆسۈملىگىدە بايقالدى.

بۇ ئۆسۈملۈك ئادەتتە ئافرىقا، ماداغاسقار ۋە ئەرەپ ئەللىرىدە ئۆسىدۇ.



اللەنىڭ نامى تاۋۇزدا بايقالدى




اللەنىڭ نامى شوخلىدا بايقالدى



**ﺍﻟﻠﻪﻧﯩﯔ ﻧﺎﻣﻰ ﭘﻪﻟﻪﺳﺘﯩﻨﺪﻩ ﺑﯩﺮ ﻗﻮﺯﯨﻨﯩﯔ ﺑﻪﺩﯨﻨﯩﺪﻩ ﺑﺎﻳﻘﺎﻟﺪﻯ.**




ﺑﯘ ﺋﻪﮬﯟﺍﻝ ﺋﻪﻧـ ـ ـﮕﻠﯩﻴﻪ ﺭﺍﺩﯨﺌﻮ ﺷﯩﺮﻛﯩﺘﻰ (BBC) ﯞﻩ ﺭﻭﻳﺘﯧﺮ ﺧﻪﯞﻩﺭ ﺋﺎﮔﯧﻨﺘﻠﯩﻘﻰ ﺗﻪ ـ ﺭﯨﭙﯩﺪﯨﻦ 2004 ـ ﻳﯩﻠﻰ 3 ـ ﺋﺎﻳﻨﯩﯔ 22 ـ ﻛﯜﻧﻰ ﺧﻪﯞﻩﺭ ﻗﯩﻠﯩﻨﻐﺎﻥ.

ﻗﻮﺯﯨﻨﯩﯔ ﺋﯩﮕﯩﺴﻰ ﻳﻪﮬﻴﺎ ﺋﺎﺗﺮﺍﺵ ﺋﯩﺌﻮﺭﺩﺍﻧﯩﻴﻪ ﺩﻩﺭﻳﺎﺳﯩﻨﯩﯔ ﻏﻪﺭﺑﯩﻲ ﻗﯩﺮ ـ ﻏﯩﻘﯩﺪﯨﻜﻰ ﮬﯧﺒﺮﻭﻥ ﺷﻪ ـ ﮬﯩﺮﯨﺪﯨﻦ ﺑﻮﻟﯘﭖ، ﺭﻭﻳﺘﯧﺮ ﺧﻪﯞﻩﺭ ﺋﺎﮔﯧﻨﺘﻠﯩﻘﯩﻐﺎ ﺑﯘ ﻗﻮﺯﯨﻨﯩﯔ ﮬﻪﭘﺘﯩﻨﯩﯔ 1 ـ ﻛﯜﻧﻰ ﺗﯘﻏﯘﻟﻐﺎﻧﻠﯩﻘﯩﻨﻰ ، ﺭﺍﺩﯨﻜﺎﻝ ﺩﺍﮬﯩﺴﻰ ﺷﻪﻳﺦ ﺋﻪﮬﻤﻪﺩ ﻳﺎﺳﯩﻦ ﺗﻪﺭﯨﭙﯩﺪﯨﻦ ﺋﯚﻟﺘﯜﺭﯛﻟﮕﻪﻧﻠﯩﻜﯩﻨﻰ، ﻗﻮﺯﯨﻨﯩﯔ ﺑﻪﺩﯨﻨﯩﺪﻩ «ﺍﻟﻠﻪ» ﻧﺎﻣﯩﻨﯩﯔ ﺑﺎﻳﻘﯩﻠﯩﺸﻰ «ﺋﺎﻟﻼﮬﻨﯩﯔ ﺑﺎﺭﻟﯩﻘﯩﻨﯩﯔ ﺭﻭﺷﻪﻥ ﺩﯨﻠﯩﻠﻰ » ﺋﯩﻜﻪﻧﻠﯩﻜﯩﻨﻰ ﺋﯧﻴﺘﺘﻰ.

ﺧﺎﻣﺎﺱ ﺭﺍﺩﯨﻜﺎﻝ ﺗﻪﺷﻜﯩﻼﺗﯩﻨﯩﯔ ﺭﻭﮬﺎﻧﯩﻲ ﺩﺍﮬﯩﺴﻰ ﺷﻪﻳﺦ ﻳﺎﺳﯩﻦ ﺋﯩﺴﺮﺍﺋﯩﻠﯩﻴﯩﻨﯩﯔ ﺭﺍﻛﯧﺘﺎﻟﯩﻖ ﺑﻮﻣﺒﺎ ﮬﯘﺟﯘﻣﯩﺪﺍ ﺋﯚﻟﺘﯜﺭﯛﻟﺪﻯ. ﺋﯩﺴﺮﺍﺋﯩﻠﯩﻴﻪ ﺗﻪﺭﻩﭖ : «ﺋﯘ ﺋﯚﺯﯨﻨﻰ ﺋﯚﻟﺘﯜﺭﯛﯞﯦﻠﯩﺶ ﺧﺎﺭﻩﻛﺘﯧﺮﻟﯩﻚ ﮬﯘﺟﯘﻣﻨﻰ ﭘﯩﻼﻧﻼﺷﻘﺎ ﻗﺎﺗﻨﺎﺷﻘﺎﻥ »، ﺩﯨﺪﻯ.

ﺑﯩﺮ ﺩﯨﮭﻘﺎﻥ : «ﺑﯘ ﻗﻮﺯﻯ ﺋﯘﻟﯘﻕ ﻗﻪﮬﺮﯨﻤﺎﻥ ﺷﻪﻳﺦ ﺋﻪﮬﻤﻪﺩ ﻳﺎﺳﯩﻨﯩﯔ ﺷﻪﮬﯩﺘﻠﯩﻜﯩﻨﯩﯔ ﺧﺎﺗﯩﺮﯨﺴﻰ ﺋﯜﭼﯜﻥ ﺗﯘﻏﯘﻟﺪﻯ» ، «ﺑﯘ ﻗﻮﺯﯨﻨﯩﯔ ﺗﯘﻏﯘﻟﯩﺸﯩﻨﯩﯔ ﮬﺎﻳﺎﺕ ﺋﯜﭼﯜﻥ ﺑﯩﺮ ﺩﻩﺭﺱ ﺑﻮﻟﯘﭖ ﻗﯧﻠﯩﺸﯩﻨﻰ ﺋﯜﻣﯩﺖ ﻗﯩﻠﯩﻤﯩﺰ..... ﺑﯘ ، ﺷﻪﮬﯩﺖ ﭘﻪﻟﻪﺳﺘﯩﻨﺪﻩ ، ﺑﯘ ﻳﻪﺭﺩﻩ ﺑﯩﺰ ﺋﯜﭼﯜﻥ ﺑﯩﺮ ﺩﻩﺭﺳﺘﯘﺭ.» ﺩﯨﺪﻯ.

ﻧﯘﺭﻏﯘﻥ ﭘﻪﻟﻪﺳﺘﯩﻨﻠﯩﻜﻠﻪﺭ ﮬﻪﺭﺑﻰ ﮔﺎﺯﺍﺭﻣﯩﺪﯨﻦ ﭼﯩﻘﯩﭗ ، ﻗﻮﺯﯨﻨﯩﯔ ﻳﻪﻧﻪ ﺑﯩﺮ ﺗﻪﺭﯨﭙﯩﮕﻪ ﻳﯧﺰﯨﻠﻐﺎﻥ «ﻣﯘﮬﻪﻣﻤﻪﺩ» ﺩﯨﮕﻪﻥ ﺋﯩﺴﻤﯩﻨﻰ ﻛﯚﺭﯛﺵ ﺋﯜﭼﯜﻥ ﻛﯧﺘﯩﺸﺘﻰ.

ئاللاھنىڭ نامى كانادانىڭ برىتانىيە ـ كولومبىيە ئۆلكىسىدىكى ۋېيسلېر تېغىدا بايقالدى.




بىر گورۇپ ياش مۇسۇلمانلار تورونتودىن برىتانىيە ـ كولومبىيە ئۆلكىسىدىكى داۋاھ ساياھىتىنى باشلىدى. ئۇلار تورونتودىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن 6000 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى ۋېيسلېر تېغىنى زىيارەت قىلدى. ئۇلار تاغنىڭ ئۈست قىسمىدا ئاللاھنىڭ نامىنى باشقا بىر تاغدا كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇلار دەرھال سوغات بۇيۇم دۇكىنىدىن بىر دانە بىرلا قېتىم ئىشلىتىشكە بولىدىغان رەسىم ئاپاراتىنى سېتىۋالدى ۋە بۇ گۈزەل مەنزىرىنى تارتىۋالدى



ئاللاھنىڭ نامى پىدىگەندە بايقالدى.



Friday December 8 2000 EASTERN EYE 7

# Heavenly aubergine

SOMETHING heavenly has just entered a tiny home in the north of London in the holy month of Ramadan.

Kubra Kassam, 45, of Harrow, cut through an aubergine and was left flabbergasted at what she saw.

Instead of something to eat, she found an inscription of "Allah".

"It was a total surprise to all of us,' she told *Eastern Eye*."We are going to store it for long as we can. We will certainly not be eating it to break our fast."

The holy sighting has been confirmed by a local imam.

## ئاللاهنىڭ نامى بىر پارچە خەۋەر ماقالىسىدە بايقالدى



# Centre set to probe CCTV effectiveness

THE UNIVERSITY of Leicester Scarman Centre has received its biggest ever research award to find out if CCTV cameras really work.

A prestigious £1.3m contract for assessing CCTV has been awarded to the centre by the Home Office Crime Reduction Programme.

The project will be headed by centre director Martin Gill.

Professor Gill said: "Despite the growth in CCTV around the country there has been very little emphasis on rigorous evaluation.

"For example, we still do not know for sure the types of settings in which CCTV is most likely to be effective and the advantages and disadvantages associated with it.

"We see this project as a major step forward in filling this gap."

### EXPERTISE

A research team including Professor Peter Fisher (Geography) and Dr Ziggy MacDonald (Economics), who helped in the design of the research, will play an important role, alongside Scarman Centre staff, in the management of the project.

The evaluation, which will take three years, began in October, and will look at the ways in which CCTV initiatives work to reduce crime.

It brings together considerable expertise from various fields.

A total of 17 CCTV initiatives throughout England have been chosen for evaluation. They are to be installed in different settings, including car parks, estates and town centres. Each aims to address a specific problem identified in that area.

A range of information about each scheme will be collected by a team of nine fieldworkers headed by Polly Smith and Angela Spriggs, who have worked with Martin Gill on another evaluation study.

The research will include surveys to investigate fear of crime, and the effect of CCTV on public behaviour.

JUBILANT: Butcher Aziz Dudhwala, with the piece of lamb which he says has the name Allah written on it

# Butcher finds 'a sign from God' in cut of meat

A MUSLIM butcher is jubilant after finding the name Allah written in a £4 cut of meat.

Aziz Dudhwala plans to frame the three-inch square piece of lamb rib and hang it at his shop in Cork Street, Leicester, for customers to see.

Employee Rahim Malik, 37, was carving ribs when he saw what looked like Arabic script spelling out the name Allah in the fat and flesh.

He told Mr Dudhwala about his find and the meat was instantly wrapped and frozen.

Mr Dudhwala, 46, who has run Bolton Halal Poultry for six months and has 17 years' butchery experience, said: "We could see it clearly but it was a surprise. It will bring good luck to the business."

Mr Dudhwala, a father-of-six, said the meat came from a consignment due to be turned into mince.

He says hundreds of customers have visited the shop to see the meat.

Regular customer Shoyeb Shaik, 36, of Highfields, Leicester, said: "It is something very special which makes you stronger in your faith."

Religious leader Molana Mohammed Yusuf Surati, of the Islamic Education Centre, in Dorothy Road, Leicester, said: "It is a sign from God. Allah can do everything."

Residents in Leicester reported seeing Arabic script written in the moon on Tuesday morning.

Ashraff Singh, 20, a law student from Oadby, was called by a friend at 1.30am on Tuesday and, with the aid of binoculars, saw the name Allah written on the moon's surface.

He said: "I am keen to see what explanation scientists make of it."

A BBC Asian Network radio phone-in programme, which was broadcast on Tuesday morning, received more than fifty calls from listeners who had also witnessed the sight.

Shahid Raza, the head Imam at Leicester central mosque, said that the sightings were important for followers of Islam.

Astronomers at the Royal Observatory in Greenwich, London, blamed the sightings on an optical illusion.


Staying at Sand Bay Holiday Village
Only £105 per person
Tour includes en suite accommodation, insurance and experienced tour driver.
MACPHERSON
LOCAL PICK UP POINTS
YOUR HOME IN SPAIN COSTA BLANCA
£50,943
2 Bedroom Duplex Style Close to shops, bars, restaurants etc. etc, with communal pool.
£66,623
2/3 Bed Semi-Detached Bungalow with communal pool. Situated on Existing Urbanisation with shops, bars, restaurants.
ATLAS INTERNATIONAL - part of ATLAS group established in TORREVIEJA for 20 years invite you to an EXHIBITION of FREEHOLD HOMES on the COSTA BLANCA.
Prices range from £48,691 and include the land.
SPECIALISTS in LARGE VILLA DESIGN and SALES
ATLAS
EXHIBITION
LEICESTER


## اللەنىڭ ئىسمى ئوكياندا بايقالدى ( ئاپوللو11 دە تارتىلغان رەسىم)



ئاللاھنىڭ نامى پۈتكۈل ئافرىقا قىتئەسىدە كۆرۈندى









ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان دەلىل شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە پۈتكۈل يەر شارىنى ياراتقۇچىدۇر. بۇ كۆرۈنۈش گوللاندىيىدىكى ئالمېرېستېد تا ياشىغۇچى كەيخان موھماند تەرىپىدىن بايقالدى. ئامېرىكا ئامېرىكا دۆلەتلىك ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسىنىڭ تور بېكىتى ۋە بارلىق كىشىلەر (بۇلۇت قاتلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، «بىز بۇ ھادىسە بىلەن ئافرىقىدىكى باشقا رەسىملەر كۆرسەتكەن ئاللاھنىڭ نامىنى دەلىللىدۇق» دېدى. تۆۋەندىكى تور بېكەتلەرمۇ يۇقىرىدىكى رەسىملەرنى دەلىللەيدۇ:

http://www.africasunnews.com/nasa.html http://www.worldcountries.info/Africa.htm



**ئامېرىكا دۆلەتلىك تەتقىقات ئورنى «ناسا» نىڭ ئاپوللو 17 ـ نومۇرلۇق ئۇچقۇچىسىنىڭ ئايدىن يەرشارىغا نەزەر سېلىشى**

هۆججەت نامى :10075945.jpg

ئاپوللو 17 ـ نومۇرلۇق ئۇچقۇچىسى ئايدىن يەرشارىغا نەزەر سالدى ۋە رەسىم تارتتى. ئۇنىڭدا

ئاينىڭ ئوربىتىسىدىن ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغىچە سوزۇلغان كۆرۈنۈش بار بولۇپ، بۇ كۆرۈنۈش ئانتاركتىدىكى قېلىن مۇز قاتلىمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئاپوللو ئوربىتىسىدا تۇرۇپ كىشلەر تارتقان تۇنجى قېتىملىق رەسىم ھېساپلىنىدۇ. بۇ رەسىمدە ئافرىقا دېڭىز قىرغىغى لىبنىيسى ناھايىتى رۇشەن كۆرىنىدۇ. شۇنداقلا ئەرەپ يېرىم ئارىلى، ئافرىقىنىڭ شەرقى شىمال قىرغىغى، ماداغاسقار جۇمھۇرىيىتى ۋە ئاسىيا چوڭ قۇرۇغلۇقىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

كۆرۈنگەن ئاشۇ سۈرەتكە قاراپ بېقىڭ: (1972ـ يىلى 12ـ ئاينىڭ 7ـ كۈنى تارتىلغان)




## ئالمجاننىڭ پۇتىدىكى مۆجىزىلەر

بۇ تاجىكىستاندا تۇغۇلغان ئالمجان دېگەن بالىدا يۈز بەرگەن ھەقىقى ئىش بولۇپ، ئالمجاننىڭ ئاپىسىنىڭ دېيىشىچە، ئالمجاننىڭ پۇتىدىكى ئايەتلەر تۇغۇلىشىدىلا بار ئىكەن. ئالمجاننىڭ پۇتىدىكى ئايەت پەقەت ھەپتىنىڭ بىرى بىلەن جۈمە كۈنىلا پەيدا بولىدىكەن. ئەمما جۈمە كۈنى چىققان خەت بىلەن ھەپتىنىڭ بىرى چىققان خەت ئوخشاش بولمايدىكەن.

1 ـ رەسىم: پۇتىغا ئايەت چىققان ۋاقتىدىكى رەسىم بولۇپ ئۇ ئايەت:« ( قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) ئۇلارغا ھەقىقى بىلىش ئاساسىدا ئېيتىپ بېرىمىز، بىز ئۇلاردىن ئايرىلمىغان ئىدۇق» ( سۈرە «ئەئراف»، 7ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.)

1 - رەسىم



2 - رەسىم: يەنە بىر خىل خەت چىققان مەزگىلى



## رۇسىيەدىكى داغىستاندا تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ پۇتىدىكى قۇرئان ئايەتلىرى









## 2) ئاللاھۇ تەئالانىڭ قۇدرىتى ۋە شەپقىتى بىلەن يېتىپ كەلگەن مۆجىزىلەر

### (1) پەيغەمبەرلىرىمىز

ئايانكى، كىتابنىڭ «ئاپتوردىن» بۆلۈمىدە دەپ ئۆتكىنىمىدەكدەك، پۈتكۈل دۇنياغا نەزەر سالىدىغان بولساق، يىلىغا نەچچە مىليون ياش ئەۋلاتلار ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنى تاماملاپ «بىلىم ئەھلى» شەرپىي بىلەن جەمىيەتنىڭ ھەرخىل خىزمەت ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئىشقا كىرىشىدۇ.

كۆپ ئەپسۇس!___ مۇشۇنچىۋالا «بىلىم ئەھلى» بىلەن تولۇۋاتقان بۇ دۇنيا زادى نىمە ئۈچۈن قانخورانە زۇلۇم ـ كۈلپەتتىن ، بۇلاڭ ـ تالاڭدىن ، بوزەكخورلۇقتىن ، ئاجىزەلەر ، خۇسۇسەن نارىسىدەلەر ئاياق ئاستى قىلىنىش ئازاۋىدىن خالى بولالمايدۇ؟

زادى نىمە ئۈچۈن ئادالەت، ھەققەت يولىدا سۆزلىگەنلەر «گۇناھكار» ھېساپلىنىپ تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ پاجىئەلىك قىيىن ـ قىستاق ھەتتا ۋەھشيانە ئۆلتۈرۈلۈشكە مەھكۇم بولىدۇ؟

چۈنكى، ئۇ خىل رەزىل ، پەسكەش ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئاللاھۇ تەئالانىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىگىنى ئېتىراپ قىلمىدى ۋە شۇڭا ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئەمىر ـ ئەھكاملىرىنى ئاڭلىمىدى ، ئاڭلىسىمۇ ئەمەل قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىدى. بەلكى، ئاللاھۇ تەئالاغا قارشى تەلۋىلەرچە سۆز ـ ھەرىكەتتە بولۇشتىن باش تارتمىدى.

دېمەككى، ئاللاھۇ تەئالانىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىگى ، پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنى ياراتقۇچى ، شۇنداقلا مەرھەمتى ۋە مەغپىرتى چەكسىز، تەڭداشسىز ئۇلۇق ، قۇدرەتلىك زات ئىكەنلىگى تونۇپ يېتىلمىدى. تونۇغانلاردا بولسا مۇتلەق كۆپچىلىگىنىڭ سەممىيتى ۋە بۇ جەھەتتىكى پىداكارلىغى يېتەرلىك بولمىدى، ـ كاززاپلىق، ھىلىگەرلىك ۋە ھەتتا خائىنلىق قىلىش ئەۋج ئالدى!

ئاللاھۇ تەئالا دەل مانا شۇنداق شەيتانى قىلمىشلارنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھ ـ لاندۇرۇپ : ( ئى ئىنسانلار ! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر ، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت ) بىر ئاتا،بىر ئانىدىن ياراتتۇق ،ئۆز ـ ئاراتونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق ، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋابولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېساپلىنىسىلەر (يەنى ، كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولىشى نەسەپ بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ ) ،ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.( سۈرە «ھۇجۇرات» ، 13 ـ ئايەت) ، » دەپ، بۇ ئالەمگە

ياراتقان نەچچە مىڭ قەۋم ، مىللەتكە يول كۆرسىتىدىغان پەيغەمبەرلىرىنىمۇ ھىكمەت بىلەن تاللاپ ئىبەرتتى ۋە ئۇلارغا مۇناسىپ ئەمىر ـ ئەھكاملىرى پۈتۈلگەن دەستۇرلىرىنى ۋەھىيانە چۈشۈردى.

بۇ ھەقتە ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: « وَلِكُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولٌ فَإِذَا جَاء رَسُولُهُمْ قُضِيَ بَيْنَهُم بِالْقِسْطِ وَهُمْ لاَ يُظْلَمُونَ» ((ئۆتكەن ئۇممەتلەرنىڭ) ھەربىرىگە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن. (قىيامەت كۈنى) ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ. » («يۇنۇس» سۈرىسى ، 47 ـ ئايەت)

پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى توغرىسىدا بولسا : « وَرُسُلاً قَدْ قَصَصْنَاهُمْ عَلَيْكَ مِن قَبْلُ وَرُسُلاً لَّمْ نَقْصُصْهُمْ عَلَيْكَ وَكَلَّمَ اللّهُ مُوسَى تَكْلِيمًا» (بىز نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا بايان قىلغانلىرىمىزمۇ بار، ساڭا بايان قىلمىغانلىرىمىزمۇ بار. الله مۇساغا (بىۋاستە) سۆز قىلدى.) («نىسا» سۈرىسى، 164 ـ بەت) دەپ تەلىم بېرىدۇ.

پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ سانى توغرىسىدا ، ھەدىسلەردە 124 مىڭ ، ھەتتا 224 مىڭ ئىكەنلىكى، بۇلاردىن 315 نەپەر زاتنىڭ رەسۇل، باشقىلىرىنىڭ نەبى ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ.
پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېنىق سانىنى ئاللاھۇ تەئالا بىلىدۇ. ئېنىق بولغىنى، ئاللاھۇ تەئالا ھېچ بىر قەۋم ـ مىللەتنى پەيغەمبەر ئىبەرتمەي قالمىغانلىقى بولۇپ، ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرىمىزدۇر. قۇرئاندا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېيىلىدۇ: «مَّا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَا أَحَدٍ مِّن رِّجَالِكُمْ وَلَكِن رَّسُولَ اللَّهِ وَخَاتَمَ النَّبِيِّينَ وَكَانَ اللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمًا» ( مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) اللە نىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (الله ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ)، الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر (سىلەرنىڭ سۆز ـ ھەركىتىڭلاردىن ھېچ نەرسە اللە غا مەخپى ئەمەس) («ئەھزاب» سۈرىسى، 40 ـ ئايەت)

قۇرئانى كەرىمدە ، پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان 25 كىشىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇلارغا قوشۇپ يەنە ئۈچ ئىسىم تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇلار : ئۇزەير، لوقمان ۋە زۇلقەرنەيىن ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت. ئەمما قۇرئانى كەرىمدە بۇلارنىڭ پەيغەمبەر ياكى پەيغەمبەر ئەمەسلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بېرىلمىگەن. ئىسلام ئالىملىرى ۋە مەنبەلىرى ئىچىدە بۇ زاتلارنىڭ پەيغەمبەر ياكى ئەۋلىيا ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلار مەۋجۇت.


قال رسول الله صلى الله عليه وسلم:
الأنبياء أخوة ... ودينهم واحد
-رواه مسلم-
مۇھەممەد سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەم
خاتم الأنبياء والمرسلين
وقد أرسل الى الناس جميعا
عيسى
ئىسا
يحيى
يەھيا
زكريا
زەكەرىيا
سليمان
سۇلايمان
داود
داۋۇد
الياس
ئىلياس
اليسع
ئەلىيەسە
هارون
ھارۇن
موسى
مۇسا
يونس
يۇنۇس
أرسل الى اهل نينوى
يوسف
يۇسۇپ
يعقوب
ياقۇپ
ذو الكفل
زۇلكەفىل
ايوب
ئەييۇپ
أرسلا الى أهل دمشق
وما حولها من سورية
اسماعيل
ئىسمائىل
اسحق
ئىسھاق
ابراهيم
ئىبراھىم
شعيب
شۇئەيب
العرب العاربة
شطر السلالة العربية من أولاد سام
وهم العرب البائدة والعاربة والمستعربة
هود
ھۇد
صالح
سالىھ
أرسل الى ثمود في الحجر
لوط
لۇت
نوح
نۇھ
ادريس
ئىدرىس
ادم
ئادەم
قال رسول الله صلى الله عليه وسلم
الناس بنو ادم وادم خلق من تراب
شجرة الأنبياء المرسلين الذين قص الله علينا قصصهم في القران الكريم عليهم الصلاة والسلام

بۇ سىخىمدا كۆرسىتىلگەن پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىۋى تۆۋەندىكىچە:

1) ئادەم ئەلەيھىسسالام 2) ئىدرىس ئەلەيھىسسالام 3) نۇھ ئەلەيھىسسالام 4) ھۇد ئەلەيھىسسالام 5) سالىھ ئەلەيھىسسالام 6) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام 7) لۇت ئەلەيھىسسالام 8) ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام 9) ئىسھاق ئەلەيھىسسالام 10) ياقۇپ ئەلەيھىسسالام 11) يۈسۈف ئەلەيھىسسالام 12) ئەييۇپ ئەلەيھىسسالام 13) شۇئەيىپ ئەلەيھىسسالام 14) مۇسا ئەلەيھىسسالام 15) ھارۇن ئەلەيھىسسالام 16) داۋۇد ئەلەيھىسسالام 17) سۇلايمان ئەلەيھىسسالام 18) يۇنۇس ئەلەيھىسسالام 19) ئىلياس ئەلەيھىسسالام 20) ئەلىيەسە ئەلەيھىسسالام 21) زۇلكەفىل ئەلەيھىسسالام 22) زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام 23) يەھيا ئەلەيھىسسالام 24) ئىسا ئەلەيھىسسالام 25) ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛

### بۇلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى تۆۋەندىكىچە:

**ئادەم ئەلەيھىسسالام :**

ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ بوۋىسى بولۇپ، تۇنجى يارىتىلغان ئىنساندۇر. ئاللاھۇ تەئالا ئۇنى تۇپراقتىن يارىتىپ جان كىرگۈزگەن. ئۇنىڭغا شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى بىلدۈرگەن. ئاللاھۇ تەئالا ئۇنىڭ ئەۋلادىنى ئاللاھنى بىر ، دەپ تونۇشقا ۋە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ، ئۇنى زېمىندا تۇرغۇزۇشنى ئىرادە قىلغان. ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ، ئاللاھ پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان. پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى سەجدە قىلغان. پەقەت ئىبلىسلا سەجدە قىلىشتىن باش تارتقان. شۇڭا ئاللاھ ئىبلىسنى رەھمىتى دائىرىسىدىن قوغلىغان ۋە جەننەتتىن يىراق قىلغان. ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ ئايالى ھەۋۋانى جەننەتتە تۇرغۇزغان. ئۇلارغا جەننەتتىكى بارچە نازۇ ـ نېمەتلەردىن خالىغانچە بەھرىمەن بولۇشنى ئۇقتۇرغان. ئۇلارنى مەلۇم دەرەخقە يېقىنلىشىشتىن ۋە ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېيىشتىن مەنئى قىلغان. لېكىن ئىبلىس ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن قوغلانغانلىقىغا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى سەۋەپچى، دەپ قاراپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يامان كۆرۈپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئۆچ ئالماقچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئىبلىس مەزكۇر دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەن كىشىنىڭ ھەرگىز ئۆلمەيدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋانى ئۇنىڭدىن يېيىشكە ۋەسۋەسە قىلغان. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئۇنىڭدىن يەپ، پەرۋەردىگارى ئالدىدا گۇناھكار بولغان، ئاللاھ ئۇلارغا غەزەپلىنىپ ، ئۇلارنى ئۇلارغا بەرگەن نېمەتتىدىن مەھرۇم قىلغان ۋە ئۇلارنى ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بولغان ئىبلىس بىلەن قوشۇپ ئۇلار

تۇربۇاتقان جەننەتتىن يەر يۈزىگە چۈشۈرۈۋەتكەن.

شۇنداق قىلىپ ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا زېمىنغا چۈشۈرۈلدى. ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەنلىگى ئۈچۈن، جەننەتتىن مەھرۇم بولۇش جازاسىغا ئۇچرىدى. زېمىنغا شەيتانمۇ ئۇلار بىلەن بىللە چۈشتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىنسانىيەتنىڭ زېمىندىكى جاپا-مۇشەققەتلىك ھاياتى باشلاندى.

ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا زېمىنغا چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، خاتالىقى ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قىلدى. قىلمىشىغا ئۆكۈنۈپ زار-زار يىغلىدى. گۇناھى ئۈچۈن ئاللاھقا تەۋبە قىلدى. كېچە-كۈندۈز ئاللاھتىن گۇناھىنى ئەپۇ قىلىشىنى تىلىدى.

چۈنكى، ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئۇنىڭ جازاسىغا ئۇچراش ۋە ئۇنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشەلمەسلىكتىنمۇ ئېغىر زىيان ۋە بەختسىزلىك بولمايتتى.

«فَتَلَقَّى آدَمُ مِن رَّبِّهِ كَلِمَاتٍ فَتَابَ عَلَيْهِ إِنَّهُ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ» (ئادەم (ئەلەيھىسسالام) پەرۋەردىگارىدىن بىرقانچە سۆز تەلىم ئالدى (يەنى گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ئۇنىڭغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى)، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى.)( سۈرە «بەقەرە»، 37 ـ ئايەت)

ئاللاھ ئىنسانلارنى شەيتاننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىنىشقا، ئاتىسى ئادەمدىن ئىبرەت ئېلىپ، ھەر ۋاقىت سەزگۈر ۋە ھوشيار بولۇشقا بۇيرىدى.

ئاللاھۇ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: « يَا بَنِي آدَمَ لاَ يَفْتِنَنَّكُمُ الشَّيْطَانُ كَمَا أَخْرَجَ أَبَوَيْكُم مِّنَ الْجَنَّةِ يَنزِعُ عَنْهُمَا لِبَاسَهُمَا لِيُرِيَهُمَا سَوْءَاتِهِمَا إِنَّهُ يَرَاكُمْ هُوَ وَقَبِيلُهُ مِنْ حَيْثُ لاَ تَرَوْنَهُمْ إِنَّا جَعَلْنَا الشَّيَاطِينَ أَوْلِيَاء لِلَّذِينَ لاَ يُؤْمِنُونَ» (ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئانالارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرنىمۇ ئازدۇرمىسۇن، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالغۇزۇۋەتكەن ئىدى (يەنى ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بولۇپ قېلىشىغا شەيتان سەۋەبچى بولغان ئىدى). شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر، شۈبھىسىزكى، بىز شەيتانلارنى ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دوستى قىلدۇق.) ( سۈرە «ئەئراف»، 27 ـ ئايەت)

شۇنىڭدىن كېيىن ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللاھۇ تەئالا ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغان. ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادىنى ئىبلىس ۋە ئىبلىس گۇرۇھىنىڭ ئازدۇرىشىدىن ئاگاھلاندۇرغان. ئادەم بىلەن ھەۋۋاغا ئۇلار دەسلەپ كىرگەن جەننەتتىن بەھرىمەن بولۇشنىڭ توسۇلغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ياخشىلىق يولىمۇ، يامانلىق يولىمۇ بولغان بۇ دۇنيادىن ئىبارەت بىر تىرىكچىلىك باسقۇچىغا قەدەم

قويغانلىغىنى ئۇقتۇرغان.

بەزى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە ئادەم ئەلەيھىسسالام مىڭ يىل ياشىغان. مەشھۇر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە ، ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتتىن چىقىرىلغاندا ھىندىستاندىكى بىر تاققا چۈشكەن بولۇپ ، ئۇ ۋاپات بولغاندا شۇ تاغنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، مەككە ـ مۇكەررەمدىكى ئەبى قۇبەيس تېغىغا دەپنە قىلىنغان.

ئادەم ئەلەيھىسسالام قىسسىسىنى تۆۋەندىكى يەتتە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن :

1 ـ ئۇنى يارىتىشتىكى مەقسەت زېمىنغا خەلىپە (ئورۇنباسار) قىلىش؛

2 ـ ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى، ئۇ ھەققەتنى ـ مەرىپەتنى تونۇشقا قادىردۇر ؛

3 ـ ئادەم بىلەن ئىبلىس ئارىسىدىكى توقۇنۇش ؛

4 ـ ئىنسانىيەت ئانىسى ھەۋۋا بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكايىسى؛

5 ـ ئادەمنىڭ مۇكەللەف ( شەرىئەتكە تەكلىپ قىلىنغان ) مەخلۇق بولغانلىقى ؛

6 ـ زېمىنغا چۈشۈرۈلۈش ؛

7 ـ يەر يۈزىدىكى يېڭى ھايات.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىلىرى ئىنسانلارغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ يىپ ئۇچى بولماقتا ...

## ئىدرىس ئەلەيھىسسالام

ئىدرىس ئەلەيھىسسالام 83 يىل ياشىغان. بابىللىقلارغا ئاندىن مىسىرلىقلارغا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن. ئۇ، ئادەم ۋە شىس ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەرلىك ئەۋەتىلگەن ئۈچىنچى كىشىدۇر. ئۆلىمالار ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت ھەققىدە ھەرخىل قاراشلارغا ئىگە. بەزىلەر بابىلدا تۇغۇلغان دېسە، يەنە بەزىلەر مىسىردا تۇغۇلغان دەيدۇ. ئۇ تۇنجى ئىلىمنى كىچىك چاغلىرىدا شىس بىننى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئالغان . ئۇنىڭ ئىسمى «ھۇرمۇس» دېيىلىدۇ. بۇ ئىبرانىيچە«ئەخنۇخ » دېگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھۇ تەئالا ئۇنى روشەن ئەرەپچە قۇرئاندا ئاتىغىنى بولسا «ئىدرىس» دېگەن ئىسىمدۇر. ئۇ ئاللاھقا ئېتىقات قىلىش كېرەكلىگى توغرىسىدا دەۋەت ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە شەھەر قۇرۇلۇش مەدەنىيىتىگە تۇنجى قېتىم ئۇل سالغان. تۇنجى قېتىم شەھەر مەدەنىيىتى سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويغان .

## نۇھ ئەلەيھىسسالام :

نۇھ ئەلەيھىسسالام لامەكىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ 1 ـ بوۋىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى شىس ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىندۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلىغىدا 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 3900 ـ يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 2900 ـ يىلغىچىلىك تەخمىنەن 1000يىل ياشىغان. نوھ ئەلەيھىسسالام قۇرئاندا 43 ئورۇندا تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ بۇتپەرەس بىر قەۋمگە ـ بەنى راسىبلارغا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن. نۇھ ئەلەيھىسسالام 950 يىل تەۋھىدكە، — ھەق دىنغا — ئاللاھۇ تەئالاغا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت توغرا يولغا دەۋەت قىلىپ

بۇتپەرەسلىكنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇردى. ئەمما قەۋمى كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالدى. ھەتتا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا تۇرلۇك ئازاپ ـ كۈلپەتلەرنى يەتكۈزدى، قاتتىق ئۇرۇپ ھۇشىدىن كەتكۈزىۋېتىپ يولغا تاشلاپ قويۇپ ئۆلۈمىنى تىلەشتى. نۇھ ئەلەيھىسسالام بولسا : «ئى ئاللاھ! قەۋمىمگە مەغپىرەت قىلغىن. ئۇلار ئۇقمايدۇ.» دەيتتى، بەد دۇئا قىلمايتتى. «ئاللاھۇ تەئالا ئۇلارنىڭ نەسلىدىن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلىدىغان، ئىمان ئېيتىدىغان كىشىلەرنى چىقىرىشى مۇمكىن.» دەپ ئويلايتتى. ئىشەنچلىك رىۋايەتتە، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ سانى 80 نەپەر كىشى ئىدى، دېيىلىدۇ. كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىگە بۇتقا چوقۇنۇشنى تاشلىماسلىقنى، نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتماسلىقنى تەۋسىيە قىلاتتى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىتسىزلەنگەن چاغدا، ئاللاھۇ تەئالا ئۇنىڭغا قەۋم ئىچىدە ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا يەنە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدىغانلارنىڭ يوقلىغىنى ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈردى. بۇ چاغدا نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ، قەۋمىنى ھالاك قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى. ئاللاھۇ تەئالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ تۇفان بالاسىدا ھالاك بولىدىغانلىقىنى ۋەھيى قىلدى. تۇفان بالاسى يۈز بەرگەندە چىقىۋېلىشى ئۈچۈن، ئۇنى كېمە ياساشقا، كېمە ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئائىلىسىدىكىلەرنى، تەۋەلىرىنى كېمىگە سېلىشقا، ھەرخىل ھايۋاندىن ئەركەك ـ چىشى بولۇپ بىر جۈپتىن ئېلىۋېلىشقا بۇيرىدى. ئاللاھۇ تەئالانىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىش بۇيرىغى چۈشكەن چاغدا، ئاسماندىن يامغۇر قۇيۇلدى، زېمىننىڭ ھەممە يەرلىرىدىن سۇلار ئېتىلىپ چىقتى. پۈتۈن يەر ـ يۈزىنى سۇ بېسىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىدىكىلەر ـ دىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ھالاك بولدى. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىمۇ ئىمان ئېيتمىغانلىقى ۋە ئانىسى بىلەن بىللە كېمىگە چىقمىغانلىقى ئۈچۈن سۇغا غەرق بولدى. شۇھالدا يەر يۈزىدە كۇففارلاردىن بىرىمۇ قالمىغان چاغدا، ئاللاھۇ تەئالا بۇلۇتقا يامغۇرنى توختىتىشقا، زېمىننى سۇنى يۇتۇشقا ۋە يەر يۈزىدىكى ھاياتنى نورمال ھالەتكە قايتىشقا بۇيرىدى. كېمە ئىراقتىكى دەجلە دەرياسىنىڭ يېنىدىكى جۇدى ناملىق چوڭ تاغنىڭ يېنىغا بېرىپ توختىدى. ئاللاھ تەئالا نۇھ ئەلەيھىسسالام باشلىق كېمىدىكىلەرنى ئامان ـ ئېسەن كېمىدىن چۈشۈشكە بۇيرىدى. ئۇلار كېمىدىن مۇھەررەمنىڭ 10 ـ كۈنى، يەنى ئاشۇرا كۈنى چۈشكەن ئىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھۇ تەئالاغا شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن شۇ كۈندە روزا تۇتتى. ئۆزى بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەرنىمۇ ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇشقا بۇيرىدى. شۇ كۈندە روزا تۇتۇش بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە مىراس بولۇپ قالدى. ئىسلام دىنىدىمۇ ئاشۇرا كۈندە روزا تۇتۇش ئېتىراپ قىلىندى.

توپان بالاسىنىڭ قاچان يۈز بەرگەنلىكى مەجھۇلدۇر. كېيىن نۇھ ئەلەيھىسسالام ئازغىنا ئىنسانلار بىلەن يەرشارىنى قايتا قۇرۇپ چىقماقچى بولغان.

**ھۇد ئەلەيھىسسالام**

ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سامغا بېرىپ تو ـ

تىشىدۇ . ئۇنىڭ نامى قۇرئانى كەرىمدە يەتتە يەردە تىلغا ئېلىنىدۇ. جۈملىدىن قۇرئانى كەرىمدە مەخسۇس بىر سۈرە هۇد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. هۇد ئەلەيهىسسالام تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 2500 ـ يىللىرىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 2200 ـ يىللىرىغىچىلىك بولغان يىللار ئارىسىدا 150 يىل ياشىغان بولۇپ، ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەمالىقەلەردىن بولغان چوڭ قەبىلە - ئاد قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن. ئاد قەۋمى بىر بوۋىسىنىڭ ئىسمى بىلەن «ئاد قەۋمى» دەپ ئاتالغان.

ئاللاهۇ تەئالا نۇه ئەلەيهىسسالامنىڭ قۇتۇلدۇرۇلغان ئەۋلاتلىرىغا كاتتا بەرىكەت ئاتا قىلغان بولۇپ، ئۇرۇق ـ ئەۋلاتلىرى، مال ـ چارۋىلىرى ئاجايىپ كۆپ ئىدى. ئاد قەۋمىنىڭ ياشىغان زېمىنىمۇ ئاجايىپ گۈزەل ، ياپ ـ يېشىل بوستانلىق ئىدى.

ئۇلار ئاللاهۇ تەئالانىڭ مۇنچە كۆپ نېمەتلىرىگە رەھمەت ئېيتمىدى. شۈكۈر قىلمىدى. جۈملىدىن ئاللاهۇ تەئالانىڭ نۇه قەۋمىگە نېمە ئۈچۈن توفان بالاسىنى ئەبەرتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنىمۇ ئۇنۇتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتى. كۆڭلىرىنى يەپ ـ ئىچىش، ئويۇن ـ تاماششا بىلەن ئۆتكۈزۈشتى. باشقىلار يەپ ـ ئىچىشكە ، كىيىنىشكە بىر نەرسە تاپالماي قىيىنچىلىق ئىچىدە قېلىۋاتسا كارى بولماي، ئۆزلىرى بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىپ كاتتا ئۆي ـ ئىمارەت سېلىشىپ، پۇل ـ مالىلىرىنى بۇزۇپ چاچتى.

ئاد قەۋمىنىڭ كىشلىرى ناھايىتى بەستلىك ، كۈچتۈڭگۈر بولۇپ، هېچ كىمدىن قورقمايتتى . ئەمما ھەممە كىشلەر ئۇلاردىن قورقاتتى.

ئاللاهۇ تەئالا بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولۇپ ، زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن ، ئاد قەۋمىگە ئۇلارنى ھىدايەت يولىغا باشلايدىغان پەيغەمبەر سۈپىتىدە هۇد ئەلەيسسسالامنى ئەبەرتتى.

هۇد ئەلەيهىسسالام ئۇلارنى ئاللاهۇ تەئالا تەرەپكە دەۋەت قىلىپ ، ئاللاهۇ تەئالادىن باشقا هېچ ئىلاھ يوقلىغىنى، ئاللاهۇ تەئالاغىلا ئىبادەت قىلىش زۆرۈرلىگىنى، ئاللاهۇ تەئالانىڭ رەھمىتى ۋە شەپقىتىگە تۈزكورلۇق قىلماسلىق كېرەكلىگىنى ، ئۇنداق بولمىغاندا نۇه ئەلەيهىسسالامنىڭ قەۋ- مىدەك هالاكەتكە يۈزلىنىدىغانلىغىنى ئېيتتى.

ئاد قەۋمى هۇد ئەلەيهىسسالامنىڭ نەسىھەتلىرىنى قايتا ـ قايتا ئاڭلىغان بولسىمۇ ، يانىلا ئىمان كەلتۈرمىدى، بەلكى بۇتپەرەسلىك ـ كۇپرىلىقتا چىڭ تۇرۇپ، هۇد ئەلەيهىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىگىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار هۇد ئەلەيهىسسالامغا ئازار ـ كۈلپەت يەتكۈزەتتى. ھەتتا ئۇنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرغان ئىدى.

ئاللاهۇ تەئالا ئاد قەۋمىنىڭ بۇ قىلمىشى ئۈچۈن ، هۇد ئەلەيهىســــــالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇلارنى قەھەتچىلىككە دۇچار قىلدى. ئۇلارنىڭ زېمىندا ئۈچ يىل يامغۇر ياغمىدى. قۇرغاقچىلىق تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرى قۇرۇپ كەتتى. هايۋاناتلىرى هالاك بولدى. ئاندىن يەتتە كېچە ـ كۈندۈز شىددەتلىك بۇران

ئاپتى پەيدا قىلىپ قاتتىق جازالىدى، بۇ كاپىر قەۋم كىشىلىرىنىڭ جەسەدى يەر ـ زېمىنغا تولدى ۋە قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم بولدى.

ئاد قەۋمى هالاك بولغاندىن كېيىن، هۇد ئەلەيهىسسالام ئۆزى ۋاپات بولغانغا قەدەر هەزرەمەۋتتە تۇرغان، ئۇ هەزرەمەۋتنىڭ شەرق تەرىپىگە دەپنە قىلىنغان. پەلەستىنلىكلەر ئۇنىڭ قەبرىسى پەلەستىندە دېيىشىدۇ. توغرىسى ئالدىنقى قاراشتۇر.

**سالىھ ئەلەيهىسسالام**

سالىھ ئەلەيهىسسالام تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللىرىدىن 1900 ـ يىللىرى ئارىسىدا 57 يىل ياشىغان. شام بىلەن يەمەن ئارىسىغا جايلاشقان هىجر دېگەن يۇرتتا ياشايدىغان سەمۇد ئەهلىگە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن. سەمۇدلار ئىسمائىل ئەلەيهىسسالام دەۋرىدىن كېيىن، مۇسا ئەلەيهىسسالام دەۋرىدىن بۇرۇن ياشىغان. ئۇلارغا ئاللاھۇ تەئالا كۆپ نېمەت بەرگەن بولۇپ، ئۇلار تاغلارنى پارچىلاپ ئەكېلىپ ئۆيلەرنى سېلىشاتتى.

سەمۇد قەۋمىنىڭ زېمىنى يېشىللىق بىلەن قاپلانغان بەك گۈزەل زېمىن ئىدى. كىشىلىرى بىناكارلىق، تېرىقچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكتە ئاد قەۋمىدىن قېلىشمايتتى. خۇسۇسەن، ئەقىل ـ پاراسەت، هۈنەر ـ سەنئەتتە ئاد قەۋمىدىن نەچچە هەسسە يۇقىرى ئىدى.

ئاللاھۇ تەئەلا ئۇلارغا هەر قانداق ياخشىلىق ۋە بايلىقنىڭ ئىشىكلىرىنى كەڭرى ئاچقان ئىدى.

بىراق، ئۇلارمۇ ئازغۇندىلىق قىلىشىپ، تاشتىن ياسالغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتى.

ئاللاھۇ تەئالا بۇلارنىمۇ هىدايەتكە يېتەكلەش ئۈچۈن، پەيغەمبەر سۈپىتىدە سالىھ ئەلەيهىسسالامنى ئەۋەتتى. سالىھ ئەلەيهىسسالام ئۇلارنى ئاللاھۇ تەئالا تەرەپكە بۇرۇلۇشقا ئۈندەپ:

«ئى قېرىنداشلىرىم! سىلەر ئۆزۈڭلارنى مۇشۇ ئوردا ـ سارايلاردا مەڭگۇ تۇرىمىز، ئۆلمەيمىز، دەپ ئويلامسىلەر؟ مۇشۇ باغۇ ـ بوستانلاردىن مەڭگۇ پايدىلىنىمىز، دەپ خىيال قىلامسىلەر؟

ياق، هەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. ئاتا ـ ئاناڭلار نېمىشكە ئۆلۈپ كەتتى؟ ئۇلارنىڭمۇ سىلەرنىڭكىدەك هەددى ـ هېسابسىز بايلىقى بار ئىدىغۇ؟ بۇ بايلىقلار ئۇلارغا پايدا بەردىمۇ؟ ئەجىلىڭلار كەلگەن چاغدا سىلەرمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئۆلىسىلەر. ئاللاھۇ تەئالا سىلەرنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈپ، هېساپ ئالىدۇ.

سىلەر نېمىشكە كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىسىلەر؟ نېمىشكە ئۇلارنىڭ هەققىنى يەۋالىسىلەر؟

مەن پەقەت سىلەرگە نەسىهەت قىلىپ، پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەمرىنى سىلەرگە يەتكۈزىمەن.» دېدى.

ئۇلار: «سەن هەقىقەتەن سېهىر قىلىنغانلاردىنسەن. سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش

بىر ئىنسانسەن. ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، بىرەر مۆجىزە كەلتۈرۈپ باق.» دېدى ۋە «مونۇ تاغدىن بىر بوغاز تۆگە چىقارغىن، تۆگە كۆز ئالدىمىزدىلا تۇغسۇن» ، دېدى.

سالىھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھۇ تەئالاغا دۇئا قىلىپ ، كىشىلەر ئۆتتۈرىغا قويغان تەلەپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىشنى تىلىدى. دۇئا ئىجابەت بولدى.

ئەمما ، ئازساندىكى كىشىلەردىن باشقىلار يانىلا ئىمان ئېيتمىدى. ھەتتا سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەندى - نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي تۆگىنى بوغۇزلىۋەتتى. يەنە سالىھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ خوتۇن - باللىرىنى ئۆلتۈرىۋېتىش سۇيىقەستىنىمۇ پىلانلاشتى.

ئاللاھۇ تەئالا بۇتپەرەسلىك ۋە بۇزغۇنچىلىقتا چەكتىن ئاشقان بۇ كاپىر قەۋمنى يەر تەۋرەش ئاپىتى بىلەن ھالاك قىلدى.

سالىھ ئەلەيھىسسالام قەۋمى ھالاك بولغاندىن كېيىن «رەملە» دېگەن يەرگە، پەلەستىن تەرەپلەرگە كەتكەن، ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە ئاي ياشىغان .

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بابىل زېمىندا تۇغۇلغان. ئۇ ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سامنىڭ نەسلىدىن ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسىدا **1000** يىلدىن ئارتۇق ۋاقت ئۆتكەن. بابىللىقلار يۇلتۇزلار ۋە بۇتلارغا چوقۇناتتى. ئۇلار پادىشاھ نەمرۇد ئىبنى كەنئاننى ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ئازەر قەۋمى چوقۇنىدىغان بۇتلارنى ياسايتتى. ئەمما ئاللاھۇ تەئالا ھىدايەت ئاتا قىلغاچقا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ساغلام ئەقىدە ئاساسىدا ئۆستى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇتلارنى ئۆچ كۆردى ھەتتا بۇتلىرىنى چېقىپ تاشلىدى ۋە قەۋمنى بۇتلارغا چوقۇنماسلىققا ، بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىردى. لېكىن قەۋمى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتتى. نەمرۇد بولسا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۇرىۋېتىشقا بۇيرىدى. ئەمما ئاللاھۇ تەئالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان ئوتنىڭ ئىچىدە ئامان - ئېسەن ساقلىدى. بۇ چاغدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى سارە بىلەن شامغا ، ئاندىن مىسىرغا ھىجرەت قىلدى. مىسىرنىڭ پادىشاھى سارەنى ئىگەللەپ ئېلىشنى قەستلىگەن بولسىمۇ ، ئاللاھۇ تەئالا سارەنى پادىشانىڭ شەررىدىن ساقلىدى. پادىشا سارەگە سارەنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ھاجەرنى بەردى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سارە بىلەن پەلەستىنگە بېرىپ تۇردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ياشىنىپ قالغان ئايالى سارەدىن بالا يۈزى كۆرمىگەن چاغدا ئۇنىڭغا خىزمەتچىسى ھاجەرنى بەردى. ھاجەردىن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. بۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى ئېلىپ مەككىگە باردى. بۇ چاغدا مەككە قاقاس چۆل بولۇپ، ئادىمزات ياشمايتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئانا - بالا ئىككىسىنى بىر خالتا خورما ۋە بىر تۇلۇم سۇ بىلەن بۇ يەردە قويۇپ، ئۆزى پەلەستىنگە قايتىپ كەتتى. سۇ تۈگەپ كېتىپ ھاجەر بىلەن ئىسمائىل

قاتتىق تەشنا بولدى. ھاجەر سۇ ئىزدەپ يېقىن ئەتراپتىكى تاغلاردىن سافا تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ۋادىغا قاراپ ئادەمزاتنى كۆزلىدى. ئاندىن مەرۋە تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ، ئۇ يەردىمۇ ئادەمزاتنى كۆزلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا يەتتە قېتىم ماڭدى. شۇ چاغدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ تاپىنى بىلەن ( قانىتى بىلەن دېگەن رىۋايەتمۇ بار) يەرنى تېپىۋىدى زەمزەم سۈيى ئېتىلىپ چىقتى. بۇ چاغدا قۇشلار كېلىپ ئەتراپنى ئايلىنىشقا باشلىدى. بۇ يەردىن ئۆتكەن جۇرھۇم قەبىلىسى قۇشلارنى كۆرۈپ ، بۇ يەردە سۇ بارلىقىنى بىلىپ ، زەمزەمنىڭ يېنىغا كېلىشتى. ئۇلار ھاجەردىن چېدىرلىرىنى زەمزەمگە يېقىنراق جايغا تىكىشكە ئىجازەت سورىدى. ھاجەر ئىجازەت بەردى. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ يەر ئاۋاتلىششقا باشلىدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام چوڭ بولۇپ ، جۇرھۇم قەبىلىسىدىن ئۆيلەندى. ئۇلاردىن ئەرەبچىنى ئۆگەندى. ھاجەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەلەستىندىكى چاغدا ۋاپات بولدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى يوقلاپ مەككىگە كەلگەندىن كېيىن ، ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئەمرى بويىچە ئوغلى ئىسمائىل بىلەن كەئبىنى بىنا قىلىشقا كىرىشتى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام تاش ئەكىلىپ بېرەتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلىنى قوياتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كەئبىنى ياساپ پۈتتۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەككە مۇكەررەمە ئاۋات بولدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ناھايىتى مېھماندوست ئىدى. شۇڭا ئۇ مېھمانلارنىڭ ئاتىسى بولغان ۋە «مېھمانلارنىڭ ئاتىسى» دېگەن نامغا ئىگە بولغان. ئۇ يەنە «پەيغەمبەرلەرنىڭ بوۋىسى»دەپمۇ ئاتالغان. چۈنكى ، بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەۋلادىدۇر . ئۇ، مىلادىدىن بۇرۇنقى **1861** - يىلدىن **1686** - يىلغىچىلىك **185**يىل ياشىغان. «ئەۋر» دېگەن يۇرتتىكى كەلدانىلىقلارغا ۋە بابىللىقلارغا ئەۋەتىلگەن. ئىسلام دىنى، يەھۇدىي دىنى، خرىستىئان دىنىدا بولسۇن، ئۇنىڭ ئورنى ھەقىقەتەنمۇ زوردۇر. ئاللاھۇ تەئالا ئۇنى «ئەڭ يېقىن دوستۇم» دەپ ئاتىغان. ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەي ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھۇ تەئالانىڭ رىزالىقى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلماقچى بولغان. قۇربانلىق قىلىش شۇ دەۋردىن باشلانغان. ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئوغلىدۇر.

**لۇت ئەلەيھىسسالام**

لۇت ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تۇققىنى ھارۇننىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان ئىدى. ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن بارلىق سەپەرلەردە بىللە بولاتتى. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قانچىلىك ياشىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. مىلادىدىن بۇرۇنقى **1861** - يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى **1686** - يىلغىچىلىك ياشىغان. ئۇ تاغىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ياشىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھىدايىتىگە ئەگەشكەن. كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىراقتىن ھىجرەت قىلىپ چىققان. ئاللاھۇ تەئالا ئۇنى ئۆلۈك دېڭىزنىڭ يېنىدىكى ئوردۇننىڭ شەرقىدە ياشايدىغان سەدۇم ئەھلىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. بۇ كىشىلەر ئىنتايىن ئەخلاقسىز ئىنسانلار بولۇپ، يامان ئىشلارنى ئاشكارا قىلىۋېرەتتى. مۇساپىرلارنى بۇلاپ - تالايتتى، بەچچىۋازلىق قىلاتتى. لۇت

ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا پەندى ـ نەسىھەت قىلىپ ، ئۇلارنى يامان ئاقىۋەتكە قېلىشتىن ئاگاھلاندۇردى. لېكىن ئۇلار ئاسىيلىق قىلىپ ، يامان ئىشلاردىن يانمىدى. لۇت ئەلەيھىسسالامغا «تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمىز» ، «يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىمىز» دەپ تەھدىت سالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ، چىرايلىق ياش يىگىتلەر سۈرىتىدە پەرىشتەلەرنى ئەۋەتتى. بۇ چاغدا لۇت ئەلەيھىسسالام پەرىشتەلەرنى ئادەمزات، دەپ ئويلاپ ، بۇ مېھمانلىرىغا قەۋمىنىڭ يامان مۇئامىلىدە بولىشىدىن ئەنسىرىدى. يۇرتنىڭ كىشىلىرى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھمانلىرى بىلەن يامان ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلغان چاغدا ،لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا : «مېھمانلىرىم ئالدىدا مېنى رەسۋا قىلماڭلار. سىلەر ئۈچۈن ئاياللىرىڭلار ئەڭ پاكتۇر.» دېدى. ئۇلار لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى. بۇ چاغدا پەرىشتەلەر لۇت ئەلەيھىسسالامغا ئىككى قىزى ۋە ئايالى بىلەن بىرلىكتە يۇرتىدىن چىقىپ كېتىشنى ، ھېچ قايسىنىڭ ئارقىسىغا قارىماسلىقنى ئېيتتى. ئۇلار پەرىشتەلەرنىڭ ئېيتقىنىچە قىلدى. پەقەت لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىلا بولىدىغان ئازاپنى كۆرۈش ئۈچۈن ئارقىسىغا قارىغان ئىدى، ئۇمۇ قەۋمى بىلەن بىللە ھالاك بولدى. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىنىڭ كۆڭلى قەۋمى بىلەن بىرگە ئىدى، ئىمان ئېيتمىغان ئىدى. ئاللاھۇ تەئالا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاش ياغدۇرۇش ئارقىلىق ھالاك قىلدى. لۇت ئەلەيھىسسالام ئامان قالدى.

بەزى ئارخېئولوگلار ئۆلۈك دېڭىز ئاستىدا لۇت قەۋمى ياشىغان دەۋردىكى قالدۇق ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنى بايقىغان.

**ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام**

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 1781 ـ يىللىرىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1638 ـ يىللىرىغىچىلىك ۋاقىت ئارىسىدا 120يىل ياشىغان. مەككە ئەتراپىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرىگە ئەۋەتىلگەن. ئۇ ئانىسى ھاجەر بىلەن مەككىگە كېلىپ ئۇنى ئاۋات قىلغان. ئۇ ئەرەپلەشكەن ئەرەپلەرنىڭ تۇنجى بوۋىسىدۇر. ئۇنىڭ شەرىپى بىلەن زەمزەم بۇلىقى ئېتىلىپ چىققان. ئۇ بوغۇزلىنىشتىن ئىبارەت چوڭ سىناققا دۇچ كەلگەن. ئۇ دادىسى بىلەن بىللە بۈيۈك كەئبە مۇشەررەفەنىڭ ئۇلىنى باسقان. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەر ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نەسلىدىندۇر. ئۇ مەككىدە ۋاپات بولغان بولۇپ، ئانىسى ھاجەرنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. بۇ رەسۇلۇللاھ تۇغۇلۇشىدىن 2200 يىل بۇرۇنقى ئىش ئىدى .

**ئىسھاق ئەلەيھىسسالام**

ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقىدىن پەرىشتەلەر ئالدىن خەۋەر بەرگەن. ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى سارە ئىدى. ئىسھاق ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەن چاغدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام 100 ياشتا ئىدى. بەنى ئىسرائىلنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىندۇر. مىلادىدىن بۇرۇنقى 1761 ـ يىللىرىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1581 ـ يىللىرىغىچىلىك ۋاقىت ئارىسىدا 180 يىل ياشىغان. پەلەستىن ۋە شام

يۇرتلىرىدىكى كەنئانلىقلارغا ئەۋەتىلگەن. ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئىيس»، «يەئقۇب» دەپ ئىككى بالىسى بولغان. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بىلەن زۇلكىفل ئەلەيھىسسالام ئىيسنىڭ ئەۋلادى بولىدۇ. ئىسھاق ئەلەيھىسسالام كەنئاندا ۋاپات بولغان بولۇپ، دادىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان .

## ياقۇپ ئەلەيھىسسالام (توغرىسى : يەئقۇپ ئەلەيھىسسالام)

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام مىلادىدىن بۇرۇنقى 1800 ـ يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1653 ـ يىلغىچىلىك 147يىل ياشىغان . ئۇ ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامدىن بولغان نەۋرىسىدۇر. تەۋراتتا يەئقۇپ ئەلەيھىسسالام «ئىسرائىل» دەپ ئاتالغان. بۇ ئىبرانىچە سۆز بولۇپ، ئاللاھنىڭ بەندىسى دېگەن بولىدۇ. تارىخچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، يەئقۇپ ئەلەيھىسسالام پەلەستىندىكى كەنئان زېمىندا تۇغۇلغان بولۇپ، دادىسى ئىسھاق تەربىيىسىدە چوڭ بولغان. ئۇنىڭ تۆت ئايالى بولغان. ئاللا ئۇنىڭغا 12 ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلغان . بۇنيامىندىن باشقىلىرى ئىراقتا تۇغۇلغان، بۇنيامىن كەنئاندا تۇغۇلغان. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئاكىلىرى قەستلەپ قۇدۇققا تاشلىۋەتكەندىن كېيىن يىغلاپ كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالغان. كېيىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئىبەرتكەن پەيغەمبەرلىك نىشانىسى بولغان كۆينەكنى كۆزىگە سۈرتكەندىن كېيىن ئېچىلغان .

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام قىسسىسى «سۈرە يۇسۇف»دە خېلى تەپسىلي بايان قىلىنىدۇ.

## يۇسۇف ئەلەيھىسسالام

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام مىلادىدىن بۇرۇنقى 1610 ـ يىلدىن 1500 ـ يىلغىچىلىك 110يىل ياشىغان. ئۇ ئىنتايىن گۈزەل بولۇپ،سەۋرچان ئىدى. كىچىك ۋاقتىدا چۈشىدە ئاي، قۇياش، يۇلتۇزلار ئۇنىڭغا ھۆرمەت سەجدىسى قىلغان . كېيىن ئاكىلىرى ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋەتكەن، ئۇ قۇل قىلىپ سېتىلغان. مىسىر ۋەزىرىنىڭ ئايالىدىن ئۆزىنى پاك تۇتقانلىقى ۋە ئۇ ئايال مەخسىدىگە يىتەلمەي ئۆچ ئېلىشقا ئۇرۇنغانلىقى سەۋەبىدىن تۈرمىدە ئون ئىككى يىل ياتقان. ئاللاھۇ تەئالا ئۇنىڭغا «چۈش تەبىرى ئىلمى»نى ئىنئام قىلغان. ئۇنىڭ ھاياتى ئاسانلىق بىلەن قىيىنلىق، باياشاتچىلىق بىلەن تارچىلىق ئارىسىدا بولغان. ئاللاھۇ تەئالا ئۇنىڭغا سۇلتانلىقنى ئاتا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن مىسىردا بۇتپەرەسلىككە ئۆزۈل ـ كېسىل خاتىمە بەرگەن. ئۇ مىسىرغا دەپنە قىلىنغان دەپ ئېيتىلىدۇ. لېكىن بۇ ئىشەنچلىك گەپ ئەمەس، ئۇنى بەنى ئىسرائىل مىسىردىن چىققاندا بىللە ئېلىپ چىقىپ «نابلىس» دېگەن يەرگە دەپنە قىلغان .

## ئەييۇف ئەلەيھىسسالام

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن ئىدى. ئاللاھۇ تەئالا ئۇنى نۇرغۇن بايلىققا ئىگە قىلدى ، كۆپ پەرزەنت ئاتا قىلدى. تېنىنى كېسەللەر چىرمىۋالدى. ئەييۇف ئەلەيھىسسالام بۇ بالا ـ قازالارغا سەۋر قىلىپ ، ئاللاھۇ تەئالاغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ ، ئىلگىرىكى تەقۋادارلىقى بۇيىچە ئاللاھۇ تەئالادىن مەمنۇن بولدى. ئۇنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولغان رەھمە

ئىسمىلىك ياخشى بىر مۆئمىن ئايالى بار ئىدى. ئۇ ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بىلەن راھەت ـ پاراغەتتە ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىرگە ئىدى. ئەمما شەيتان ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىغا ۋەسۋەسە قىلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىشقا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال : «بۇ بالالارغا قاچانغىچە چىدايمىز؟» دېدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئاچچىقلىنىپ :«راھەت ـ پاراغەتتە قانچە ۋاقىت بولدۇم؟» دېدى. ئايالى «80 يىل» دېدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام: « بالايى ـ ئاپەت ئىچىدە قانچە ۋاقىت تۇردۇم؟» دېدى. ئايالى : «يەتتە يىل » دېدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام: «بالايى ـ ئاپەت ئىچىدە تۇرغان ۋاقتىمنىڭ ئۇزاقلىغى بالايى ـ ئاپەتتە تۇرغانچىلىك بولمىسا ، ئاللاھۇ تەئالادىن بالايى ـ ئاپەتنى كۆتۈرىۋېتىشنى تىلەشتىن ئۇيالمامدىمەن؟» دېدى. ئاندىن : « ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ساقىيىپ قالسام سېنى چوقۇم 100 قامچا ئۇرىمەن» دېدى. ئاندىن ئاللاھۇ تەئالاغا ئىلتىجا قىلىپ: «پەرۋەردىگارىم، مېنى زىيان ـ زەخمەت ئورىۋالدى. سەن ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇرسەن.» دەپ دۇئا قىلدى. ئاللاھۇ تەئالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى ـ ئاپەتلەرنى كۆتۈرىۋەتتى . ئاللاھۇ تەئالا ئۇنى پۇتى بىلەن يەرنى تېپىشكە بۇيرىدى. ئۇ پۇتى بىلەن يەرنى تېپىۋىدى ، يەردىن سوغۇق سۇ ئېتىلىپ چىقتى. ئاللاھۇ تەئالا ئۇنى شۇ سۇدىن ئىچىشكە ۋە شۇ سۇ بىلەن يۇيۇنۇشقا بۇيرىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كېسىلى ساقىيىپ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئەسلىگە كەلدى. ئاللاھۇ تەئالا ئۇنى بىر باغلام چۆپ بىلەن ئايالىنى ئۇرۇشقا بۇيرىدى. ئۇ بىر باغلام چۆپ بىلەن ئايالىنى ئۇرۇپ قەسىمىدىن چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئارىدىكى ئاداۋەت كۆتۈرۈلۈپ كەتتى ۋە ئۆمۈر بويى ۋاپادار بولۇپ ياشىدى. ئاللاھۇ تەئالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا يەنە مال ـ دۇنيا ۋە 26 ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلدى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام رۇم خەلقىغا پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەن ئىدى. تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 15 ـ 16 ـ ئەسىر ئارىسىدا 92 يىل ياشىغان.

**شۇئەيب ئەلەيھىسسالام**

شۇئەيىپ زامانىسىدا مەديەن ۋە ئەيكەلىكلەرمۇ ئاللاھۇ تەئالاغا شېرىك كەلتۈرەتتى. ئۆلچەم ۋە تارازىدا كەم بىرەتتى. كارۋانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارغا تەھدىت سالاتتى، قورقۇتاتتى.

ئۇلار ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئالدىدا ھېساپ بېرىشنى ئويلىمايدىغان ، ئازاپتىن قورقمايدىغان مۇتەكەببىر ۋە ھاكاۋۇر بايلارغا ئوخشاش زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىشنى ئويلايتتى.

ئاللاھۇ تەئالا ئۇلارغا شۇئەيىپ ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. شۇئەيىپ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ :

ـ « ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار. ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر. ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرمەڭلار. مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىنى قورشاپ تۇرغۇچى كۈن (قىيامەت كۈنى) نىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇشۇڭلاردىن قورقىمەن!

ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمدە دۇرۇست بولۇڭلار. تارازىنى توغرا تارتىڭلار. كىشىلەرگە

نەرسىلەرنى كەم بەرمەڭلار. يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ، پىتنە ـ پاسات تېرىماڭلار.» دېدى.

ئەپسۇسكى، شۇئەيىپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا قىلغان دەۋىتى ۋە نەسىھىتىنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى بولمىدى. بەلكى ئۇلارمۇ ئىلگىرىكىلەر ئېيتقان : «وَمَا أَنتَ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُنَا وَإِن نَّظُنُّكَ لَمِنَ الْكَاذِبِينَ»، «فَأَسْقِطْ عَلَيْنَا كِسَفًا مِّنَ السَّمَاءِ إِن كُنتَ مِنَ الصَّادِقِينَ» ( سەن سېھىر قىلىنغۇچىلاردىنسەن. سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش ئاددىي ئادەمسەن. سېنى بىز ھەقىقەتەن يالغانچى ، دەپ ئويلايمىز. ئەگەر سۆزۈڭدە راستچىللاردىن بولساڭ ، بىزگە ئاسماندىن ئازاپ چۈشۈرگىن.) (سۈرە «شۇئەرا»، 186 ـ 187 ـ ئايەتلەر) دېدى.

نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان، ئاللاھۇ تەئالانىڭ نېئمىتىگە شۈكۈر قىلمىغان كاپىر ئۈممەتنىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشاش بولدى. «فَأَخَذَتْهُمُ الرَّجْفَةُ فَأَصْبَحُواْ فِي دَارِهِمْ جَاثِمِينَ».« الَّذِينَ كَذَّبُواْ شُعَيْبًا كَأَن لَّمْ يَغْنَوْاْ فِيهَا الَّذِينَ كَذَّبُواْ شُعَيْبًا كَانُواْ هُمُ الْخَاسِرِينَ» ( ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلەندى. ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى. شۇئەيبنى ئىنكار قىلغانلار (ئاللاھنىڭ ھالاك قىلىشى بىلەن) گويا بۇيەردە تۇرمىغاندەك (يەنى ياشىمىغاندەك) بولۇپ قالدى. شۇئەيبنى ئىنكار قىلغانلار زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى.) ( سۈرە «ئەئراف» ، 91 ـ 92 ـ ئايەتلەر)

«فَتَوَلَّى عَنْهُمْ وَقَالَ يَا قَوْمِ لَقَدْ أَبْلَغْتُكُمْ رِسَالاَتِ رَبِّي وَنَصَحْتُ لَكُمْ فَكَيْفَ آسَى عَلَى قَوْمٍ كَافِرِينَ» (شۇئەيب ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلىپ ، «ئى قەۋمىم! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزدۈم ۋە نەسىھەت قىلدىم. مەن قانداقمۇ كاپىر قەۋمگە قايغۇراي!» دېدى.) (سۈرە «ئەئراف»، 93 ـ ئايەت)

شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ زىكرى قۇرئاندا ئون يەردە كېلىدۇ. قانچىلىك ياشىغانلىقى ئېنىق ئەمەس . تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 15 ـ ، 16 ـ ئەسىرلەر ئارىسىدا ياشىغان. «ئەسھابۇل ئەيكە» دەپ ئاتىلىدىغان مەديەن ئەھلىگە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن. بۇ لۇت ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى دەۋر ئىدى. ئەھلى مەديەن ئەرەپ ئىدى. ئۇلار تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشمىگەندە، ئاللا ئۇلارغا ئاسماندىن ئوت ياغدۇرۇپ، كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قەۋمى ھالاك بولغاندىن كېيىن بىر مەزگىل ياشىغان بولۇپ، بۇ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ۋاپاتى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشى ئارىسىغا توغرا كېلىدۇ .

## مۇسا ئەلەيھىسسالام

مۇسا ئەلەيھىسسالام مىلادىدىن بۇرۇنقى 1436 ـ يىللىرىدىن 1316 ـ يىللىرىغىچىلىك 120يىل ياشىغان. بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن.

ئەسلىدە ، مۇسا ئەلەيھىسسالام مىسىردا پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغان ئىدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ۋاپاتىدىن كېيىن مىسىرغا بىر قىسىم ھۆكۈمرانلار سۇلتانلىق قىلغان.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتىدىن بولغان كەنئانلىقلار ئىسرائىل ئەۋلاتلىرى دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار مىسىرغا يېڭى كەلگەن چاغلىرىدا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈز ئابرۇيى سەۋەپلىك قىزغىن كۈتىۋېلىنغان ، ناھايىتى ئەتىۋالانغان ئىدى.

بىراق، ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ئۇلار نوپۇز ۋە بايلىق ئىگىلىرىگە ئايلاندى. ئۇلارنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلۇپ ، مال ـ دۇنياغا دۈم چۈشىدىغان، كىشىلەرنى ئاللاھقا دەۋەت قىلمايدىغان بولدى. بۇ تۇپەيلى يەرلىك مىسىرلىقلاردا ئۇلارغا بولغان دوستلۇق، قېرىنداشلىق مېھرى يوقۇلۇشقا باشلىدى ۋە : «ئىسرائىل ئەۋلاتلىرىنىڭ مىسىردا ھېچ قانداق ھەققى يوق. ئۇلار باشقا شەھەردىن كەلگەن. مىسىر بولسا مىسىرلىقلارغا مەنسۇپ...» دېدى ۋە ۋەلىد ئىبنى مۇسئەب دېگەن بىرسى ھۆكمرانلىق تەختىگە ئولتۇردى.

مىسىر پادىشاھلىرىنىڭ ئورتاق نامى بولسا فىرئەۋن دېيىلەتتى. ۋەلىد ئىبنى مۇسئەب قېرىندىشى قابۇس ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولغان.

ئۇ مىسىرنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەھۋال تېخىمۇ ناچار بولۇشقا باشلىدىكى ، ئىسرائىل ئەۋلاتلىرىنى رەھىم ـ شەپقەت ۋە ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك ئادەتتىكى ئىنسان دەپمۇ قارىمىدى. شۇڭا، ئۇلارنى ھايۋاننى خورلىغاندەك خورلىدى.

زالىم فىرئەۋن ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن چاغلايتتى. ئاللاھۇ تەئالاغا ئىشەنمەيتتى. بەلكى ئۆزىنى «مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن.» دەيتتى ۋە كىشىلەرنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا، ئىتائەت قىلىشقا ۋە سەجدە قىلىشقا ئەمىر قىلاتتى. ئىسرائىل ئەۋلاتلىرى بولسا ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن فىرئەۋنىنىڭ ئەمرىنى رەت قىلغان ئىدى. شۇ سەۋەپلىك فىرئەۋنىنىڭ ئۇلارغا غەزەپ ـ نەپرىتى بەكمۇ كۈچلۈك ئىدى.

مىسىرنىڭ يەرلىك خەلقى قىبتىدىن بولغان بىر كاھىن فىرئەۋنگە: «ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئىچىدە بىر بوۋاق تۇغۇلىدۇ. سېنىڭ پادىشاھلىقىڭ ئۇنىڭ قولىدا ۋەيران بولىدۇ.» دېگەندىن كېيىن فىرئەۋنىنىڭ ساراڭلىقى تۇتۇپ ، چىرىكلىرىنى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئىچىدە تۇغۇلغان ھەر قانداق بوۋاقنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تۇغۇلغانلىكى بوۋاق بوغۇزلاپ تاشلاندى.

ئەمما ئاللاھۇ تەئالا فىرئەۋن قورقۇپ ، ئەنسىرەپ تۇرغان ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى

ئىرادە قىلدى ۋە مۇسا ئىسمىلىك بوۋاقنىڭ تۇغۇلىشى ۋە فىرئەۋن ئائىلىسىدە خېيىم - خەتەرسىز ئۆسۈپ - چوڭ بولىشىنى ھىكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇردى ھەتتا ئۇنى پەيغەمـ - بەر لىككە تاللىدى ۋە مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئەمرى بىلەن فىرئەۋنىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئاللاھۇ تەئالانىڭ دېگىنى بۇيىچە سىلىق - سىپايە سۆزلەپ ، ئۇنى ئاللاھ تەرەپكە قايتىشقا دەۋەت قىلدى. ئەمما زالىم فىرئەۋن ئۇنىڭ تەبلىغ - تەشەببۇسلىرىغا ئەھمىيەت بىرىشنىڭ ئورنىغا تۇرلۇك ۋەھىمىلىك گەپلەرنى قىلىپ تەھدىت سالدى. ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھۇ تەئالا ئاتا قىلغان مۆجىزىلىرى بىلەن فىرئەۋنىنى ئارقىمۇ - ئارقا يېڭىۋەردى.

بۇنىڭغا بەرداشلىق بىرەلمىگەن فىرئەۋن ئاخىرىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈ - رىۋېتىشكە ئورۇندى. بۇ چاغدا فىرئەۋن خانىدانىغا مەنسۇپ بىر مۇئمىن كىشى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

- سىلەر «پەرۋەردىگارىم ئاللاھ!» دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرەمسىلەر؟ ھالبۇكى ئۇ سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدىن رۇشەن دېلىللەرنى ئېلىپ كەلدى. سىلەر نىمىشقا ئۇنىڭغا قارشى تۇرىسىلەر؟ نىمىشقا ئۇنىڭغا ئازار بېرىسىلەر؟ ئەگەر ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭلار ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بەرسەڭلار بولمامدۇ؟ ئەگەر ئۇ (پەيغەمبەرلىك داۋاسىدا) يالغانچى بولسا ، يالغانچىلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا ئازار بەرسەڭلار ، مۇبادا ئۇ پەيغەمبەر بولۇپ قالسا ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىپ قالىسىلەر. ئەگەر ئۇ راستچىل بولسا ، ئۇ سىلەرنى قورقۇتقان ئازاپنىڭ بىر قىسمى سىلەرگە كېلىدۇ.

ئى قېرىنداشلىرىم! سىلەر ھوقۇق، كۈچ - قۇۋەت ۋە لەشكەرلىرىڭلار بىلەن مەغرۇرلانماڭلار. ئى قەۋمىم، بۈگۈن سەلتەنەت سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردا. مىسىر زېمىنىدا سىلەر غالىپسىلەر. ئەگەر بىزگە ئاللاھنىڭ ئازاۋى كەلسە ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا بىزگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟

ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ نۇھ ، ئاد ، سەمۇد ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگە ئوخشاش جامائەلەر ئۇچرىغان جازاغا ئۇچرىشىڭلاردىن قورقىمەن. ئاللاھ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلىشنى خالىمايدۇ.

سىلەر قىيامەتنىڭ نىمىلىگىنى بىلەمسىلەر؟ < ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئاتا - ئانىسىدىن، خوتۇن - بالىلىرىدىن قاچىدۇ. ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدىكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ. بۇ كۈندە دوستلار بىر - بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ. پەقەت (خۇدالىق ئۈچۈن دوستلاشقان) تەقۋادارلارلا (ئۇنداق ئەمەستۇر). ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇققانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. ئۇ كۈندە پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان ئۇلۇغ ئاللاھ : < بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ غالىپ بىر ئاللاھقا خاستۇر> دەپ جاكارلايدۇ. ئۇ

كۆندە كىشلەر قورقۇپ بىر- بىرىنى چاقىرىشىدۇ. بىر - بىرىدىن قاچىدۇ. ئاللاھتىن باشقا ھېچ قۇتقۇلدۇرغۇچى بولمايدۇ. ئاللاھ كىمنى گۇمراھ قىلىدىكەن، ئۇنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ. ئاللاھ سىلەرگە نىئمەت بەرگەن ئىدى، بىراق سىلەر ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمىدىڭلار. بۇ نىئمەت يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئۇنى قەدرلەش لازىملىقىنى بىلمىدىڭلار. ئۇ ئالەمدىن ئۆتتۈۋىدى، < ۋاي ئىست ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىدى، ئالى جاناپ زات ئىدى، مۇنداق زات ئەمدى دۇنياغا كەلمەيدۇ.> دەپ ھەسرەت چەكتىڭلار. « شەك - شۈبھىسىزكى ، ئىلگىرى سىلەرگە يۈسۈف (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن) رۇشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن دېلىلىدىن سىلەر ھامان شەكلەندىڭلار. تاكى ئۇ ۋاپات بولغاندا ، (دەلىل - پاكىتسىز) ھالدا ، ئاللاھ ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدۇ دېدىڭلار.». سىلەر ھامان شۇنداق دەيسىلەر. مۇشۇ پەيغەمبەردىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىسىلەر. سىلەر ھامان پۇشايمان يەيسىلەر.»

بۇ مۇئمىن ئادەم شۇنچە كۆپ نەسىھەت قىلسىمۇ پايدىسى بولمىدى. ئەكسىنچە ئۇلار بۇ مۇئمىن ئادەمنى ئۆلتۈرىۋەتمەكچىمۇ بولۇشتى. ئەمما جەنابىي ئاللاھ ئۇنى قوغداپ ، دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلىۋەتتى.........

* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *

فىرئەۋن ئوردىسىدا ، ئاللاھۇ تەئالانىڭ ھىكمىتى ۋە مەغپىرىتى بىلەن مۇسۇلمان بولغان يەنە بىر شەخس فىرئەۋننىڭ ئايالى ئىدى.

فىرئەۋن ئۆزىنى كىشىلەرنىڭ جىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندەك، ئەقلىگىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىمەن ، كىشىلەرنىڭ تىللىرىنى كونترول قىلغاندەك ، دىللىرىنىمۇ كونترول قىلىمەن ، دەپ ئويلايتتى. ئەمما ئاللاھۇ تەئالا ئىنسانلارنىڭ جىسمىنى، ئەقلىنى، تىلى ۋە دىللىرىنى كونترول قىلىدىغان ، ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان زاتنىڭ ئىنسان ئەمەس ئاللاھ ئىكەنلىكىنى مۆجىزىۋىي ئىپادىلىرى بىلەن ئېنىق كۆرسۈتۈشنى داۋام قىلىپ ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى بۇ زالىم فىرئەۋننىڭ ئۆيىدە ئۆسۈپ - يېتىلىشى ۋە پەيغەمبەر بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغىنىدەك، فىرئەۋننىڭ ئايالىنىمۇ مۇسۇلمانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشتۈردى، - فىرئەۋننىڭ ئەيشى - ئىشرەتلىك ئوردىسىدا ياشىغان ئايالى بۇ كاتتا تۇرمۇش ھۇزۇرى بىلەن قايمۇقۇپ قالماي، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈپ مۇسۇلمان بولدى.

ئەلبەتتەكى، ئايالدا ئېرىنىڭ ھەققى بار. بىراق، ئاللاھۇ تەئالانىڭ ھەققى تېخىمۇ چوڭ. ئايال ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى كېرەك. ئەمما ياراتقۇچىغا ئاسى بولۇپ تۇرۇپ يارىتىلغۇچىغا ئىتائەت قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. پەرزەنتىمۇ ئاتا - ئانىسىغا ئىتائەت قىلىشى ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشى كېرەك. ئەمما ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا ، ئىتائەت قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «وَوَصَّيْنَا

الْإِنسَانَ بِوَالِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُ وَهْنًا عَلَى وَهْنٍ وَفِصَالُهُ فِي عَامَيْنِ أَنِ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ إِلَيَّ الْمَصِيرُ»﴿١٤﴾ (ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۇستى ـ ئۇستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكرى قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر. « وَإِن جَاهَدَاكَ عَلَى أَن تُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا وَصَاحِبْهُمَا فِي الدُّنْيَا مَعْرُوفًا وَاتَّبِعْ سَبِيلَ مَنْ أَنَابَ إِلَيَّ ثُمَّ إِلَيَّ مَرْجِعُكُمْ فَأُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ﴿١٥﴾ (ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى ئۇلارغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن.) ( سۈرە «لوقمان»، 14 ـ 15 ـ ئايەتلەر)

فىرئەۋن ھەددىدىن ئېشىپ ھەر قانچە زوراۋانلىق قىلسىمۇ، ھەقنى تونىغان مۆئمىن بەندىلەرگە كۈچى يەتمىدى. ئەكسىنچە ئۆزىنىڭ ھەققە، ـــ ئاللاھۇ تەئالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتەك رەزىللىگىنى ئاشكارىلىدى. ئۇنىڭ ئايالى ھەقنى تونىدى ۋە ئىمان ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇردى ۋە فىرئەۋنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولغان ھالدا ئاللاھۇ تەئالاغا تەقۋادارلىق قىلدى. ئاللاھۇ تەئالا فىرئەۋنىڭ ئايالىدىن رازى بولۇپ :

« وَضَرَبَ اللَّهُ مَثَلًا لِّلَّذِينَ آمَنُوا امْرَأَةَ فِرْعَوْنَ إِذْ قَالَتْ رَبِّ ابْنِ لِي عِندَكَ بَيْتًا فِي الْجَنَّةِ وَنَجِّنِي مِن فِرْعَوْنَ وَعَمَلِهِ وَنَجِّنِي مِنَ الْقَوْمِ الظَّالِمِينَ» (اللہ ئىمان ئېيتقانلارغا فىرئەۋنىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! دەرگاھىڭدا جەننەتتە ماڭا بىر ئۆي بىنا قىلغىن، مېنى فىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ يامان ئەمەلىدىن قۇتۇلدۇرغىن، مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن» دېدى) (سۈرە «تەھرىم»، 11 ـ ئايەت) دېگىنىدەك، ئۇنى ئىمان ئېيتقانلارغا مىسال قىلىپ كۆرسەتتى ۋە فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ يامان ئەمەلىدىن قۇتۇلدۇردى...

فىرئەۋن كۈنسىرى ھەددىدىن ئېشىپ، گۇناھ ۋە غەپلەتكە بارغانسىرى چۆكقۇرلاپ چۆكۈشكە باشلىدى، ئاللاھقا ئىشەنمەسلىكتە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ ، ھېچ قانداق ۋەز ـ نەسىھەتكە قۇلاق سالمىدى ، بەنى ئىسرائىل ئەۋلاتلىرىغا سالغان زۇلمى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ چىدىغۇسىز دەرىجىگە يەتتى.

ئاللاھۇ تەئالا ئەمدى ئۇنى يانىلا مەيلىگە قويىۋەتمەي، جازالاش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن بەش تۈرلۈك ئاپەتنى ئىبەرتتى. ئۇلار:

1) سۇ ئاپىتى. ئاللاھۇ تەئالا ئۇلارغا توختىماس يامغۇر ياغدۇرۇپ، زور كەلكۈن پەيدا قىلىپ زىرائەت، دان ۋە مېۋىلەرنى تامامەن ئېقىتىۋەتتى.

2) چېكەتكە ئاپىتى. ئاللاھۇ تەئالا چېكەتكە ئەبەرتىپ ، زىرائەت ، دەل - دەرەخلىرىنى چالا قويماي يىگۈزىۋەتتى.

3) پىت ئاپىتى. ئاللاھۇ تەئالا پىت ئەبەرتىپ ، ئۇلارنىڭ يوتقان - كۆرپىسى ، كىيىم - كېچەكلىرى ۋە باش - كۆزلىرىنى پىتقا تولدۇرىۋەتتى. ئۇلار ئۆلتۈرۈپ تۈگىتەلمەي قان يىغلىدى...

4) پاقا (قۇمچاق) ئاپىتى. ئاللاھۇ تەئالا ئۇلارغا پاقا ئەبەرتىپ ، ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى پاقىغا تولدۇرىۋەتتى. پاقىلار يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلەرگە چاپلىشىپ كىشىلەرنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز بىزار قىلىشتى. ئۇلار پاقىدىن بىرنى ئۆلتۈرسە 10 نەچچىسى پەيدا بولدى...

5) قان ئاپىتى. ئاللاھۇ تائالا ئۇلارغا قان ئاپىتى ئەبەرتىپ، ئۇلارنى ئاغزى - بۇرنىدىن توختىماي قان ئاقىدىغان، ئىچكەن سۇيىمۇ قانغا ئايلىنىپ قالىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. بۇ كېسەلگە تېۋىپلارمۇ ئامال قىلالمىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يالۋۇرۇپ: «سەن بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن. ئۇ بىزدىن بۇ ئاپەتنى كۆتىرىۋەتسۇن. بىز تەۋبە قىلايلى. ئىمان كەلتۈرەيلى ۋە بەنى ئىسرائىلنى سەن بىلەن بىللە قويۇپ بىرەيلى.» دېدى.

ئەپسۇسكى، ئاللاھۇ تەئالا ئۇلاردىن ئاپەتنى كۆتۈرىۋەتكەندىن كېيىن ئۇلار ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلدى ۋە كۈپرىدا چىڭ تۇرىۋېلىشتى ھەمدە ئىسرائىل ئەۋلاتلىرىغا قاتمۇ - قات زۇلۇم سېلىشنى داۋاملاشتۇرۇشتى.

بۇ تۈپەيلى، ئاللاھۇ تەئالا ئۇلارنى بۇ زۇلۇم - كۈلپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ باشقا يولىنى ، كېچىدە مىسىردىن چىقىپ كېتىشنى ۋەھيى قىلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىدىغانلىق خەۋىرى ئايغاقچىلار تەرىپىدىن فىرئەۋنگە يەتكۈزىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن فىرئەۋن ئارقىدىن قوغلايدۇ. قاراڭغۇ كېچىدە مۇسا ئەلەيھىسسالام يولدىن ئادىشىپ مېڭىپ قىزىل دېڭىزغا دۇچ كېلىدۇ.

ئەمدى ئىسرائىل ئەۋلاتلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق تاپا - تەنە قىلىپ :

- ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ فىرئەۋن بىزنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ! دەپ ئېغىر قايغۇغا چۆمىدۇ.

بىراق ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىمان - ئىشەنچىدە قىلچىمۇ تەۋرىنىش بولمىدى ۋە :

- «ئۇنداق بولمايدۇ. (يەنى ھەرگىز يېتىشەلمەيدۇ) ، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىرگە، مېنى قۇتۇلۇش يولىغا باشلايدۇ، دېدى».

دېگەندەك ، ئاللاھۇ تەئالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ھاسىسى بىلەن دېڭىزغا ئۇرۇشنى

ئېيتتى. شۇ هامان دېڭىز يېرىلىپ ئىككىگە بۆلۈندى ۋە 12 قەبىلە ئۈچۈن 12 يول ئېچىلدى. ئۇلار ساق ـ سالامەت قۇرۇغلۇققا چىقىۋالدى. ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەن فىرئەۋن ئەسكەرلىرى مېڭىپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ، ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئەمرى بىلەن دېڭىز قايتىدىن ئەسلى ھالىتىگە كېلىشكە ۋە فىرئەۋنلەرنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. فىرئەۋن غەرق بولىدىغان چاغدا ئىمان ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ھەقتە قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

« وَجَاوَزْنَا بِبَنِي إِسْرَائِيلَ الْبَحْرَ فَأَتْبَعَهُمْ فِرْعَوْنُ وَجُنُودُهُ بَغْيًا وَعَدْوًا حَتَّى إِذَا أَدْرَكَهُ الْغَرَقُ قَالَ آمَنتُ أَنَّهُ لا إِلَهَ إِلاَّ الَّذِي آمَنَتْ بِهِ بَنُو إِسْرَائِيلَ وَأَنَاْ مِنَ الْمُسْلِمِينَ»

﴿٩٠﴾» (بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلارنى فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلىش يۈزىسىدىن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان ۋاقىتتا : «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيرىي ئىلاھ يوقتۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېدى) ﴿90﴾ «آلآنَ وَقَدْ عَصَيْتَ قَبْلُ وَكُنتَ مِنَ الْمُفْسِدِينَ» ﴿٩١﴾ (ئۇنىڭغا دېيىلدىكى) : «(ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە) ئەمدى (ئىمان ئېيتامسەن؟) ئىلگىرى اللهقا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ) ﴿91﴾ «فَالْيَوْمَ نُنَجِّيكَ بِبَدَنِكَ لِتَكُونَ لِمَنْ خَلْفَكَ آيَةً وَإِنَّ كَثِيرًا مِّنَ النَّاسِ عَنْ آيَاتِنَا لَغَافِلُونَ» ﴿٩٢﴾ ( سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى قۇتقۇزىمىز (يەنى سېنىڭ جەسىتىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز)». « نۇرغۇن كىشىلەر، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر) ﴿92﴾ (سۈرە «يۇنۇس»)

شۇنداق قىلىپ مىڭلىغان بوۋاقلارنى بوغۇزلاپ، مىڭلىغان ئادەملەرنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەن زالىم پادىشاھ ئاخىر دېڭىزدا غەرق بولۇپ ئۆلدى.

ئەمدى ئاللاھۇ تەئالانىڭ بۇ ئايەتى كەرىملەردە تىلغا ئالغان فىرئەۋنىڭ ھالاكەت تەقدىرىنىڭ فاجىئەلىك كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرۈپ باققايسىلەر:


من اليمين مومياء فرعون . . ومن اليسار رسم الملامح


اثار فرعون


www.ok3d.com
v90v.com


www.ok3d.com


www.ok3d.com
v90v.com


www.ok3d.com
فاليوم ننجيك ببدنك لتكون لمن خلفك آية
وإنَّ كثيرًا من الناسِ عن آياتنا لغافلون. صدق الله العظيم
v90v.com




"Bizde bugün seni cansız bedeninle denizden
yüksek bir yere atacagız ki...
arkandan geleceklere bir ibret olsun."
(Yunus suresi, ayet:92)
zalim Mısır Firavun'u II. Ramses'in cesedinin resmidir.
Londra British müzesinde bulunmaktadır. Süveyş kanalı açılırken denizin
bulunmuş ve Londra'ya getirilmiştir. ALLAH (c.c) Resulu Hz. Musa'nın
bulunan Firavun'un ölümünden 3 bin sene geçmesine rağmen
cesedini ibret olması için çürütmemiştir.

## هارۇن ئەلەيھىسسالام

هارۇن ئەلەيھىسسالام ئىمراننىڭ ئوغلى بولۇپ، نەسەبى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. ھارۇن ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇشتىن ئۈچ يىل بۇرۇن تۇلغان. ئۇ فىرئەۋن ئىسرائىل قەۋمىدىن تۇغۇلغان باللارنى ئۆلتۈرمەيدىغان يىلى تۇغۇلغان ئىدى. ئاللاھۇ تەئالا ئۇنى قېرىندىشى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەرتتى. ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى پاساھەتلىك ئىدى. ھارۇن ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋتىدە يېقىن ياردەمچىسى ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارى بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن تۇر تېغىغا كەتكەن ۋە شەرىئەت دەستۇرى بولۇش ئۈچۈن تەۋراتنى ئېلىپ كىلىش ئۈچۈن قەۋمىگە ۋەدە قىلغان چاغدا ئۆز ئورنىغا ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى قويۇپ كەتكەن. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇر تېغىدا تۇرغان ۋاقتى 40 كۈن ئىدى. بۇ جەرياندا بەنى ئىسرائىل قەۋمى چوڭ سىناققا دۇچ كەلدى ، سامىرى ئالتۇن ـ كۈمۈش زىبۇ ـ زىننەتتىن ياسىغان موزايىغا چوقۇندى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەرىشتەلەر بىلەن بىللە فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ جامائەسىنى غەرق قىلىش ئۈچۈن چۈشكەن چاغدا سامىرى جىبرىئىلنىڭ ئېتىنىڭ ئىزىدىن بىر چاڭگال توپا ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇ بۇ توپىنى موزايىغا چاچقان ئىدى ، موزايدىن كالىنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز چىقتى. سامىرى: «مۇسا ئىزدەپ كەتكەن پەرۋەردىگارىڭلار مۇشۇ. مۇسا ئۇنىڭ ئورنىنى بىلەلمىگەن.» دېدى. ھارۇن ئەلەيھىسسالام سامىرىنىڭ پىتنىسىدىن ئاگاھلاندۇردى. لېكىن ئۇلار ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، موزايىغا چوقۇندى. مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇر تېغىدىن قايتىپ كېلىپ قەۋمىنىڭ ئېزىپ كەتكەنلىگىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق كايىدى. ھارۇن ئەلەيھىسسالام بولغان ۋەقەنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەردى......

هارۇن ئەلەيھىسسالام مىلادىدىن بۇرۇنقى 1439 ـ يىللىرىدىن 1317 ـ يىللىرىغىچىلىك 122 يىل ياشىغان بولۇپ ، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن 11 ئاي بۇرۇن ، بەنى ئىسرائىل قەۋمى پەلەستىن زېمىنىغا كىرىشتىن بۇرۇن ، سىنا چۆلىدە ۋاپات بولغان.

## داۋۇد ئەلەيھىسسالام

داۋۇد ئەلەيھىسسالام مىلادىدىن بۇرۇنقى 1043 ـ يىللىرىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 973 ـ يىللىرىغىچىلىك 70 يىل ياشىغان. بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن. ئۇ ئاللاھۇ تەئالا پەيغەمبەرلىك ۋە پادىشاھلىق ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىرنىڭ بىرىدۇر. مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملاردىن كېيىن يۇشەئ بىننى نۇن بەنى ئىسرائىلغا قوماندانلىق قىلىپ، بەيتۇلمۇقەددەسكە كىرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بەنى ئىسرائىللارغا قازىلار 356 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. مانا بۇ دەۋر «قازىلار دەۋرى» دەپ ئاتالغان. بۇ دەۋردە بەنى ئىسرائىللار ئېزىپ كەتكەن بولۇپ، پادىشاھلىقى ئاجىزلاپ قالغانىدى. ئۇلار بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلسىلا تەۋرات لەۋھەلىرى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى قاچىلانغان ساندۇق ـ تابۇتنى كۆتۈرۈۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتا غەلىبە قىلاتتى. كېيىن ئەسقەلان ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، تابۇتنى ئۇلاردىن تارتىۋالغان. ئاللا ئۇلارغا شمۇيىل (ئەھلى

كىتاۋىي تىلى بويىچە سىمۇيىل) دەپ ئاتىلىدىغان پەيغەمبەرنى ئەۋەتكەن. ئۇلار ئۇنىڭدىن ئۆزىگە پادىشاھ سايلاپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن. ئۇ تالۇتنى پادىشاھ قىلغان. پادىشاھ تالۇت پەلەستىندىكى بۇددىستلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۈچلۈك بولغان قوماندانى جالۇت (ئەھلى كىتاپ تىلى بويىچە جەلىيات) بىر كىشىنىڭ مۇبارىزغا چۈشۈشنى تەلەپ قىلغاندا ياش، چەبدەس يىگىت داۋۇد ئۇتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇنى مەغلۇپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى تارىلىپ، تالۇتتىن كېيىن بەنى ئىسرائىلغا پادىشاھ بولىدۇ. ئۇ گۈزەل ئاۋازلىق بولۇپ، ئۆزىگە نازىل قىلىنغان بۈيۈك كىتاپ «زەبۇر»نى تىلاۋەت قىلسا، تاغۇ ـ تاشلار ۋە ئۇچار جانىۋارلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتاتتى. ئۇنىڭ يەنە بىر مۆجىزىسى شۇكى، ئاللا ئۇنىڭغا تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئىنئام قىلغان بولۇپ، تۆمۈر ئۇنىڭ قولىغا چۈشسە ئوتتا سېلىپ قىزىتمىغان، بازغان بىلەن مۇشلىمىغان تەقدىردىمۇ مومدەك يۇمشاپ كېتەتتى. ئۇ ساۋۇت ـ دۇبۇلغۇلارنى ئىجاد قىلغان. ئۇ پادىشاھلىقنى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن ۋاپات بولغان.

### سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام مىلادىدىن بۇرۇنقى 975 ـ يىللىرىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 932 ـ يىللىرىغىچىلىك 53 يىل ياشىغان. بەنى ئىسرائىلغا ئەۋەتىلگەن. ئۇ دادىسىنىڭ پادىشاھلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان. پادىشاھلىقتا مىسلىسىز ھۆكۈمران بولغان. جىنلاردىن تارتىپ قۇشلارغىچە، دىۋىلەردىن تارتىپ شامالغىچە ئۇنىڭغا بويسۇنغان. ئۇ تارىختىكى ئەڭ چوڭ پادىشاھتۇر. ئۇنىڭغا ھەم پەيغەمبەرلىك ھېكمىتى ئاتا قىلىنغان بولۇپ، «ھەكىم سۇلەيمان» دەپ ئاتالغان. ئۇ ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلەتتى . ئەھلى سەبەئ پادىشاھلىقىنى بويسۇندۇرۇپ، پادىشاھى بەلقىيسنى ئەمرىگە ئالغان. ئۇ يەنە ئېسىل قەسرلەرنى بىنا قىلغان. ئۇ 40 يىل پادىشاھ بولۇپ ئاندىن ۋاپات بولغان.

### يۇنۇس ئەلەيھىسسالام

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام:قانچىلىك ياشىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. مىلادىدىن بۇرۇنقى سەككىزىنچى ئەسىردە ياشىغان. ئىراق زېمىنىدىكى ئەھلى نەينەۋىي كىشىلىرىگە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن. ئۇنى ئاللاھ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ئەۋەتكەن. ئۇ قەۋمىنى دەۋەت قىلغان، ئۇلار قۇلاق سالمىغان. ئۇ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز سىرتقا ھىجرەت قىلىپ چىققان، ئۇ ئاللاھ بۇنىڭغا جازالىمايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدى. ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئۈچۈن ئۇنى بېلىقنىڭ (دېڭىز دېلفىنى ـ يۇنۇس بېلىقى) قورسىقىدىكى ، دېڭىزنىڭ ئاستىدىكى، كېچىدىكى قاراڭغۇلۇقتا ۋە گۇناھ قاراڭغۇلىقىدا جازالايدۇ. كېيىن ئۇ قەۋمىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياشلار بىلەن بىللە ئاللاھتىن ئازاپنى كۆتۈرىۋېتىشنى تىلەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا كۆپ رەھمەت قىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ قەبرىسىنى پەلەستىننىڭ خەلىل شەھرىدىكى «ھەلھۇل» دېگەن يەردە دېيىشىدۇ. ھەممىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر .

### ئىلياس ئەلەيھىسسالام

ئىلياس ئەلەيھىسسالامنىڭ قانچىلىك ياشىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. مىلادىدىن

بۇرۇنقى توققۇزىنچى ئەسىردە ياشىغان. دەمەشقنىڭ غەربىگە جايلاشقان «بەئلەبەككە» دېگەن يۇرتتا ياشايدىغان بەنى ئىسرائىللارغا ئەۋەتىلگەن. داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ پادىشاھلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان. ئەينى چاغدا بەنى ئىسرائىل پادىشاھلىقى كۇفرى ۋە زالالەت تۈپەيلى بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى.

### ئەلىيەسەئ ئەلەيھىسسالام:

ئەلىيەسەئ ئەلەيھىسسالام قانچىلىك ياشىغانلىقى نا ئېنىق بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 9 - ئەسىردە ياشىغانلىقى ھەل توغرا . سۇرىيىنىڭ بىر شەھىرى بولغان بانىياستىكى بەنىي ئىسرائىللارغا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن. ئىلىيەسەئ ئەلەيھىسسالامۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالام پادىشاھلىقىدىكى كىشىلەرگە ۋارىس پەيغەمبەر بولغان.

ئېيتىلىشىچە.1) ئەرىھا شەھىرى خەلقىنىڭ ئىچىدىغان سۇلىرى شورلىشىپ ئاچچىق بولۇپ قالغاندا ، بىر پارچە تۇزنى تاشلاپ «تاتلىق بول!» دېگەندە ، سۇ تاتلىق ۋە لەززەتلىك بولغان.

2) قەرزدار، تۇل بىر ئايال ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، نامراتلىقى توغرىسىدا دەرت تۆككەندە، «ئۆيۈڭدە نىمەڭ بار؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئايال: «بىر قوشۇق توشقىچىلىكلا يېغىم بار.» دېگەندە، «كەت، بېرىپ ئۇ ياغنى بىر تۇڭغا تۆك.» دەپتۇ. ئۇ ئايال شۇنداق قىلىپتۇ. ئاللاھنىڭ ھىكمىتى بىلەن بۇ ياغ بىر قانچە تۇڭ ياغ بولۇپ كۆپىيىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئايال ياغنى سېتىپ قەرزلىرىنى تۆلەپلا قالماي باي بولۇپ كېتىپتۇ.

### زۇلكەفل ئەلەيھىسسالام

زۇلكىفل ئەلەيھىسسالام:تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 15 - ،16 - ئەسىرلەر ئارىسىدا 75 يىل ياشىغان. ئاللاھ ئۇنى دادىسى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئەۋەتكەن . ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى «بەشر» بولۇپ، دادىسى ئۇنى « زۇل كىفل » دەپ ئاتىغان . چۈنكى ئۇ بەزى تائەت - ئىبادەتلەرگە كېپىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ۋاپا قىلغانىدى. ئۇ قەۋمى ئارىسىدا ئادىل بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ نام بىلەن ئاتالغان، دەپمۇ ئېيتىلىدۇ .

### زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى قۇرئاندا سەككىز يەردە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ ، بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىدىن بولۇپ، يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىدۇر. ئۇنىڭ نەسەبى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 100 - يىلدىن مىلادى 20 - يىلغىچىلىك 120 يىل ياشىغان. پەلەستىندە ياشايدىغان بەنى ئىسرائىللارغا ئەۋەتىلگەن. بەنى ئىسرائىل ئەڭ ئازغۇنلۇق دەۋرىگە كىرگەندە پەيغەمبەر بولغان.

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام قېرىغاندا پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان بىرەر پەرزەنتى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئاللاھۇ تەئالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ، پەرىشتەلەر ئارقىلىق يەھيا ئىسىملىك پەرزەنتى بولىدىغانلىق خوش خەۋىرىنى بېرىدۇ. زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشى 90 دىن ئاشقانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئايالى تۇغماس بولغانلىقى سەۋەبلىك ، بۇ خوش خەۋەرگە چىنپۈتمىگىلى تاس

قالدۇ. ئۇ پەرۋەردىگارىدىن پەرزەنت بېرىلىدىغانلىقىغا بىر ئالامەت بولۇشىنى تىلەيدۇ. ئاللاھۇ تەئالا ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن ئۈچ كۈن سۆزلىشەلمەيدىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئالامىتى قىلىدۇ. زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە پەقەت ئىشارەت ئارقىلىقلا سۆزلىشىدۇ. يەھيا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇپ ـ ئۆسۈپ ياخشى چوڭ بولۇپ، ئاتىسىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىزباسارى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ھەرە بىلەن ھەرىدىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

## يەھيا ئەلەيھىسسالام

يەھيا ئەلەيھىسسالام مىلادى 1 ـ يىلدىن مىلادى 30 ـ يىلغىچىلىك 30 يىل ياشىغان. ئوردۇننىڭ بىر تەرىپىدە ياشايدىغان بەنى ئىسرائىللارغا ئەۋەتىلگەن. ئۇ مەسىھ ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا ئىنتايىن ئېسىل بولۇپ، ئىلىم ـ ھېكمەتتە ۋايىغا يەتكەن. ئاللاغا ياخشى ئىبادەتتە بولغان. مۇسۇلمان تارىخچىلىرى شۇنداق كۆرسىتىدۇكى، ئىبنى ئەساكىر شۇنداق رىۋايەت قىلغان : بىر قېتىم ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ، ئوردۇننىڭ بىر كۆلچىكىنىڭ يېنىدا ئىبادەت قىلىۋاتقان، ئاللاھتىن قورقۇۋاتقان ھالەتتە كۆرگەن، بۇ ئىش ئاتا ـ ئانىسىنى يىغلىتىۋەتكەن. ئۇ ئوتتۇز يىل ياشىغان. ئۇنى ھۆكۈمران «ھىرودۇس» ئۆلتۈرىۋەتكەن. ئۇ شەھىدلەرنىڭ جۈملىسىـ ـدىندۇر.

## ئىسا ئەلەيھىسسالام

ئىسا ئەلەيھىسسالام مىلادى 1 ـ يىلدىن باشلاپ 33 ياشقا كىرگۈچىلىك ياشىغان. ئۇ بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى بەنى ئىسرائىل پەيغەمبىرىدۇر. ئۇ، ئاللانىڭ ئەلچىسى ۋە بۇۋى مەريەمگە ئىلقا قىلغان روھتۇر. مەريەمنىڭ دادىسى ئىمران بولۇپ، نەسەبى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك 30ياشتا چۈشكەن. ئۇنىڭغا بىر مۇقەددەس كىتاب – ئىنجىل نازىل قىلىنغان. ئۇ دەۋەت ئېلىپ بارغاندا ئۇنىڭغا بەنى ئىسرائىلدىن ئون ئىككى كىشى ئەگەشكەن، ئۇلار «ھەۋارىييۇنلار» دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرنەچچە مۆجىزىلىرى زىكىر قىلىنغان :

1 ـ ئاتىسىز تۇغۇلغان؛
2 ـ بۆشۈكتىكى ۋاقتىدا سۆزلىگەن؛
3 ـ قۇشنىڭ سۈرىتىدە لايدىن قۇش ياسىغان؛
4 ـ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەن؛
5 ـ قارىغۇ، ئاق كېسەللىرىنى داۋالىغان؛
6 ـ بەزى غەيبىي خەۋەرلەرنى ئېيتقان؛
7 ـ ھەۋارىييۇنلارنىڭ تەلىۋى بىلەن ئاسماندىن داستىخان چۈشۈرگەن.

ئۇنىڭ دەۋىتىگە ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمران قارشى چىققان. شۇ چاغدىكى رومانىيلىق پادشاھ بەلاتىيس ئۇنى دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلغان. قۇرئان كەرىم شۇنى ئېيتىدۇكى، ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەرگىزمۇ دارغا(كرېستقا) ئېسىلمىغان. ئاللاھۇ تەئالا ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر كىشىنى قىلغان. ئۇلار شۇنى دارغا ئاسقان. ئىسا ئەلەيھىسسالامنى

بولسا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، كۇففارلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىدىن قۇتۇلدۇرغان. بۇ ھەقتە قۇرئاندا ئېنىق بايانلار بار. شۇندىن بېرى خرىستىئانلار ئارىسىدا «ئىسا ئاللاھنىڭ بىر جىنسمۇ ئەمەسمۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ بالىسىمۇ ياكى ئىنسانمۇ؟» دېگەن بەھس ـ مۇنازىرىلەر ئۇزۇلمىگەن. مىلادى 325 ـ يىلىغا كەلگەندە رومانىي ئىمپېراتورى كونستانتىن «مەسىھىيە دىنى» تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلانغان مەشھۇر چوڭ مەجلىسنى ئاچقان :

1 ـ چېركاۋ شۇنىڭغا قارار قىلىدۇكى، ئۇ بىر ئىلاھقا ئىمان كەلتۈرىدۇ؛

2 ـ بىر خوجايىن بولغان يەسۇئ مەسىھقىمۇ ئىمان كەلتۈرىدۇ؛

3 ـ ئۇ (ئىسا)ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر؛

4 ـ ئۇ بىر ئاتىدىن، ئاتىسىنىڭ ماددىسىدىن تۇغۇلغان؛

ئەمما قۇرئان شۇنداق دەيدۇكى، ئاللاھ بالىسى، ئايالى، ئوخشىشى بولۇشتىن پاكتۇر. يۇقىرىقىلار بىر تالاي بىلجىرلاشتۇر. سەھىھ ھەدىسلەردە قىيامەتنىڭ بىر ئالامىتى سۈپىتىدە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن يەر يۈزىگە چۈشىدىغانلىقى، ئىسلام شەرىئىتىنى ئەستىقلايدىغانلىقى ئوچۇق بايان قىلىنغان.

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادى 570 ـ يىلدىن 633 ـ يىلغىچىلىك 63 يىل ياشىغان. ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئاللاھۇ تەئالا ئۇنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى قىلىپ تاللىغان. ئۇ ئومۇمىي، شامىل، ئاممىباپ شەرىئەت بىلەن كەلگەن.

رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1 ـ رەسۇلۇللاھ مەككە مۇكەررەمەدە پىل يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ 12 ـ كۈنى (مىلادى 570 ـ يىللىرى) تۇغۇلغان؛

2 ـ ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدا دادىسى، ئالتە ياشقا كىرگەندە ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، پۈتۈنلەي يېتىمچىلىكتە چوڭ بولغان؛

3 ـ ئاۋۋال بوۋىسى ئابدۇل مۇتتەلىپ، ئاندىن تاغىسى ئەبۇ تالىپ ھىمايىسىدە چوڭ بولغان؛

4 ـ 25 ياشقا يەتكەندە قۇرەيشلەر ئارىسىدا كاتتا نەسەپ ۋە مال ئىگىسى بولغان خوجايىن ئايال خەدىجە بىنتى خۇۋەيلىد بىلەن توي قىلغان؛

5 ـ 40 ياشقا كىرگەندە ئاللاھ ئۇنىڭغا ۋەھىي نازىل قىلغان (بۇ مىلادى 610 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ)؛

6 ـ ئۇ ئۈچ يىل مەخپىي دەۋەت ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتكەن؛ مەككىدە 13 يىل دەۋەت قىلغان، ئاندىن يەسرىب (مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە) ھىجرەت قىلغان؛

7 ـ مەدىنىگە كېلىپ ئىسلام مەركىزىي جەمئىيىتىنى بەرپا قىلىپ، مانا مۇشۇ ئۇلۇغ زېمىندىن ئىسلام دىنى جاھاننىڭ شەرق، غەرب تەرەپلىرىگە تارقالغان؛

8 ـ ئاللاھۇ تەئالا دىنىنى مۇكەممەللەشتۈرگەندىن، نېمىتىنى تاماملىغاندىن، رەسۇلۇللاھ ئامانەتنى ئادا قىلىپ، كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ كەتكەن. بۇ ھىجرىيە 11 ـ يىل رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ دۈشەنبە كۈنىگە (مىلادى 632 ـ يىلىغا) توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتى ئاساسەن «مەككە ھاياتى» ، «مەدىنە ھاياتى» دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ.

### پەيغەمبەرلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

پەيغەمبەرلەرنىڭ باشقا كىشىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىرى بولۇپ، ئۆلىمالار ئۇنى تۆۋەندىكى ئالتە تۈرگە يىغىنچاقلايدۇ:

1 ـ راستچىللىق: راستچىللىق بارلىق كىشىلەر سۈپەتلىنىشكە تېگىشلىك سۈپەت، بولۇپمۇ پەيغەمبەرلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم قارىلىدىغان ئالاھىدىلىكتۇر. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىدىن ئىبارەت بۈيۈك ئامانەتنى راستچىللىق بىلەن يەتكۈزۈشى كېرەك. ئاللاھۇ تەئالا «ئەڭ سادىق، ئەمىن» دەپ ئاتالغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىمۇ تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلغان: « وَلَوْ تَقَوَّلَ عَلَيْنَا بَعْضَ الْأَقَاوِيلِ . لَأَخَذْنَا مِنْهُ بِالْيَمِينِ . ثُمَّ لَقَطَعْنَا مِنْهُ الْوَتِينَ. فَمَا مِنكُم مِّنْ أَحَدٍ عَنْهُ حَاجِزِينَ » (ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق . ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسي قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق. سىلەردىن ھېچبىر كىشى ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى)(سۈرە «ھاققە» ، 44 ـ 47 ئايەتلەر) .

2 ـ زېرەكلىك: ئاللاھۇ تەئالا ئىبەرتكەن بارلىق پەيغەمبەر ئەلچىلەر زېرەك، ئەقلي ساغلام بولۇپ، ئۇلار دەۋەت ئېلىپ بېرىشتا پۈتۈنلەي ساغلام ئەقىلگە تايىنىدۇ. ئۇلار ئاشۇ تەپەككۇرى ئارقىلىق ھەق بىلەن ناھەقنى، يامان بىلەن ياخشىنى، ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىشى كېرەك. ئەلچىلەر زېرەكلىكتە باراۋەر ئىدى. ئاللاھۇ تەئالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا مۇنداق دېگەن : «وَلَقَدْ آتَيْنَا إِبْرَاهِيمَ رُشْدَهُ مِن قَبْلُ وَكُنَّا بِه عَالِمِينَ» (( مۇسا ، ھارۇنلاردىن بۇرۇن ) بىز ھەقىقەتەن ( دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ھىدايەت ئاتا قىلغان ئىدۇق ، بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئەھلى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق) (سۈرە «ئەنبىيا» ، 51 ـ ئايەت) .

3 ـ باشقىلارغا تەبلىغ قىلىش(يەتكۈزۈش) : ۋەھيىنى ـ ھەقىقەتنى يەتكۈزۈش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى، ئۇلار ۋەھيىنى تولۇق، ئۆزگەرتمەستىن، بۇرمىلىماستىن، ھېكمەتلىك رەۋىشتە يەتكۈزۈشى كېرەك. ئاللاھ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بويىچە شۇنداق دېگەن: «قَالَ يَا قَوْمِ لَيْسَ بِي ضَلَالَةٌ وَلَكِنِّي رَسُولٌ مِّن رَّبِّ الْعَالَمِينَ . أُبَلِّغُكُمْ رِسَالَاتِ رَبِّي وَأَنصَحُ لَكُمْ وَأَعْلَمُ مِنَ اللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ» ( نۇھ ئېيتتى:«ئى قەۋمىم! مەن قىلچىمۇ گۇمراھ ئەمەسمەن، لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ

پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن. سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزىمەن. سىلەرگە نەسىھەت قىلىمەن، مەن اللەنىڭ ۋەھيي قىلىشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن › ) (سۈرە «ئەئراف» ، 61 ـ ، 62 ـ ئايەتلەر).

4 ـ ئۆزىنى پاك تۇتۇش: پەيغەمبەرلەر كىشىلەرنى ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن ئۆزلىرى يۈكسەك ئۈلگە بولۇشى كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ گۇناھ ـ مەئسىيەت قىلماسلىقى، ئۆزىنى پاك تۇتۇشى لازىم بولىدۇ. ئاللا پەيغەمبەرلەرنى سۈپەتلەپ شۇنداق دېگەن: «وَجَعَلْنَاهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ بِأَمْرِنَا وَأَوْحَيْنَا إِلَيْهِمْ فِعْلَ الْخَيْرَاتِ وَإِقَامَ الصَّلَاةِ وَإِيتَاءَ الزَّكَاةِ وَكَانُوا لَنَا عَابِدِينَ» (ئۇلارنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بويىچە (كىشىلەرنى بىزنىڭ دىنىمىزغا) يېتەكلەيدىغان پېشۋالار (يەنى پەيغەمبەرلەر) قىلدۇق، ئۇلارغا بىز ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، ناماز ئوقۇشنى، زاكات بېرىشنى ۋەھيي قىلدۇق، ئۇلار بىزگە خالىس ئىبادەت قىلاتتى) (سۈرە «ئەنبىيا» ، 73 ـ ئايەت).

5 ـ ئەر بولۇش: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەر بولۇشىدىكى ھېكمەت شۇكى، پەيغەمبەرلىك يەر شارىدىكى ئەڭ ئېغىر، مۇشەققەتلىك خىزمەت. بۇ جەرياندا پەيغەمبەرلەر ھەرخىل ئەزىيەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ. ئاياللارنىڭ تەبىئىتى بۇنى كۆتۈرەلمەيدۇ . ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «وَمَا أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ إِلاَّ رِجَالاً نُّوحِي إِلَيْهِمْ فَاسْأَلُواْ أَهْلَ الذِّكْرِ إِن كُنتُمْ لاَ تَعْلَمُونَ» (سەندىن ئىلگىرى بىز پەقەت ئەرلەرگىلا ۋەھى نازىل قىلىپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (ئى قۇرەيش جامائەسى!) بۇنى بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرى (يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىلنى بىلگۈچىلەر) دىن سوراڭلار.) (سۈرە «نەھل»، 43 ـ ئايەت).

6 ـ ئەيىبلەردىن سالامەت بولۇش: پەيغەمبەرلەر كىشىلەر يىرگىنىدىغان يارالمىش ئەيىبلەردىن، كېسەللەردىن ساغلام بولۇشى كېرەك. بۇ دېگەنلىك ئۇلار كېسەل بولمىغان دېگەنلىك ئەمەس، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھۇ تەئالا ئېغىر كېسەل بەرگەن. بەزىلەر: ئۇنىڭ بەدىنى قۇرتلاپ كەتكەندە ئۇنىڭ ئايالى يىرگىنىپ قاچقان، دەيدۇ . بۇ يالغاندۇر. پەيغەمبەرلەر كېسەل بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كېسىلى كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىغا تەسىر كۆرسەتمىگەن. ئاللاھۇ تەئالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «وَأَيُّوبَ إِذْ نَادَى رَبَّهُ أَنِّي مَسَّنِيَ الضُّرُّ وَأَنتَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ. فَاسْتَجَبْنَا لَهُ فَكَشَفْنَا مَا بِهِ مِن ضُرٍّ وَآتَيْنَاهُ أَهْلَهُ وَمِثْلَهُم مَّعَهُمْ رَحْمَةً مِّنْ عِندِنَا وَذِكْرَى لِلْعَابِدِينَ» (ئەييۇبنىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ پەرۋەردىگارىغا : ‹ ھەقىقەتەن مېنى بالا(يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن › دەپ دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى كۆتۈرىۋەتتۇق، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا ئائىلىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر

باراۋەرنى زىيادە ئاتا قىلدۇق (يەنى ئۇنىڭ ئۆلگەن بالىلىرىنىڭ ۋە يوقالغان ماللىرىنىڭ ئورنىغا بىر ھەسسە كۆپ بالا ، بىر ھەسسە كۆپ مال بەردۇق) (سۈرە «ئەنبىيا»، 83 ـ ، 84 ـ ئايەتلەر).

### پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە :

1 ـ ئاللاھۇ تەئالانىڭ بىرلىكىگە چاقىرىش: مانا بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مۇھىم ۋەزىپىسىدۇر. ئۇلار بەندىلەرنى ئاللاھۇ تەئالاغا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە دەۋەت قىلىدۇ. ئاللاھۇ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «وَمَا أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلَّا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدُونِ» (ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە :‹مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد(بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار› دەپ ۋەھيي قىلدۇق)(سۈرە «ئەنبىيا»، 25 ـ ئايەت).

2 ـ ئاللاھۇ تەئالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش: پەيغەمبەرلەر ئاللاھ بىلەن بەندىلەر ئارىسىدىكى ئەلچىلەر. شۇڭلاشقا ئاللاھ ئۇلارنى بەنى ئادەمدىن تاللىغان. ئۇلار ئاللاھنىڭ ھەربىر ئەمر ـ بۇيرۇقلىرىنى تولۇق، كەم قىلماستىن، يوشۇرماستىن يەتكۈزىدۇ. ئاللاھۇ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «الَّذِينَ يُبَلِّغُونَ رِسَالَاتِ اللَّهِ وَيَخْشَوْنَهُ وَلَا يَخْشَوْنَ أَحَدًا إِلَّا اللَّهَ وَكَفَى بِاللَّهِ حَسِيبًا» (ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر) ئاللانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدۇ، ئاللادىن قورقىدۇ، ئاللادىن باشقا ھېچ كىشىدىن قورقمايدۇ (ئى مۇھەممەد! سەنمۇ ئاللادىن غەيرىدىن قورقماسلىقتا شۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكىن)، ئاللاھ (ھەممە ئىشلاردىن) ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر)(سۈرە «ئەھزاب» 39 ـ ئايەت).

3 ـ كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىش: پەيغەمبەرلەر ئىنسانىيەتنىڭ ئۇستازىدۇر. شۇڭا ئۇلار بەندىلەرگە توغرا يولنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلەپ، ياخشى يېتەكلەيدۇ. ئۇلار بىر نۇرلۇق مەشئەل بولۇپ، ئىنسانلارنى يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۇلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. ئاللاھۇ تەئالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ : «يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ إِنَّا أَرْسَلْنَاكَ شَاهِدًا وَمُبَشِّرًا وَنَذِيرًا. وَدَاعِيًا إِلَى اللَّهِ بِإِذْنِهِ وَسِرَاجًا مُّنِيرًا» (ئى پەيغەمبەر ! سېنى بىز ھەقىقەتەن گۇۋاھچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭ (بىرلىكىگە، تائەت ـ ئىبادىتىگە) دەۋەت قىلغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراغ قىلىپ ئەۋەتتۇق) (سۈرە«ئەھزاب» ، 45 ـ ، 46 ـ ئايەتلەر).

4 ـ كىشىلەرگە غەيبىي خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈش: پەيغەمبەرلەر دەۋەت جەريانىدا كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاش بىلەن بىرلىكتە، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىدىن ھالقىپ

كەتكەن مەسىلىلەرنى، خەۋەرلەرنى دەپ بېرىدۇ. يەنى ئۇلارغا ئاخىرەت، قىيامەت، ھېساپ، دوزاخ، جەننەت... دېگەنلەرنى زىكىر قىلىپ بېرىدۇ. بۇمۇ ئۇلارنىڭ قىيىن بىر ۋەزىپىسىدۇر. ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دېگەن: «مَّا كَانَ اللَّهُ لِيَذَرَ الْمُؤْمِنِينَ عَلَى مَآ أَنتُمْ عَلَيْهِ حَتَّىَ يَمِيزَ الْخَبِيثَ مِنَ الطَّيِّبِ وَمَا كَانَ اللَّهُ لِيُطْلِعَكُمْ عَلَى الْغَيْبِ وَلَكِنَّ اللَّهَ يَجْتَبِي مِن رُّسُلِهِ مَن يَشَاء فَآمِنُواْ بِاللَّهِ وَرُسُلِهِ وَإِن تُؤْمِنُواْ وَتَتَّقُواْ فَلَكُمْ أَجْرٌ عَظِيمٌ» (اﷲ يامانلارنى (يەنى مۇناپىقلارنى) ياخشىدىن (يەنى مۇئمىندىن) ئايرىمىغىچە مۇئمىنلەرنى (يەنى سىلەرنى) ھازىرقى پېتىڭلارچە قويمايدۇ. اﷲ سىلەرنى غەيبدىنمۇ خەۋەردار قىلمايدۇ ۋە لېكىن اﷲ پەيغەمبەرلىرىدىن خالىغىنىنى تاللاپ، ئۇنىڭغا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇناپىقلارنىڭ ھالىنى بىلدۈرگەندەك) غەيبنى بىلدۈرىدۇ؛ اﷲغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار ۋە (پەرۋەردىگارىڭلاردىن) قورقساڭلار، چوڭ ساۋابقا ئېرىشىسىلەر.) (سۈرە «ئال ئىمران»، 179 ـ ئايەت).

5 ـ ئۈممىتىگە قوماندانلىق قىلىش: بۇ كىشىلەرنىڭ دۇنياۋي ۋە دىنىي ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار دىنىي ئىشلاردا باشچىلىق قىلىش ئارقىلىق بەندىلەرنىڭ قەلبى گۈزەللىكىنى شەكىللەندۈرۈپ ، ئىنسانىيەت قەلبى مەدەنىيىتىنى ياراتسا، دۇنياۋى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق ئىنسانىيەت گۈللىنىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، شەھەر مەدەنىيىتى، غىزالىنىش مەدەنىيىتى، كىيىنىش مەدەنىيىتى دېگەندەك ئىنسانىيەت ماددىي مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىدۇ. تارىختا قارايدىغان بولساق، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلارغا يېتەكچىلىك قىلغان دەۋرى دەل ئىنسانىيەتنىڭ گۈللەنگەن، ئىنسانلار مەدەنىيىتى راۋاجلانغان دەۋردۇر. ئاللاھۇ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ أَطِيعُواْ اللَّهَ وَأَطِيعُواْ الرَّسُولَ وَأُوْلِي الأَمْرِ مِنكُمْ فَإِن تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِن كُنتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلاً» (ئى مۆمىنلەر ! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە(ھەقىقي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتاۋىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر) (سۈرە «نىسا» ، 59 ـ ئايەت).

6 ـ ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولۇش: پەيغەمبەرلەر ئىنسانىيلىقنىڭ كامىللىقى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان مۇبارەك زاتلاردۇر. ئۇلار بەندىلەرگە مىسلىسىز ئۈلگىدۇر. ئۇلار ئەقىل، ئىلىم، ھىدايەت، نەسەب، شەرەپ، پاكلىق... قاتارلىق جەھەتلەردىن بەندىلەرنىڭ

ئەگىشىشكە تامامەن لايىقتۇر. ئاللاھۇ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «أُولَٰئِكَ الَّذِينَ هَدَى اللَّهُ فَبِهُدَاهُمُ اقْتَدِهْ قُل لَّا أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ أَجْرًا إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرَىٰ لِلْعَالَمِينَ» (ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن.) (سۈرە «ئەنئام»، 90 ـ ئايەت).

7 ـ ئۆزىگە نازىل قىلىنغان كىتاپ (ياكى سۆھۇپىنىڭ) مەنىسىنى بايان قىلىپ چۈشەندۈرۈش: پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان ھىدايەت دەستۇرلىرىنى شەرھلەش، چۈشەندۈرۈش يەنىلا شۇ ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. كىشىلەرنىڭ بىر مەسىلىگە ـ ھەقىقەتكە نىسپەتەن ئەقلىي كەمتۈكلۈك سەۋەپلىك پوزىتسىيىسى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا بۇمۇ ئۇلارنىڭ بۈيۈك بىر ۋەزىپىسگە ئايلىنىدۇ. ئۇلار ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى، قاراتمىلىغىنى، ھېكمىتىنى ـ مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، پەرۋەردىگارنىڭ مەقسىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھۇ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بِالْبَيِّنَاتِ وَالزُّبُرِ وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ» ((ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) دەلىللەر ۋە مۇقەددەس كىتاپلار بىلەن (ئەۋەتتۇق)، بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۆنىگەدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق.) (سۈرە «نەھل»، 44 ـ ئايەت).

**خاتىمە**

پەيغەمبەرلەر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىش ئىشلىرىدا مىسلىسىز رول ئوينىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تارىختىكى رولىنى ھەرقانداق بەنى ئادەمگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ قىسسە ـ تارىخلىرىنى بىر نەچچە سەھىپە، ئاددىي قۇرلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىش قىيىن. ئۇلارنىڭ ھەر ـ بىر مەسىلىسى، ھېكايىسى، ئىش ـ ئىزلىرى ئىنسانلارنىڭ تەتقىق قىلىشىغا، ئۈلگە قىلىشىغا، ئۇلارنىڭ ھىدايىتى بىلەن يول تېپىشىغا ئەرزىيدۇ. ئۇلار قىلچىمۇ نۇقسانسىز يېتۈك ئۈلگە بولالايدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ سىرلىق ھاياتى توغرىسىدىكى بۇ ساھە ھەممىمىزنىڭ تەتقىق قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا. چۈنكى بىز ئىنسانىيەتنى چۈشەنمەكچى بولىدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ سەر خىللىرى بولغان پەيغەمبەرلەرنى چۈشىنىشىمىز كېرەك،ئەلۋەتتە .



# مۇقەددەس يالداملار






نۇھ ئەلەيھسسالامنىڭ كېمىسى توختىغان جۇدى تېغى
ۋە زىيارەت مەركىزى



Noah's Ark and the Visitor's center




http://YaNoorAllah.vze.com
http://www.YaNoorAllah.com
http://YaNoorAllah.welcome.to
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋرىسى
http://www.NooreMadinah.net


ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىبادەت قىلغان جاي


لۇت ئەلەيھىسسالام ئىبادەت قىلغان غار


ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى

# يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ سەللىسى






مۇسا
ئەلەيھىسسالام
ئىبادەت قىلغان غار


ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلەشكەن تاغ
( تۇر تېغى )


مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىسى ھارۇننىڭ قەۋرىسى


مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى


داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋرىسى
www.alhazmiah.wordpress.com


پاكىزە قەلب ، گۈل يۈزلۈك پەيغەمبىرىمىز
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام



## پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ دۇبۇلغىسى

## پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قىلىچلىرى



ئەل مەسۇر



ئەل بەتتار



ئەل ئازاب



سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ چاچلىرى

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئەي پەيغەمبەر ئۇستازىمىز،
قەدرىڭ بىلەن يېتىپ كەلدى نۇر ـ مەشئەل قورئانىمىز.
سېنى ئەسلەش ، زەپەر كۆزلەش ـــ جەننەتۇل ئارمانىمىز،
بۇدۇر ئۇلۇق ئاللاھ ئۇچۇن ساداقەت شوئارىمىز.
گېزى كەلسە ئالى شەرەپ شېھىدلىك ئىمكانىمىز،

ئامىن!

## (2) قۇرئانى كەرىم

تەڭداشسىز ئۇلۇق ۋە مېھرى ـ شەپقەتلىك ئاللاھۇ تەئالا ئېيتىدۇكى، « إِنَّ الدِّينَ عِندَ اللّهِ الإِسْلاَمُ وَمَا اخْتَلَفَ الَّذِينَ أُوْتُواْ الْكِتَابَ إِلاَّ مِن بَعْدِ مَا جَاءهُمُ الْعِلْمُ بَغْيًا بَيْنَهُمْ وَمَن يَكْفُرْ بِآيَاتِ اللّهِ فَإِنَّ اللّهِ سَرِيعُ الْحِسَابِ» ( ھەقىقەتەن اللە نىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر. كىتاپ بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئۆزلىرىگە ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا ئۆز ـ ئارا ھەسەت قىلىشىپ ئىختىلاپ قىلىشتى (يەنى ئىسلامنىڭ ھەقلىقىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى روشەن پاكىتلار ئارقىلىق بىلىپ تۇرۇپ، كۆرەلمەسلىكتىن ئىنكار قىلىشتى)، كىمكى اللە نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن (اللە ئۇنى يېقىندا جازالايدۇ)، اللە تېز ھېساپ ئالغۇچىدۇر.» ( سۈرە «ئال ـ ئىمران» ، 19 ـ ئايەت ) ، «حُرِّمَتْ عَلَيْكُمُ الْمَيْتَةُ وَالْدَّمُ وَلَحْمُ الْخِنْزِيرِ وَمَا أُهِلَّ لِغَيْرِ اللّهِ بِهِ وَالْمُنْخَنِقَةُ وَالْمَوْقُوذَةُ وَالْمُتَرَدِّيَةُ وَالنَّطِيحَةُ وَمَا أَكَلَ السَّبُعُ إِلاَّ مَا ذَكَّيْتُمْ وَمَا ذُبِحَ عَلَى النُّصُبِ وَأَن تَسْتَقْسِمُواْ بِالأَزْلاَمِ ذَلِكُمْ فِسْقٌ الْيَوْمَ يَئِسَ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِن دِينِكُمْ فَلاَ تَخْشَوْهُمْ وَاخْشَوْنِ الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الإِسْلاَمَ دِينًا فَمَنِ اضْطُرَّ فِي مَخْمَصَةٍ غَيْرَ مُتَجَانِفٍ لِّإِثْمٍ فَإِنَّ اللّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ» ( سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، اللە دىن غەيرىنىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، (ھايۋانلار تەرىپىدىن) ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان(نىڭ گۆشىنى يېيىش) ھارام قىلىندى، لېكىن (يۇقارقى بەش تۈرلۈك ھايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا) بۇغۇزلىغىنىڭلار ھالال بولىدۇ. يەنە بۇتلارغا ئېلىپ بېرىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا بۇغۇزلانغان ھايۋانلار ھارام قىلىندى. ئەزلام (يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە پال ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۈچ پارچە ياغاچ) بىلەن پال سېلىشىڭلار ھارام قىلىندى، بۇ گۇناھتۇر. كافىرلار بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلار(نى يوقىتىش)تىن ئۈمىدىنى ئۈزدى، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار، بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم، كىمكى ئاچلىقتا ئىلاجسىزلىقتىن، گۇناھنى مەقسەت قىلماستىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى يېسە گۇناھ بولمايدۇ)، اللە مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.) ( سۈرە «مائىدە» ، 3 ـ ئايەت )

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئەمدى مەن ۋاقت ئېتىبارى بىلەن ئاساسلىق قىلىپ ئىسلام دىنىمىزنىڭ نۇر ـ مەشئىلى بولغان قۇرئانى كەرىم ھەققىدىلا توختۇلۇپ ئۆتىمەن.

قۇرئانى كەرىم ـ ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ ئۇلۇق پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە چەكسىز مېھىر-شەپقەتلىك ئۇلۇق ئاللاھۇ تەئالا تەـ رىپىدىن چۈشۈرۈلگەن، پۈتمەس-تۈگىمەس سىر ـ ھىكمەتلەر بىلەن تولغان مۆجىزە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆمۈرۋايەتلىك قۇتسال كىتاۋىدۇر.

قۇرئانى كەرىمنىڭ مانا شۇ جەھەتلەردە باشقا ئىلاھى كىتاپلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان بىر قانچە يۈكسەك ۋە قىممەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى بار. بۇلار قىسقىچە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ئا) قۇرئانى كەرىم پەيغەمبىرىمىزگە چۈشكەندەك ھالىتى بىلەن (ھېچ قانداق ئۆزگەرتىلمەستىن) داۋام قىلماقتا ۋە قىيامەتكىچە مۇشۇ ھالىتى بىلەن داۋام قىلىدۇ.

ئەمما ئايانكى، باشقا قۇتسال كىتاپلاردىن بەزىلىرى تامامەن يوقۇلۇپ كەتتى، بەزىلىرى بىر قانچە خىل ئۆزگەرتىلىپ ، ھېچ قايسىسى ئاللاھۇ تەئالا چۈشۈرگەندەك ھالىتىنى ساقلاپ قالالمىدى. ئەمما مېھرى ـشەپقىتى چەكسىز ئۇلۇق ئاللاھۇ تەئالا قۇرئانى كەرىمنى قوغدايدىغانلىقىنى مونۇ ئايەتى كەرىم بىلەن ئىپادىلىگەن: « إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ» (قۇرئانى كەرىمنى ساڭا بىز چۈشۈردۇق. ئۇنىڭ قوغدۇغۇچىسىمۇ بىز.) (سۈرە «ھىجر»، 9ـ ئايەت)

دېمەك، ئاللاھۇ تەئالا قۇتسال كىتاۋىمىز قۇرئانى كەرىمنى ھازىرغىچە قوغداپ كەلدى ۋە قىيامەتكىچە قوغدايدۇ.

بۇ ھەقتە تەپسىلىيرەك توختىلىدىغان بولساق، ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، قۇرئانى كەرىم ھەر قانداق زاماندىن ھەر قانداق ئىنسانلار جامائەتىگە خىتاپ قىلغۇچىدۇر. ئوقۇغان كىشىنىڭ بىلىم ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى قانچىلىك بولسا بولسۇن، قۇرئانى كەرىم ھەر قانداق كىشى چۈشىنەلەيدىغان رۇشەن ۋە چۈشىنىشلىك تىل بىلەن پۈتۈلگەن. بۇ ھەقتە ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «وَلَقَدْ يَسَّرْنَا الْقُرْآنَ لِلذِّكْرِ فَهَلْ مِن مُّدَّكِرٍ» (بىز ھەقىقەتەن قۇرئاننى ھېيزى ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟) ( سۈرە «قەمەر» ، 22ـ ئايەت.)

قۇرئانى كەرىم شۇقەدەر ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان ئۇسلۇپتا پۈتۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھېچ كىم ئۇنىڭ ئوخششىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە قادىر بولالمىغان. بۇ ھەقتە ئاللاھۇ تەئالا قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ : « وَإِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَى عَبْدِنَا فَأْتُواْ بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِ وَادْعُواْ شُهَدَاءكُم مِّن دُونِ اللّهِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ» (بەندىمىز (مۇھەممەد)گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر

سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار. ) («بەقەرە» سۈرىسى، 22 ـ ئايەت) . «أَمْ يَقُولُونَ افْتَرَاهُ قُلْ فَأْتُواْ بِسُورَةٍ مِّثْلِهِ وَادْعُواْ مَنِ اسْتَطَعْتُم مِّن دُونِ اللّهِ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ» ئۇلار:«قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان» دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى،«ئەگەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا (ياردەمگە) چاقىرالايدىغانلىكى كىشىڭلارنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار».)
(«يۇنۇس» سۈرىسى، 38 ـ ئايەت)

**جانابى ئاللاھ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاتا قىلغان مۆجىزىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كاتتىسى قۇرئانى كەرىم مۆجىزىسى ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە تەڭداشسىز ھىكمىتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكى، پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكى، شەپقىتى، رەھمىتى ۋە مەغپىرىتى چەكسىز ۋە تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ئۇلۇق زات ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئىسلامىيەتنىڭ دۇشمەنلىرى ھەگىزمۇ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى، بەلكى شەرمەندە، سېسىق نامى بىلەن ئەبەدىي ئىبرەت بولۇپ قالىدىغانلىقىنى تونۇتۇپ كەلمەكتە.**

بۇنداق بولۇشتا جانابى ئاللاھ **پەيغەمبىرىمىز** ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەدەبىيات ۋە ئىستىلىستىكىلىق سۆز سەنئىتىدە ۋايىغا يەتكەن مۇھىت كىشىلىرى ئىچىدە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. شۇ سەۋەبلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا دەۋەت ئېلىپ بارغاندا ئۇلارنى بېسىپ چۈشىدىغان دەرىجىدە بالاغەت ۋە پاساھەتتە ئالاھىدە ئۈستۈن ۋە ئوخشىشى يوق، ھېچ كىم تەڭ كېلەلمەيدىغان سۆز بىلەن دەۋەت ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن جانابى ئاللاھ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى مۇسابىقىغا چاقىرىپ (يەنى مۇنازىرە ئېلان قىلىپ)، بۇ مۆجىزىلىك كىتاب ـ قۇرئانى كەرىمنى نازىل قىلغان.

جانابى ئاللاھ قۇرئانى كەرىمنى ئەدەبىيات ۋە پەساھەت غايەت زور دەرىجىدە قەد كۆتەرگەن مۇھىتتا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغاندا، كاپىرلار: «قۇرئان ئادەتتىكى سۆز، ئۇنىڭدا ھېچ قانداق ئەدەبىي ۋە پاساھەت ئۈستۈنلىكى يوق. چۈنكى ئۇنى مۇھەممەد ئۆزى تۈزۈپ چىققان ئەسەر»، دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن جانابى ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا : «قُل لَّئِنِ اجْتَمَعَتِ الإِنسُ وَالْجِنُّ عَلَى أَن يَأْتُواْ بِمِثْلِ هَذَا الْقُرْآنِ لاَ يَأْتُونَ بِمِثْلِهِ وَلَوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيرًا» (ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر ـ بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ،ئۇنىڭ ئوخشىشىنى

مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ، يەنى ئىنسانلار ئەمەس جىن تائىپىسى بىلەن كۈچ بىرلەشتۈرۈپ ئۆز ـ ئارا ھەمكارلاشقان تەقدىردىمۇ قۇرئانى كەرىمنىڭ ئوخشىشىنى ئەسلا كەلتۈرەلمەيدۇ.) (سۈرە «ئىسرا»، 88 ـ ئايەت)، دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىپ پۈتۈن ئىنسان ۋە جىن تائىپىسگە بالاغەت ۋە پاساھەت جېڭى ئېلان قىلىشنى بۇيرىغان.

## ئون سۈرىنىڭ ئوخشىشنى كەلتۈرۈشكە مەيدان تەلەپ قىلىش:

ئۇلار قۇرئانى كەرىمنىڭ ئوخشىشنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىزلىق قىلغان چاغدا جانابى ئاللاھ ئۇلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپ، ئۇنداق بولسا قۇرئانى كەرىم سۈرىلىرىگە ئوخشاش ئون سۈرە كەلتۈرۈپ بېقىشقا چاقىرىپ مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «أَمْ يَقُولُونَ افْتَرَاهُ قُلْ فَأْتُواْ بِعَشْرِ سُوَرٍ مِّثْلِهِ مُفْتَرَيَاتٍ وَادْعُواْ مَنِ اسْتَطَعْتُم مِّن دُونِ اللّهِ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ» ( ئۇلار قۇرئاننى ( مۇھەممەد ) ئۆزى ئىجاد قىلغان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «(بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى ( ياردەمگە ) چاقىرىپ، ( پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن ) قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرىنى ئىجاد قىلىپ بېقىڭلار » (سۈرە «ھۇد»، 13 ـ ئايەت ).

## بىر سۈرىنىڭ ئوخشىشنى كەلتۈرۈشكە مەيدان تەلەپ قىلىش :

ئۇلار ئون سۈرىنىڭ ئوخشىشنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىزلىق قىلغاندا جانابى ئاللاھ ئۇلارنىڭ يۈكىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە يەڭگىللىتىپ، ئۇنداق بولسا بىر سۈرىنىڭ ئوخشىشنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار ئەمىسە، دېگەن ئاساستا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: « وَإِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَى عَبْدِنَا فَأْتُواْ بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِ وَادْعُواْ شُهَدَاءكُم مِّن دُونِ اللّهِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ» (بەندىمىز (مۇھەممەد)گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) اللە دىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار.) «بەقەرە» سۈرىسى، 27 ـ ئايەت

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ف.ف ئاربۇسنوت دېگەن ئالىم ئۆزىنىڭ «قۇرئان ۋە ئىنجىلنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدا»ناملىق كىتاۋىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«ئەدەبىي ئۇسلۇبى جەھەتتىن قارىغىنىمىزدا، قۇرئان يېرىم نەزمىي يېرىم نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان ئەڭ ساپ ئەرەبچىگە ئۆرنەكتۇر. بەزى كىشىلەر قۇرئاندا قوللىنىلغان

بەلگىلىك ئەندىزە ۋە ئۇسلۇپ بىلەن ماسلىشىدىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىرەر كىتاپنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇنۇشقان بولسىمۇ، لېكىن ھېچ بىرىنىڭ بۇ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغانلىقى مەلۇم بولماقتا.»

قۇرئاندا ئىپادىلەشتە قوللىنىلغان سۆزلەملەر ھەم مەنا جەھەتتىن، ھەم ئۇسلۇبىنىڭ راۋانلىقى ۋە تەسىرى جەھەتتىن ئاجايىپ يۇقىرى ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. ئەمما قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ ئەمىر ۋە چەكلەش بۇيرۇقلىرىنى بىلدۈرگەن قۇتسال كىتاپ ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشنى خالىمىغانلار ھەرخىل باھانىلارنى كۆرسىتىپ ئىنكار قىلىشىدۇ. ئاللاھ ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ قۇرئان توغرىسىدىكى سۆزلىرىگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن مۇنداق دېگەن: «وَمَا عَلَّمْنَاهُ الشِّعْرَ وَمَا يَنبَغِي لَهُ إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ وَقُرْآنٌ مُّبِينٌ ﴿٦٩﴾ لِّيُنذِرَ مَن كَانَ حَيًّا وَيَحِقَّ الْقَوْلُ عَلَى الْكَافِرِينَ﴿٧٠﴾ **(ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبەرلەرگە) بىز شېئىر تەلەم بەرمىدۇق، ئۇنىڭغا شېئىر مۇناسىپمۇ ئەمەس. ئۇ پەقەت تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش، كافىرلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى (بىلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان) ۋەز ـ نەسىھەتتۇر ۋە روشەن قۇرئاندۇر.»** («ياسىن» سۈرىسى، **69 ـ 70** ـ ئايەتلەر)

## قۇرئانى كەرىمدىن كاپىرلار ئۆلگىدەك قورقىدۇ !!!

قۇرئانى كەرىمنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىرلارنىڭ قۇرئانى كەرىمنى ئاڭلاشتىن ئۆلگىدەك قورقىدىغانلىقى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. چۈنكى ئۇلار قەلبىدىكى كۆپىرىدىن ئىبارەت تەرسالىقنى قۇرئانى كەرىمنىڭ يەرگە ئۇرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قۇرئانى كەرىمگە قارىتا ئەقلى ۋە ئىدىيىسى ساغلام بولغانلىرىنى قۇرئانى كەرىم ھەر تەرەپتىن ئۆزگەرتىدۇ. شۇ جەھەتتىن جانابى ئاللاھ ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە تەۋسىيە ۋە ۋەسىيەتلىرىنى قۇرئانى كەرىمدە بايان قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بىز بۇنىڭدىن ھەيرانلىق ھېس قىلمىساقمۇ بولىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا لَا تَسْمَعُوا لِهَٰذَا الْقُرْآنِ وَالْغَوْا فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَغْلِبُونَ» (كاپىرلار: « بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار، سىلەر غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن» دەيدۇ.» يەنى قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، كۈچۈل بۆلمەڭلار، شۇنداق قىلساڭلار مۇھەممەدنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن.). (سۈرە «فۇسسىلەت»، 26 ـ ئايەت). بۇنىڭدىن شۇنى ئېنىق كۆرىۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئەگەر ئۇلار قۇرئانى كەرىمگە ھەقىقى رەۋىشتە قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدىغان بولسا، قۇرئانى كەرىم ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۆزگەرتىپ، توغرا يولغا قايتۇرىشىنى شەكسىز بىلىشىدۇ. قانداقمۇ شۇنداق بولمىسۇن؟ چۈنكى، جەنابى

ئاللاھ ئەگەر بۇ قۇرئانى كەرىمنى تاغقا نازىل قىلغان بولسا، تاغ ئاللاھتىن قورقۇپ باش ئەگىپ، يېرىلىپ كېتىدىغانلىقى قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «لَوْ أَنزَلْنَا هَذَا الْقُرْآنَ عَلَى جَبَلٍ لَّرَأَيْتَهُ خَاشِعًا مُّتَصَدِّعًا مِّنْ خَشْيَةِ اللَّهِ وَتِلْكَ الْأَمْثَالُ نَضْرِبُهَا لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ » (ئەگەر بىز بۇ قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ ئاللاھتىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىگىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىگىنى كۆرەتتىڭ، بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى) پىكىر قىلسۇن، دەپ بايان قىلىمىز» ( سۈرە «ھەشر»، 21 ـ ئايەت ) بەلكى ئۇلار قۇرئانى كەرىمگە قۇلاق سالغاندا ئۆزلىرىنى ئۇنتىغان ئىدى !!!

ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ قۇرئانى كەرىمنى ئاڭلاپ، قاتتىق تەسىرلىنىپ ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا دەرھال سەجدىگە كەتكەنلىگىدىن تەئەججۈپلىنىش كەتمەيدۇ. بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە «نەجم»نى ئوقۇپ سەجدە قىلغاندا، ئۇ زات بىلەن بىرگە مۇسۇلمانلار، مۇشرىكلار ھەتتا جىنلارمۇ سەجدە قىلغان » ( ئىمام بۇخارى رىۋايىتى )

بۇ ۋەقە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ بەشىنچى يىلى يۈز بەرگەن. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ھەرەمگە بارىدۇ، ھەرەمدە قۇرەيش ( كاتتىلىرى) ئۆز ـ ئارا سۆھبەتتە ئىكەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نامازدا سۈرە «نەجم»نى باشلاپ، «أَزِفَتْ الْآزِفَةُ ﴿٥٧﴾ لَيْسَ لَهَا مِن دُونِ اللَّهِ كَاشِفَةٌ ﴿٥٨﴾ أَفَمِنْ هَذَا الْحَدِيثِ تَعْجَبُونَ ﴿٥٩﴾ وَتَضْحَكُونَ وَلَا تَبْكُونَ﴿٦٠﴾ وَأَنتُمْ سَامِدُونَ ﴿٦١﴾ فَاسْجُدُوا لِلَّهِ وَاعْبُدُوا ﴿٦٢﴾ » (قىيامەت يېقىنلاشتى. ئۇنىڭغا ئاللاھتىن باشقا كەشىپ قىلغۇچى (يەنى ئۇنىڭ ۋاقتىنى بىلگۈچى ياكى ئۇنىڭ ئازابىنى دەپئى قىلغۇچى) يوقتۇر. (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) مەسخىرە قىلىپ بۇ قۇرئاندىن ئەجەپلىنەمسىلەر؟ (ئۇنى ئاڭلىغان چاغدا) كۈلەمسىلەر؟ يىغلىمامسىلەر؟ سىلەر غاپىلدۇرسىلەر. ئاللاھقا سەجدە قىلىڭلار ۋە (ئۇنىڭغا) ئىبادەت قىلىڭلار.)، (سۈرە «نەجم» 57 ـ 62 ـ ئايەتلەر) دېگەن ئايەتلەر ئاخىرلاشقاندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىغا سەجدىگە باش قويىدۇ، بۇ مەيداندا بولغان پۈتۈن مۇشرىكلارمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن تەڭ ئىختىيارسىز ھالدا سەجدىگە باش قويىدۇ، ئۇلار سەجدىدىن باش كۆتەرگەندە بۇ ئىشنى تەكەببۇرلىقى ۋە تەرسالىقىدىن ئىنكار قىلىشىدۇ، لېكىن ئۇلار قۇرئانى كەرىمنىڭ شانلىق ھەيۋىتى ئالدىدا ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان ھالدا سەجدە قىلىپ تاشلىغان.

ئە) قۇرئانى كەرىم بىرلا قېتىمدا ئەمەس، زامان ۋە ھادىسىلەرگە يارىشا ئايەتلەر ۋە سۈرىلەر ھالىتىدە پارچە ـ پارچە چۈشۈرۈلگەن. بۇ ئەھۋال ئۇنى ئاسان يادىلاشقا ۋە چۈشۈنۈشكە ئىمكانىيەت ياراتقان.

ب) قۇرئانى كەرىم ئاخىرقى ئىلاھى كىتاپتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا كىتاپ چۈشمەيدۇ. قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرى قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە ۋە ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆزگەر ـ مەيدۇ. ئىلگىرىكى كىتاپلار بولسا بەلگىلىك بىر زاماندا چۈشكەن.

پ) قۇرئانى كەرىم پۈتكۈل ئىنسانلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاياتنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك بولىشىغا نۇر نىشانە سۈپىتىدە چۈشۈرۈلگەن كىتاپتۇر. ئۇ ھەر قايسى يىل ـ ئەسىرنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىشقا تامامەن قادىر بولغان ھەقىقەت ۋە ھېكمەتلەر بىلەن تولغان.

## ئەمدى تۆۋەندىكى پارچىلارنى كۆرۈپ قويۇڭلار:

«...1790 ـ يىلى چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئىسلام دىنىغا ئائىت ئەسەرلەرنى نەشىر قىلىشنى چەكلەيدىغان بارلىق چەكلىمىلەرنى بىكار قىلغاندىن كېيىن قازاندا رۇسىيە بويىچە تۇنجى ئىسلام باسما زاۋۇدى قۇرۇلۇپ ، رۇسىيىدە بۇ بۈيۈك دەستۇر ۋە ئىسلامىي كىتاپلارنىڭ نۇسخىلىرى بېسىپ تارقىتىلغان.

1800 ـ يىلىغا كەلگەندە رۇسىيىدە «قۇرئانى كەرىم»نىڭ 3 ـ رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى نەشىر قىلىنغان. بۇ تەرجىمە نۇسخا فىرانسىيىلىك شەرقشۇناس ئانتېرى فىرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلغان «قۇرئانى كەرىم»گە ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇنى رۇسىيىدىكى يۇقۇرى ئابرويغا ئىگە ئەدەبىياتشۇناس مېخائىل فېرئوفكىن رۇسچىگە تەرجىمە قىلغان. فېرئوفكىننىڭ تەرجىمە نۇسخىسى رۇسىيە ئەدەبىيات تارىخىدا ناھايىتى موھىم رول ئوينىغان. ئۇ رۇسىيىدىكى تالانتلىق يازغۇچى، دىراماتورگ بولغاچقا تەرجىمىدە جانلىق، نەپىس ئەدەبىي تىللارنى تاللاپ ئىشلەتكەن. ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولغاچقا نۇرغۇن رۇس يازغۇچىلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن، ھەتتا رۇسىيىلىك بۈيۈك شائىر پۇشكىنمۇ ئۇنىڭغا يۇقۇرى باھا بەرگەن.

«قۇرئانى كەرىم»دىكى گۈزەل ئىبارىلىك پارىلەر، چوڭقۇر مەنىلىك ئايەتلەر، پوشكىندەك يېتۈك شائىرنىڭ قەلبىنىمۇ لەرزىگە سالغان. پوشكىن «قۇرئانى كەرىم»نىڭ ئۆز قەلبىنى ھاياجانغا سالالىغان بىردىن بىر ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. ئۇ ھەتتا «قۇرئانى كەرىم»دىن ئالغان ئىلھامى ئاساسىدا «قۇرئان ئىلھامى» ناملىق مەشھۇر شېئىرىنىمۇ يازغان. بۇ شېئىر «يۇلتۇزلار تۇركۈمى پارىسى»دىكى 23 ـ ئايەتنىڭ ئەسلى مەنىسى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، يارقىن شېئىرىي تىل ئارقىلىق «قۇرئانى كەرىم»دىكى پەلسەپۋىي مەزمۇنلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بايان قىلغان.
رۇسىيە ئەدەبىياتى تارىخىدا بۇ شېئىر دىنىي ئەسەرلەرنى توغرا چۈشىنىشكە يول ھازىرلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا رۇس كىتاپخانلىرىنىڭ «قۇرئانى كەرىم»گە بولغان قىزىقىشىنى زور دەرىجىدە قوزغىغان.»

«ئورخان پاموكنىڭ «يېڭى ھايات» رومانىدىمۇ غەرپنىڭ بۈيۈك شائىرى دانتىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇپ ئۇنىڭدىكى پەرىشتىلەر توغرىسىدىكى بايانلار ـ

دىن تولىمۇ ھەيران قالغانلىقى ۋە زوقلانغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلار بار ئىدى.

ئۆز قەلب چوڭقۇرلۇقىغا چۆكۈپ بېقىشنى ئارزۇ قىلغان ھەر- بىر مۇسۇلمان قەتئىي ھالدا ئەڭ ئاۋۋال قۇرئانغا مۇراجىئەت قىلىشى كېرەك. قۇرئان ئېنىقى لايىقىدا تەتقىق قىلىنغىنى يوق، بەلكىم بۇ توغرىدا تەتقىقاتلار راۋاجلانسا تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئۇنىڭ راۋاجى ئاياغلاشماسلىقى مۇمكىن. ئۇنىڭ ھەر- بىر پەن بىلەن چېتىشلىقى بار، شۇڭا ھەرقانداق بىر نورمال پەننىڭ نەزەرىيىۋىي مودېلىنى چىقىش قىلىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغاندىمۇ قۇرئان تەتقىقات تېمىسى بولۇشقا يېتەرلىك ئاساسقا ئىگىدۇر. ئەكسى مەنىدە مۇشۇ خىل تەتقىقاتلارغا سەۋەب بولىدىغان بۇ دەستۇر شۇ خىل پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىمۇ زور ئىچكى ئېنېرگىيەگە ئىگە شۇنداق مۇقەددەس دەستۇركى ، ئىنسانلار ئۇنىڭ بۇ قەدەر زور قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىكى يۈكسەكلىكلەرنى لايىقىدا يېشىپ بېرىشكە ئېنىقى قادىر بولالمىدى.

قۇرئانشۇناسلىق ساھەسىدە ئۇيغۇرلار ئېنىقى ئىپتىدائىي تەتقىقات دائىرىسىدە ئىزدىنىشكىمۇ مۇشەررەپ بولالمايۋاتىدۇ. تولىمۇ ئەپسۇسكى تارىخىي يىللار مابەينىدە بىز قۇرئان روھىدىن پەيدىنپەي ئايرىلىپ قالغىنىمىز يەتمىگەندەك ئىسلام ئەقدىسىگە بولغان چۈشىنىشىمىزنىڭ يېتەرسىز بولۇشىغا باقماي تىخى ئىسلامىي ئەقىدىلەرنى خۇراپاتلىققا، ئىلىم - پەننىڭ ۋە تارىخنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولغان ئىدىئولوگىيە قاتارىغا چىقىرىۋېتىشتىنمۇ نومۇس قىلالمايۋاتىمىز.

ئەلۋەتتە بۇ خىل قاراشقا ئاز ساندىكى كىشىلەر ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەمما بۇنىڭ قارشىسىدا تۇرغۇچىلارمۇ ئىزدىنىش سالمىقىنى خەلقئارالىق تەتقىقات سەۋىيىسىگە يەتكۈ- زەلمەيۋاتىدۇ. يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بۇ مۇقەددەس دەستۇردىن ھاياتلىققا ئېرىشكەن ئىسلام دىنىغا بولغان چۈشەنچىسى ئىسپاتلانغىنى يوق.

شۇنى ئۈمىد قىلىمىزكى، ئاللاھۇ تەئالا مۇبارەك ئۆزكەرەم شاپائىتى بىلەن بىزنىڭ ئەقىل بۇلاقلىرىمىزنى ئېچىپ، ئاللاھنىڭ دىنىغا بولغان مۇھەببىتىمىزنى لايىقىدا قوزغىتىپ بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن مەۋجۇد بولغانلىقىمىزنىڭ ماھىيىتىنى بىزگە بىلدۈرۈشكە ھەر- بىر مۇسۇلمان بەندىسىنى ئۆزى مۇيەسسەر ئەيلىگەي.

بىر خىتاي تەتقىقاتچىنىڭ ماقالىسىدە يېزىلىشىچە، لېۋ تولستوينىڭ ئەرەپ ئەدەبىياتىدا مۇسۇلماندارچىلىققا ئىخلاس قىلغانلىقى ھەققىدىمۇ ئۇچۇر بار. ئۇنىڭ «ھاجى مۇرات» ناملىق پوۋېستى دەل شۇنداق ئىلھام ئاستىدا يېزىلغانىكەن.

سەي يىخۇەينىڭ بىر ماقالىسىدىمۇ رۇسىيىلىك ئەدىب لېۋ تولستوي، دوستو- يېۋسكىيلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسىدىلا ئۆز گۇناھىغا تۆۋە قىلىشتەك كۈچلۈك دىنىي كەيپىياتنىڭ بارلىقى، بۇ خىل ئىدىيىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدىمۇ ئىپادىسىنى تاپقانلىقى، خىتاي يازغۇچىلارنى ئۇلاردىن ئۆلگە ئېلىپ ئۆلمەس ئەسەر يېزىشقا چاقىرغانلىقى يېزىلغان.»

«غەربنىڭ بۈيۈك شائىرى دانتىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇپ ئۇنىڭدىكى پەرىشتىلەر توغرىسىدىكى بايانلاردىن تولىمۇ ھەيران قالغانلىقى ۋە زوقلانغان-

ـلىغى توغرىسىدىكى باياناتلار بار.»

بۇ خىل ئۇچۇرنى يەنە شاگىخەي چەت ئەل تىلى ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنىنىڭ نەشر ئەپكارى «ئەرەپ دۇنياسى»دېگەن ژورنالغا بېسىلغان «دانتى ۋە ئەرەپ ئەدەبىياتى» ناملىق ماقالىدىنمۇ ھېس قىلىش مۇمكىن.

«غەرپ پەلسەپىسىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن ئىقتىدارىنى ھازىرلاپ «شەرقنىڭ ئىككىنچى ئارىستوتېلى»دەپ نام ئالغان فارابىنىڭ مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسى بولسۇن ياكى ئىبنىسىنانىڭ «روھ ۋە بىلىش نەزەرىيىلىرى» بولسۇن ھەممىسىدىلا ئاللاھ، يەنى «قۇرئان» ئىدىيىلىرى يادرو قىلىنغان.»

## قۇرئانى كەرىمنىڭ ھەققى

قۇرئانى كەرىمنىڭ پەزىلىتى باشقا ھەرقانداق سۆزگە نىسبەتەن، جەنابى ئاللاھنىڭ ئۆز مەخلۇقلىرىغا بولغان پەزىلىتىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى جەنابى ئاللاھ تەرىپىدىن بالاغەت، پاساھەت ۋە بايان قاتارلىق سۆز سەنئىتى ئاتا قىلىنغان ئەڭ كاتتا، بۈيۈك ئەدىپ ۋە ئالىملارنىڭ ھەممىسى بىر ئارىغا كەلگەن تەقدىردىمۇ، قۇرئانى كەرىمنىڭ پەزىلىنى بايان قىلىشقا كۈچى يەتمەيدۇ. لېكىن بىز قۇرئانى كەرىمنىڭ پەزىلىتىنى تونۇپ، قەدرىنى بىلىش مەجبۇرىيىتىمىزنى تونۇپ يېتىشىمىز ئۈچۈن، قۇرئانى كەرىمنىڭ پەزىلەتلىرىگە پەرۋەردىگارىمىزنىڭ سۆزى ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس شەرىپلىرى ئارقىلىق يېقىنلىشىشقا تىرىشىمىز.

قۇرئانى كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە نازىل بولۇشتا سەرلەۋھەلىك قىلىپ تاملارنى ۋە تۈۋلەرنى زىننەتلەشكە، ياكى شەخسى ماشىنىلارنىڭ ئارقىسىدا قويۇپ قويۇشقا ياكى كۆز مونچاق قىلىپ بويۇنلىرىغا ئېسىۋېلىشقا، ياكى رامىزاندا بىر قېتىم، ئىككى قېتىم، ئۈچ قېتىم خەتىم قىلىپ، رامىزاندىن كېيىن تەكچىگە ئېلىپ قويۇپ توپا ئاستىدا پەرۋەردىگارىغا شىكايەت قىلىشقا نازىل قىلىنمىغان. قۇرئانى كەرىمگە ئەقىل كۆزىمىز بىلەن ئاللاھنىڭ كالامى بويىچە نەزەر سالىدىغان بولساق، قۇرئانى كەرىمنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدە ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ھەققى بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. قۇرئانى كەرىم شۇنداق بىر ھىدايەت نۇرىكى، بىزنى توغرا يولغا باشلاپ، قاراڭغۇ زۇلمەتتىن نۇرلۇق ئالەمگە چىقاردى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئانى كەرىمنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەقلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئۈچۈن:

(1) قۇرئانغا ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك .

جەنابى ئاللاھ بىزنى قۇرئانى كەرىمگە ئەگىشىشنى ئەمر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«اتَّبِعُواْ مَا أُنزِلَ إِلَيْكُم مِّن رَّبِّكُمْ وَلاَ تَتَّبِعُواْ مِن دُونِهِ أَوْلِيَاء قَلِيلاً مَّا تَذَكَّرُونَ» ( ئى ئىنسانلار! ) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتاپقا ( يەنى

قۇرئانغا ) ئەگىشىڭلار. ئاللاھنى قويۇپ ( جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان) سىلەرنى ئازدۇرىدىغان دوستلارغا ئەگەشمەڭلار، سىلەر ۋەز-نەسىھەتنى ئاز قوبۇل قىلىسىلەر) (سۈرە «ئەئراپ»، 3 - ئايەت)

يەنە جەنابى ئاللاھ «زۇمەر» سۈرىسى، 55 - ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «وَاتَّبِعُوا أَحْسَنَ مَا أُنزِلَ إِلَيْكُم مِّن رَّبِّكُم مِّن قَبْلِ أَن يَأْتِيَكُمُ الْعَذَابُ بَغْتَةً وَأَنتُمْ لَا تَشْعُرُونَ» **(سىلەر تۇيمىغان ھالەتتە سىلەرگە ئازاپنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېلىشىدىن ئىلگىرى سىلەرگە نازىل قىلىنغان ئەڭ گۈزەل قۇرئانغا ئەگىشىڭلار». شۇنىڭدەك جەنابى ئاللاھنىڭ:« بىز ئاتا قىلغان كىتاپنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇيدىغانلار بار، ئەنە شۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ.كىملەركى كىتاپنى(يەنى قۇرئاننى)ئىنكار قىلىدىكەن،ئۇلار زىيان تارتقۇ- چىلاردۇر )** ( سۈرە «بەقەر»، 21 - ئايەت ) دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: **« يەنى، ئۇ قۇرئانى كەرىمگە تېگىشلىك رەۋىشتە ئەگىشىدۇ.»**

جەنابى ئاللاھ قۇرئانى كەرىمدىن يۈز ئۆرۈشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «كَذَلِكَ نَقُصُّ عَلَيْكَ مِنْ أَنبَاء مَا قَدْ سَبَقَ وَقَدْ آتَيْنَاكَ مِن لَّدُنَّا ذِكْرًا ﴿٩٩﴾ مَنْ أَعْرَضَ عَنْهُ فَإِنَّهُ يَحْمِلُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وِزْرًا ﴿١٠٠﴾ خَالِدِينَ فِيهِ وَسَاء لَهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ حِمْلًا ﴿١٠١﴾» ( ئى مۇھەممەد! ) ساڭا ئۆز تەرىپىمىزدىن قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق. كىمكى قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى ( چوڭ گۇناھتىن ) ئېغىر يۈك يۈكلىنىدۇ. ( ئۇ گۇناھى ئۈچۈن بېرىلگەن ئازاپنى مەڭگۈ تارتىدۇ ) قىيامەت كۈنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن بۇ يۈك نېمىدېگەن يامان!) (سۈرە «تاھا»، 99، 100 ، 101 - ئايەتلەر ). يەنە بىر ئايەتتە قۇرئانى كەرىمدىن يۈز ئۆرۈش ئەڭ قاتتىق زۇلۇم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن ذُكِّرَ بِآيَاتِ رَبِّهِ فَأَعْرَضَ عَنْهَا وَنَسِيَ مَا قَدَّمَتْ يَدَاهُ إِنَّا جَعَلْنَا عَلَى قُلُوبِهِمْ أَكِنَّةً أَن يَفْقَهُوهُ وَفِي آذَانِهِمْ وَقْرًا وَإِن تَدْعُهُمْ إِلَى الْهُدَى فَلَن يَهْتَدُوا إِذًا أَبَدًا» ( پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن پەند - نەسىھەت قىلىنغان، ئۇ ئايەتلەردىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھلىرىنى ئۇنتۇغان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قۇرئاننى چۈشىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان پەردىلەرنى تارتتۇق، قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق، ئەگەر ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلساڭ، ئۇلار ھەرگىز ھىدايەت تاپمايدۇ ( يەنى ئۇلارنى ئىمانغا، قۇرئانغا دەۋەت قىلساڭ، ئۇلار دەۋىتىڭنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ.) ( سۈرە «كەھف»، 57 - ئايەت ).

(2) مەنە ۋە مەزمۇننى مۇلاھىزە قىلىپ يېقىملىق ئاۋاز بىلەن قائىدىلىك ئوقۇشىمىز لازىم.

جەنابى ئاللاھ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قۇرئان كەرىمنى قائىدىلىك ، تەرتىپلىك ئوقۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «أَوْ زِدْ عَلَيْهِ وَرَتِّلِ الْقُرْآنَ تَرْتِيلًا» (كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن. قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە ـ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن) ( سۈرە «مۇززەممىل»، 4 ـ ئايەت ). شۇنىڭدەك ھەزرىتى ئەبى ئۇمامەتىل باھىلى مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ « قۇرئاننى ئوقۇڭلار، چۈنكى ئۇ قىيامەت كۈنى ئۆز ئىگىسىگە شاپائەتچى بولۇپ كېلىدۇ»، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى ). ھەزرىتى ئىبنى ئاببباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: « قوسىقىدا قۇرئاننى كەرىمدىن ھېچ بىر نەرسە يوق ئادەم خاراب بولغان ئۆيگە ئوخشايدۇ »، دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ( ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى ). جەنابى ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كِتَابٌ أَنزَلْنَاهُ إِلَيْكَ مُبَارَكٌ لِّيَدَّبَّرُوا آيَاتِهِ وَلِيَتَذَكَّرَ أُوْلُوا الْأَلْبَابِ» (بۇ ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر) ( سۈرە «سات»، 29 ـ ئايەت ). جەنابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى مۇلاھىزە قىلىشتىن يۈز ئۆرىگەنلەرنى سۆكۈپ يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ الْقُرْآنَ أَمْ عَلَى» ( ئۇلار ( ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار ( شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ ) (سۈرە «مۇھەممەد»، 24 ـ ئايەت ).

(3) قۇرئاننى ( ئوقۇپ تۈرۈش بىلەن ئۇنىڭغا ) ۋاپا قىلىش ، تاشلاپ قويۇپ جاپا قىلماسلىقىمىز لازىم.

ھەزرىتى ئەبى مۇسا ئەشئەرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇرئاننى ئوقۇپ تۇرۇش، ھورۇنلۇقتىن تاشلاپ قويماسلىقتىن ئىبارەت ئەھدىڭلارنى يېڭىلاپ تۇرۇڭلار! مېنىڭ جېنىم قولىدا بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قۇرئاننىڭ (ئادەمنىڭ زېھنىدىن) قېچىشى باغلاغلىق تۆگىنىڭ قېچىشىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ (يەنى قۇرئاننى داۋاملىق ئوقۇپ تۇرۇڭلار، ھورۇنلۇقتىن تاشلاپ قويماڭلار، ئەگەر ئوقۇماي تاشلاپ قويساڭلار تېزلا ئۇنتۇپ كېتىسىلەر) » (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى)

ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «چۇقۇمكى، قۇرئان ئىگىسىنىڭ مىسالى باغلاغلىق تۆگىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، (ئۇنى ئوقۇپ تۇرۇش بىلەن كۆگۈل بۆلسە تۇتۇپ قالالايدۇ، بىغەرەزلىك قىلىپ ئوقۇماي) قويىۋەتسە كېتىپ قالىدۇ. (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى)

يەنە ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈممىتىمنىڭ (قىلغان ياخشى ئىش ـ ئەملى) ھەتتاكى

بىر ئادەمنىڭ مەسجىددىن چىقىرىۋاتقان چاڭ ـ توزانغا چاغلىق (ياخشى ئىشلىرىنىڭ) مۇكاپاتى ماڭا توغرا قىلىندى(يەنى كۆرسىتىلدى). شۇنىڭدەك ئۈممىتىمنىڭ (قىلغان يامان ئىشلىرىنىڭ) گۇناھىمۇ توغرا قىلىندى. (ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ ئىچىدە ) قۇرئاننىڭ بىرەر سۈرىسى ياكى بىرەر ئايىتى بېرىلىپ (يەنى، ياد ئېلىپ) ئاندىن ئۇنتۇپ قالغان ئادەمنىڭ گۇناھىدىن چوڭ گۇناھ كۆرمىدىم » (ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى)

(4) قۇرئاننى ھۆرمەتلەپ ئۇلۇغلىشىمىز لازىم.

قۇرئاننى ھۆرمەتلەش ھەققىدە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: «ذَٰلِكَ وَمَن يُعَظِّمْ شَعَائِرَ اللَّهِ فَإِنَّهَا مِن تَقْوَى الْقُلُوبِ» (ئىش مانا شۇنداق.كىمكى دىنىي ئىشلارنى (جۈملىدىن قۇرئانى كەرىمنى) ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ، دىللارنىڭ تەقۋادارلـــىقىدىندۇر) ( سۈرە «ھەج»، 32 ـ ئايەت ). شۇنىڭدەك جەنابى ئاللاھ قۇرئانى كەرىم ئوقۇلغاندا ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ شۈك تۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: « وَإِذَا قُرِئَ الْقُرْآنُ فَاسْتَمِعُوا لَهُ وَأَنصِتُوا لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ» (ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار ( يەنى سۆز قىلماڭلار ) ( سۈرە «ئەئراپ»، 204 ـ ئايەت ).

شۇنىڭدەك قۇرئانى كەرىمنى يادلىغان كىشىلەرنىڭ قۇرئانى كەرىمگە بولغان ئېھتىرامىنى ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مۇنداق بايان قىلغان: « قۇرئاننى كۆتەرگۈچى (يەنى يادلىغۇچى) باشقىلار ئۇخلاۋاتقان كېچىدە ( قۇرئان ئوقۇش بىلەن) ، باشقىلار روزا تۇتمايدىغان كۈندۈزدە (روزا تۇتۇش بىلەن)، باشقىلار خۇشاللىنىۋاتقان چاغلاردا ئۆز قايغۇسى بىلەن، باشقىلار كۈلۈۋاتقان چاغدا ئۆز يىغىسى بىلەن، باشقىلار (ئەھمىيەتسىز قۇرۇق پاراڭغا) چۆمۈپ كەتكەندە شۈك تۇرۇش بىلەن، باشقىلار چوڭچىلىق قىلىپ ھاكاۋۇرلۇقتىن كۆرەڭلەپ كەتكەندە بېشىنى ئىگىپ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەتتە بولۇش بىلەن تونۇلىشى لازىم ».

پۇزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاننى كۆتەرگۈچىلەر (يەنى ياد ئالغۇ ـ چىلار ) ئىسلام بايرىقىنى كۆتەرگۈچىلەردۇر».

شۇنىڭدەك، قۇرئانى كەرىمنى ياد ئالغۇچىلارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھۇ تائالا، ئىسلام ئۈستىدە ياشىنىپ، قۇرئانغا ـ چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ۋە بىخەستەلىك قىلماسلىقتىن ئىبارەت ـ ئۆز ھەققىنى بەرگەن كىشىگە ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدۇ »(بۇخارى رىۋايىتى.)

بۇلاردىن شۇنى كۆرىۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئاللاھنىڭ كىتاۋىغا كۆزلىرىمىز بىلەن قاراپ خۇشاللىنىش، قەلبىمىز بىلەن چۈشىنىپ پايدىلىنىپ مەنپەئەتلىنىشىمىز ئۈچۈن قۇر ـ ئانى كەرىم كۈندىلىك ئوقۇپ تۇرىدىغان نېسۋىمىز بولىشى لازىم.

بىشارەت ئال! چۈنكى سەن بىلەن نۇرغۇن (ياخشىلىق) بار. بەزى كىشىلەر قۇرئاننى كەرىمنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ يىغلاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئوقۇشنى قەتئى بىلمەيدۇ، «ھاياتىم بويى قۇرئان ئوقۇپ باقمىدىم، قانداق قىلسام بولا ؟»، دەپ ھەسرەت چېكىدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئىخلاس» سۈرىسىنى ئوقۇغان كىشىنىڭ قۇرئانى كەرىمنىڭ ئۈچتەن بىر قىسمىنى ئوقۇغان بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزى بىلەن بىشارەت بېرىمىز. چۈنكى ھەرقانداق ئادەم بۇ سۈرىنى ئاسانلا ياد ئالالايدۇ. سىز بۇ سۈرىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇسىڭىز نۇرغۇن ئەجرىگە ئېرىشەلەيسىز. قايسى ۋاقىت ۋە قايسى ئورۇن بولۇشتىن قەتئىي نەزەر سىز بۇ سۈرىنى ئوقۇشقا سەل قارىماڭ. شۇنداق قىلسىڭىز سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان سۆزلەر بىلەن تىلىڭىزنى ھەرىكەتلەندۈرگەن بولىسىز. ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ بەدەنلىرىڭىز تىترەيدۇ، رەھمىتىدىن ئۈمىتۋار بولۇپ دىللىرىڭىز يۇمشاپ ئارام تاپىدۇ. بۇ ھەقتە جەنابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: «اللَّهُ نَزَّلَ أَحْسَنَ الْحَدِيثِ كِتَابًا مُّتَشَابِهًا مَّثَانِيَ تَقْشَعِرُّ مِنْهُ جُلُودُ الَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ ثُمَّ تَلِينُ جُلُودُهُمْ وَقُلُوبُهُمْ إِلَى ذِكْرِ اللَّهِ ذَلِكَ هُدَى اللَّهِ يَهْدِي بِهِ مَنْ يَشَاءُ وَمَن يُضْلِلِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ » ( ئاللاھ سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى. ( پاساھەتتە، بالاغەتتە ) ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ( ۋەز ـ نەسىھەتلەر، ئەھكاملار، قىسسىلەر ئۇنىڭدا ) تەكرارلىنىدۇ، (قۇرئاندىكى ئازاپ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا ) پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى تىترەيدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ زىكرى ئۈچۈن ( يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا )، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ ( ئارام تاپىدۇ ). ئەنە شۇ ( يەنى قۇرئان ) ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدۇركى، ئۇنىڭ بىلەن ( ئاللاھ ) خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئاللاھ ئازدۇرغان ئادەمگە ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ » ( سۈرە «زۇمەر» 23 ئايەت ). يەنە جەنابى ئاللاھ : «إِنَّ هَذَا الْقُرْآنَ يَهْدِي لِلَّتِي هِيَ أَقْوَمُ وَيُبَشِّرُ الْمُؤْمِنِينَ الَّذِينَ يَعْمَلُونَ الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ أَجْرًا كَبِيرًا» بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىدۇ ) (سۈرە «بەنى ئىسرائىل»، 9 ـ ئايەت ) دەپ تەلىم بېرىدۇ.

شۇڭا بۇ كىتاپنى ئاشۇ بۈيۈك ئەجر ۋە مۇكاپاتلارغا تەلپۈنگەن، شاپائىتىنى ئۈمىت قىلغان ھالدا ئوقۇش كېرەك. بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « روزا بىلەن قۇرئان قىيامەت كۈنى ئۆز ئىگىسىگە شاپائەتتە بولىدۇ. روزا: « ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ئۇنى كۈندۈزى يېمەك ـ ئىچمەكتىن توستۇم، مېنى ئۇنىڭغا شاپائەتچى قىلغىن دەيدۇ، قۇرئان: ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇنى كېچىسى ئۇيقىدىن قويدۇم، مېنى ئۇنىڭغا

شاپائەتچى قىلغىن دەيدۇ، ئاندىن ئۇ ئىككىسى شاپائەت قىلىدۇ، دېگەن» ( ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى ).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە دايىم قۇرئاننىڭ شاپائىتىنى تىلەپ تۇرىشىمىزغا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: « قۇرئاننى ( دائىم ) ئوقۇپ تۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇ ئۆز ئىگىسىگە قىيامەت كۈنى شاپائەتچى بولۇپ كېلىدۇ » ( ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە ئۆز ئۇممەتلىرىنى باشقىلارغا ھەسەد قىلىشتىن توسقان، پەقەت ئىككى نەرسىدە ھەسەد قىلسا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن. « بىرى، جەنابى ئاللاھ قۇرئاننى بېرىپ، كېچە ـ كۈندۈز قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن بولغان كىشى، يەنە بىرى، جەنابى ئاللاھ مال ئاتا قىلىپ، كېچە كۈندۈز ( ئاللاھ يولىدا ) خەجلىگەن كىشى. مانا بۇ ئىككى كىشىگە ھەسەد قىلسا بولىدۇ». بۇ يەردىكى ھەسەتتىن مەقسەت، ئۇ كىشىنىڭ مېلىغا ھەسەد قىلىپ زايا بولۇپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىش ئەمەس، بەلكى ماڭىمۇ جەنابى ئاللاھ مال ـ دۇنيا بەرسىكەن، ئاللاھ يولىدا ئاشۇ ئادەمدەك خەجلىسەمكەن، دېگەن ئۈمىتتە بولۇشتىن ئىبارەت. ئەمما شەرئەتتە چەكلەنگەن ھەسەد قېرىندىشىڭنىڭ مال دۇنياسى تۈگىشىپ ئۇنىڭ ئورنىغا سېنىڭ مېلىڭنىڭ كۆپىيىشىنى تەلەپ قىلىش.

## قۇرئان ئوقۇغۇچىلار ـــــ ياخشىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

بۇ ئۇممەت ئۇممەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، شۇنداقلا ئۇممەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى. بۇ ئۇممەتنىڭ ئىچىدىن يەنە ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەۋزىلى قۇرئان ئوقۇچىلاردۇر. بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئوسماندىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ياخشىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكۈچىلەردۇر » ( ئىمام بۇخارى رىۋايىتى ) . شۇنىڭدەك يەنە بىر ھەدىستە دائىم قۇرئان ئوقۇپ تۇرغۇچىلارنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئۈستۈن بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاستىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « قىيامەت كۈنى، ( دۇنيادا ) قۇرئان ئوقۇغۇچىلارغا، ئوقۇغىن ۋە ( جەننەتنىڭ دەرىجىسىدە ) ئۆرلىگىن، دۇنيادا ( قۇرئاننى ) قائىدىسى بويىچە تىلاۋەت قىلغاندەك تىلاۋەت قىلغىن، چۈنكى سېنىڭ ( جەننەتتىكى ) ئورنۇڭ سەن ئوقىغان ئەڭ ئاخىرقى ئايەتتە توختايدۇ ( يەنى قانچىلىك كۆپ ئوقىساڭ جەننەتتىكى دەرىجەڭ شۇنچىلىك ئۈستۈن بولىدۇ ) ( ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى ).

## دۇدۇقلايدۇ ئىككى ئەجرى ئالىدۇ.

بەزىلەر بۇ بىشارەتتىن خۇشاللانسىمۇ يەنە قەلبىنىڭ بىر يېرىدە قانداق قىلسام

بولا؟ بىرەر ئايەتنىمۇ تۈزۈكرەك توغرا ئوقىيالمىسام، ئوقىغاندىمۇ ناھايىتى مۇشەققەت بىلەن تەستە ئوقۇيمەن، دەپ ھەسرەت چېكىدۇ. بىز بۇلارغا ھەزرىتى ئائىشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان مونۇ ھەدىسىنى تەقدىم قىلىمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « قۇرئاننى ياخشى ئوقىيالايدىغانلار ياخشى مۇكەررەم ئەلچىلەر (يەنى مۇكەررەم پەرىشتىلەر) بىلەن بىرگە بولىدۇ. كېكەچلەپ تەستە ئوقۇيدىغانلار ئىككى ئەجرى ئالىدۇ.» (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى). شەكسىزكى، پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە بولىدىغانلارنىڭ ئورنى ئۈستۈن بولىدۇ، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى تەستە ئوقۇيالايدىغانلارغا ئوقۇغانلىق ئەجرى ۋە قىينالغانلىق ئەجرى بېرىلىدىغانلىقى بىلەن بىشارەت بەرمەكتە.

شۇنداق بولغان ئىكەن، بىز بۇ كىتاپ، يەنى قۇرئانى كەرىمنى ئوقۇشقا سەل قاراپ ئۇنىڭ بۈيۈك ئەجرىدىن مەھرۇم قالماسلىقىمىز لازىم، مەيلى بىز بۇ مۇكەررەم پېرىشتىلەر بىلەن بىرگە بولايلى ياكى ئىككى ئەجرى ئالىدىغانلاردىن بولايلى، ھەر زامان قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن بولۇشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

## قۇرئاننى تاشلاپ ئوقۇيدىغانلاردىن بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىشىمىز لازىم.

بۇ ھەقتە جەنابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «وَقَالَ الرَّسُولُ يَا رَبِّ إِنَّ قَوْمِي اتَّخَذُوا هَذَا الْقُرْآنَ مَهْجُورًا» (پەيغەمبەر ئېيتتى:« ئى پەرۋەردىگارىم! شۈبھىسىزكى، مېنىڭ قەۋمىم بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىپ قويدى) ( سۈرە «فۇرقان»، 30 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتە جانابى ئاللاھ بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاننى تاشلاپ قويغۇچىلار ئۈستىدىن پەرۋەردىگارىغا شىكايەتتە بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

قۇرئاننى تاشلاپ قويۇش بىرقانچە خىل بولىدۇ:

(1) قۇرئاننى ئوقۇپ تۇرۇشنى تاشلاپ قويۇش.

(2) ئاڭلاشنى تاشلاش، قۇرئان ئوقۇلغاندا دىققەت قىلماسلىق، شۈك تۇرۇپ ئاڭلىماسلىق.

بۇ ھەقتە قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «وَإِذَا قُرِىءَ الْقُرْآنُ فَاسْتَمِعُواْ لَهُ وَأَنصِتُواْ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ» ( ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار ( يەنى سۆز قىلماڭلار)» ( سۈرە «ئەئراپ»، 204 ـ ئايەت ) بۇ ئايەتتىكى " رەھمەت " سۆزى قۇرئاننى پەقەت ئاڭلاپ قويۇشقا ئالاقىدار بولماستىن، بەلكى ئاڭلاش بىلەن بىرگە شۈك تۇرۇشقا ئەمر قىلىنماقتا. بۇ، قۇرئان ئوقۇلغاندا ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكەتنى توختىتىپ قۇرئانغا قۇلاق سېلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

### (3) قۇرئانغا ئەمەل قىلىشنى تاشلاش:

مانا بۇ ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋال. چۈنكى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر جانابى ئاللاھنىڭ: « وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْرًا أَن يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ وَمَن يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا مُّبِينًا » (ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ قانداق كىشىنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ)، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپ ـ ئوچۇق ئازغان بولىدۇ ) ( سۈرە «ئەھزاپ»، 36 ـ ئايەت ) دېگەن ئايەتنىڭ تەقەززاسىغا تولۇق ئەمەل قىلىپ، «آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْهِ مِن رَّبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللَّهِ وَمَلآئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لاَ نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّن رُّسُلِهِ وَقَالُواْ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ» (ئۇلار: « بىز ( دەۋىتىڭنى ) ئاڭلىدۇق ۋە ( ئەمرىڭگە ) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىرى ياندىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ. ) ( سۈرە «بەقەر»، 285 ـ ئايەت ) دېيىش بىلەن، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى بىجانىدىل ئادا قىلىش، توسقانلىرىدىن قەتئىي يېنىش بىلەن قۇرئانى كەرىمگە تولۇق ئەمەل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۆگە، قوي باقىدىغان پادىچى ئەۋلادلىرىنى پۈتۈن ئۈممەتكە يېتەكچى ۋە رەھبەر قىلىپ ئۆزگەرتكەن.

ھەقىقەتەن قۇرئانى كەرىم ئۈممەتنىڭ ھىدايەت تېپىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشى، قەلبىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئەقلىنى يورۇتۇپ ئەڭ توغرا يولنى تېپىشى ئۈچۈن نازىل قىلىنغان. بۇ ھەقتە جەنابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: «إِنَّ هَذَا الْقُرْآنَ يِهْدِي لِلَّتِي هِيَ أَقْوَمُ وَيُبَشِّرُ الْمُؤْمِنِينَ الَّذِينَ يَعْمَلُونَ الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ أَجْرًا كَبِيرًا ﴿٩﴾ وأَنَّ الَّذِينَ لاَ يُؤْمِنُونَ بِالآخِرَةِ أَعْتَدْنَا لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿١٠﴾» (بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ. ( يەنە مۆمىنلەرگە خۇش خەۋەر بېرىدۇكى ) ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارغا قاتتىق ئازاپ تەييارلىدۇق) ( سۈرە «بەنى ئىسرائىل»، 9 ـ 10 ـ ئايەت).

شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنى قەتئىي بىلىشىمىز لازىمكى، بۇ ئۈممەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە كارامىتى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك دەستۇرى بولغان قۇرئانى كەرىمنىڭ ھەر ـ بىر ئايىتىنى قوبۇلنامە قىلىپ، ھۆكۈم ۋە ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا مۇتلەق بوي سۇنۇپ، ئىلگىرى ئۆتكەن ياخشىلارنىڭ : «(دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق.»

( سۈرە «بەقەر»، 285 ـ ئايەت ) دېگەن سۆزلىرىگە مۇناسىپ ھالدا پەرۋەردىگارىغا بولغان مۇھەببىتىنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئىپادىلەپ، پەرۋەردىگارىدىن رازى بولغان ھالدا قۇرئانغا ھەقىقى شەكىلدە قايتىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## قۇرئانى كەرىم قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارى ئالدىدا شاپائەتچى بولىدۇ

نەۋۋاس ئىبنى سەمئاندىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « قىيامەت كۈنى قۇرئان ۋە قۇرئانغا دۇنيادا ئەمەل قىلغانلار بىرگە كەلتۈرۈلىدۇ. سۈرە «بەقەرە» بىلەن سۈرە «ئال ئىمران» خۇددى بۇلۇتتەك ئۈز ئىگىسىنىڭ ئالدىدا ئۆز ئىگىسىگە پەرۋەردىگارىدىن شاپائەت تەلەپ قىلىدۇ .» ( ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى ).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر ھەدىستىكى «دۇنيادا قۇرئانغا ئەمەل قىلغانلار» دېگەن سۆزنى مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچىلار ئۈچۈن قۇرئانى كەرىم قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارى ئالدىدا شاپائەتچى بولىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

## (3) ئاللاھۇ تەئالانىڭ قۇرئانى كەرىم ئارقىلىق بىلدۈرگەن مۆجىزىلىرى

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ھازىر ئىلىم ـ پەننىڭ ئۈچقاندەك تەرەققى قىلىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئالەم سەۋىيىسىمۇ بارغانسىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن ئىلىم ـ پەن، مائارىپ، تەنتەربىيە ۋە داۋالاش، ساقلىقنى ـ ساقلاش جەھەتتە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرمەكتە. لېكىن بەزى كىشىلەر بۇ نەتىجىلەرنى ھېچ قانداق بىر زاتنىڭ ياردىمىسىز ، پەقەتلا ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن دەپ ئويلايدۇ. ۋاھالەنكى ئۇلارنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە نەتىجىلىرىنىڭ دەل ئۇلۇغ زاتى مۇبارەك ئاللاھۇ تائالا تەرىپىدىن مۇندىن 1400 يىل بۇرۇن پۈتۈن ئالەمنىڭ سىرلىرىنى (مەيلى زامان ياكى ماكان جەھەتتىن بولسۇن) ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەڭگۈلۈك ئىلاھى دەستۇرىمىز قۇرئانى كەرىمدە ئېيتىپ ئۆتكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ....

رۇشەنكى، تارىختىن بۇيان قۇرئانى كەرىمنىڭ سىرلىق تەرەپلىرىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ نۇرغۇن مۆجىزىلىك نەتىجىلەر بايقالدى ۋە داۋاملىق بايقىلىۋاتىدۇ .

بۇ جەھەتتە مۇتەخەسسىلەر قۇرئانى كەرىمدە ئالدى بىلەن سان ـ سىپىرنىڭ ناھايىتىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

تۆۋەندە بىز بۇ جەھەتتىكى مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ باقايلى.

## ئايغا چىقىش تارىخى

قۇرئانى كەرىمدىكى «قەمەر» سۈرىسىدە ئايغا چىقىشنىڭ مۇمكىنلىكى توغرىسىدا بىشارەتلەر بار . «قەمەر» سۆزىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «ئاي» دېمەكتۇر. سۈرىدە ئاي سۆزى بىرىنچى ئايەتتە « قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى» دېيىلىدۇ. («قىيامەت» سۈرىسى 1 ـ ئايەت) مانا بۇ ئايەتتىن قۇرئاننىڭ ئاخىرىغىچە 1389 قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ .

هىجرىيە كالىندارى بۇيىچە 1389 ـ يىلى دەل مىلادىيە 1969 ـ يىلىغا تەڭ. بۇ ئايغا چىقىش تارىخىدۇر. قىسقىسى، ئاي(قەمەر) سۈرىسى ئىنسانلار تارىخىنىڭ ئەڭ موهىم تەرەققىياتى بولغان بۇ ۋەقە توغرۇلۇق ئالدىن خەۋەر بەرمەكتە.

## دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ نىسپىتى

قۇرئانى كەرىمدە ئۇچرايدىغان دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق سۆزلەملىرىنىڭ سان بۇيىچە بىر ـ بىرىگە بولغان نىسپىتى بۈگۈنكى زامانىۋي بىلىم دەۋرىدىكى نىسپەت بىلەن ئوخشاشتۇر. هالبۇكى ئۇ يىللاردا قىتئەلەر تېخى نامەلۇم ئىدى. قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ نىسپىتى ئىلمىي جەھەتتىن ئېنىقلىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەسلەن، ئامېرىكىدەك چوڭ بىر قۇرۇقلۇق پارچىسىنىڭ بارلىقى 15 ـ ئەسىردە بايقالغان.

قۇرئاندا جەمئى 13 قېتىم قۇرۇقلۇق (بەر، ياباس) ئىپادىسى ئۇچرايدۇ. دېڭىز (بەھر سۆزى) 32 قېتىم ئۇچرايدۇ. يەنى، دېڭىز نىسپىتى 45نىڭ 32گە بولغان نىسپىتى 45نىڭ 13كە بولغان نىسپىتىنى پىرسەنتكە ئايلاندۇرغاندا دېڭىز نىسپىتىنىڭ 71%، قۇرۇقلۇقنىڭ 29% بولغان. زامانىۋى بىلىمنىڭ نەتىجىلىرىمۇ دېڭىزنىڭ ئىگەللىگەن نىسپىتى 71%، قۇرۇقلۇقنىڭ ئىگەللىگەن نىسپىتى 29% نى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. خۇلاسە سۈپىتىدە، قۇرئانى كەرىم دۇنيانىڭ 71% نىڭ دېڭىز، 29% نىڭ قۇرۇقلۇق ئىگەنلىكى توغرۇلۇق ئەسىرلەر ئاۋال خەۋەر بەرمەكتە. هازىرقى مۇتەخەسسىلەر بولسا بۇنداق ئىنچىكە ھىساپلاشلارنى سۈنئى ھەمراھ فوتوگرافلىرى ۋە كومپيۇتېر بىلەن ئېلىپ بارماقتا .

## 365 كۈن

قۇرئانى كەرىمدە بىر كۈن (يەۋم) سۆزى 365 قېتىم ئۇچرايدۇ. بىلگىنىمىزدەك، يەرشارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا تولۇق ئايلىنىپ چىقىشىغا 365 كۈن كېتىدۇ. يەرشارى قۇياش ئەتراپىنى ئايلانغاندا ئوخشاشلا ئۆز ئوقىدا 365 كۈن ئايلىنىدۇ.

قۇرئاندا بىركۈن (يەۋم) سۆزىنىڭ 365 قېتىم ئۇچرىشى بۇ ئىنتايىن مۇھىم بايقاشتۇر. چۈنكى يەرشارى ئوربىتىسى ھەققىدە قۇرئان ئەسىرلەر ئاۋال خەۋەر بەرمەكتە، (يەرشارى بىلەن قۇياش ئارىسىدىكى 365 كۈنلۈك ئاسترونومىيەلىك ئايلىنىش قۇرئاندا ئوچۇق بىلدۈرۈلگەن).

## خىمىيە ساھەسىدىكى مۆجىزىلەر

قۇرئاندا «ھەدىد» سۈرىسىدە ناھايىتى قىزىقارلىق بىر چۈشەنچە بار. بۇ بولسىمۇ بۇ سۈرىدە تۆمۈرنىڭ ئەرشتىن چۈشكەنلىكىدۇر. ئاۋال بۇ ئايەتنى تەھلىل قىلايلى: «**بىز تۆمۈرنىمۇ چۈشۈردۇقكى، ئۇنىڭدا بۈيۈك بىر قۇۋۋەت ۋە ئىنسانلار ئۈچۈن مەنپەئەت بار**». («ھەدىد» سۈرىسى، 25 ـ ئايەت) بۇ ئايەتتە قوللىنىلغان (ئەنزىل) چۈشۈرمەك سۆزى تۆمۈرنىڭ دۇنيانىڭ سىرتىدىن كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. قۇرئاننىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشلا بۈگۈنكى ئاسترونومىيە بىلىمىمۇ تۆمۈر ماددىلىرىنىڭ ئالەمدىكى چوڭ يۇلتۇزلاردىن كەلگەنلىكىنى يەكۈنلەيدۇ.

«سۇ پەرنۋا» دەپ نام ئالغان بۇ يۇلتۇزلاردا مەيدانغا كەلگەن پارتلاشلار نەتىجىسىدە تۆمۈر پارچىلىرى ئالەمگە چېچىلىپ يەرگە چۈشكەن.

شۇنداقلا «ھەدىد»، يەنى «تۆمۈر» سۈرىسى تۆمۈر ئېلېمېنتىنىڭ خىمىيىلىك بەلگىسىدىنمۇ بىشارەت بەرمەكتە .چۈنكى بۇ سۈرىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى ئايەتنىڭ ئوقۇلىشى «فە» ھەرپى بىلەن باشلىنىدۇ. تۆمۈر ئېلېمېنتىنىڭ خىمىيۋى بەلگىسىمۇ Fe ھەرپى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

يەنە، «ھەدىد» يەنى، تۆمۈر سۆزىنىڭ ئەرەبچىدىكى سانلىق قىممىتى 26 ، تۆمۈرنىڭ ئاتوم نومۇرىمۇ 26. ئاتوم نومۇرى تۆمۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئېلېمېنتلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئۇقۇمدۇر، ئېلېمېنتلارمۇ ھەقىقەتەن ئاتوم نومۇرىغا ئاساسەن رەتكە تىزىلغان.

## بىئولوگىيە ساھەسىدىكى مۆجىزىلەر

جىنسنىڭ ئېنىقلىنىشى بولسا 23 جۈپ خىروموسومغا باغلىق ھەمدە DNA لەر بۇ خىروموسوملاردا ئورۇنلاشقان . دېمەككى، جىنسنىڭ شەكىللىنىشى 23 جۈپ خىروموسوم جۈپلىكىگە باغلىق. يەنى ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ۋۇجۇت پەرقى 23 جۈپ خىروموسوم جۈپلىكىدىن كېلىدۇ . ھەرقانداق بىر ئەر كىشىنىڭ 23 جۈپ خىروموسوم جۈپلىكى XX شەكلىدە، ئايال جىنسلىق بولسا XY شەكلىدە بولىدۇ .

ئەر ئايال پەرقىنى ساقلايدىغان 23 جۈپ خىروموسوم جۈپلىكىگە قارىتا قۇرئانى كەرىمدىمۇ ئەر ۋە ئايال سۆزى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 23 قېتىم تەكرارلىنىدۇ.

بۇ جەھەتتە يېقىنقى زاماندا بارلىققا كەلگەن ئىلمي تەتقىقات نەتىجىلىرى توغرىـ ـسىدا قۇرئانى كەرىم ئەسىرلەر ئاۋال خەۋەر بەرمەكتە، ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسى پەرقنىڭ 23 رەقەمدە ئىكەنلىكى ئوپ ـ ئوچۇق تىلغا ئېلىنماقتا .

## خرىستىئانلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش

«مائىدە» سۈرىسى پات - پات خرىستىئانلار توغرۇلۇق سۆزلىنىدىغان بىر سۈرىدۇر، بۇ سۈرىنىڭ 14 - ئايىتىدە ناھايىتى بىر جەلپكار بىرئىپادە قوللىنىلىدۇ. يەنى، دىنى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلىمىغانلىقى ئۈچۈن خرىستىئانلار ئارىسىدا قىيامەتكىچە ئادەۋەت ۋە دۈشمەنلىكنىڭ ساقلىنىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ .

ئىسلامىيەت بىرلىككە كەلگەن ۋاقىتلاردا ئورتاق نىيەت ۋە ھەمكارلىقتا ياشىغان خرىستىئانلار ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن تىنچلىقتىن يىراقلاشتى. نەتىجىدە دۇنيا تارىخىدا خرىستىئانلار ئارا قانلىق ئۇرۇشلار يۈز بەردى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان خرىستىئانلار ئارىسىدا ئەڭ كۆپ قان تۆكۈلگەن بۇ ئۇرۇش يەنە خرىستىئانلارنىڭ قەلئەسى بولغان ياۋرۇپادا باشلىنىپ كېڭەيدى، گېرمانىيە، فرانسىيە ۋە ئەنگىلىيە باشلىغان بۇ ئۇرۇش قىسقىغىنە ۋاقىتتا پۈتكۈل خرىستىئانلار زېمىنىنى قاپلىدى. 1 - دۇنيا ئۇرىشىغا قاتناشقان ئوسمان تۈرك ئىمپىرىيىسى بۇ ئۇرۇشقا قاتناشمىدى.

ئەڭ قانلىق بولغان 2 - دۇنيا ئۇرىشى 1 - دۇنيا ئۇرىشىدىنمۇ بەك ۋەيران قىلغۇچى بىر ئۇرۇش بولۇپ، تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە بۇ ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 50 مىليونغا يېتىدىكەن .

«وَمِنَ الَّذِينَ قَالُواْ إِنَّا نَصَارَى أَخَذْنَا مِيثَاقَهُمْ فَنَسُواْ حَظًّا مِّمَّا ذُكِّرُواْ بِهِ فَأَغْرَيْنَا بَيْنَهُمُ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاء إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ وَسَوْفَ يُنَبِّئُهُمُ اللّهُ بِمَا كَانُواْ يَصْنَعُونَ» **( بىز ناسارا(خرىستىئانلار) دېگەنلەردىنمۇ (ئاللاھنى بىر، دەپ تونۇشقا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشقا )مەھكەم ئەھدە ئالدۇق. ئۇلار(ئىنجىلدا) ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنۇتتى (بۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكىچە ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك سالدۇق. شۇ چاغدا ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ ( يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەبىھ ئەمەللىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. )** «مائىدە» سۈرىسى **14** - ئايەت

بۇ ئايەت بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش سۆزى ئۆچرايدىغان ئايەت نومۇرلىرىنى سۈرىدىكى سۆز بىلەن جەملىگەندە 2 - دۇنيا ئۇرىشىنىڭ باشلانغانلىق تارىخى چىقىدۇ .(يەنى **1939** - يىلى)

سۈرىدە ئۇرۇش سۆزى ئۆچرايدىغان ئايەتلەر مونۇلار:

«قَالُواْ يَا مُوسَى إِنَّا لَن نَّدْخُلَهَا أَبَدًا مَّا دَامُواْ فِيهَا فَاذْهَبْ أَنتَ وَرَبُّكَ فَقَاتِلا إِنَّا هَاهُنَا قَاعِدُونَ» **(ئۇلار: ئى مۇسا ئۇلار مۇقەددەس يەردە ئىكەن بىز ھەرگىز ئۇ يەرگە كىرمەيمىز. سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار. بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى، دېدى)** («مائىدە» سۈرىسى.24 - ئايەت ) «إِنَّمَا جَزَاء

الَّذِينَ يُحَارِبُونَ اللّهَ وَرَسُولَهُ وَيَسْعَوْنَ فِي الأَرْضِ فَسَادًا أَن يُقَتَّلُواْ أَوْ يُصَلَّبُواْ أَوْ تُقَطَّعَ أَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُم مِّنْ خِلافٍ أَوْ يُنفَوْاْ مِنَ الأَرْضِ ذَلِكَ لَهُمْ خِزْيٌ فِي الدُّنْيَا وَلَهُمْ فِي الآخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ» **(ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى ، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈش ياكى دارغا ئېسىلىش ياكى ئوڭ قوللىرى سول پۇتلىرى كېسىلىش ياكى سۈرگۈن قىلىنىش كېرەك. بۇ(يەنى جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچى)ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازاپقا دۇچار بولغۇچىدۇر.)**(«مائىدە» سۈرىسى، 33 ـ ئايەت) «

**«ئۇلار ھەرقاچان (رەسۇلۇللاغا قارىتا) ئۇرۇش ئوتىنى ياقماقچى بولسا ئاللاھ ئۇنى ئۆچۈرىدۇ. ئۇلار يەر يۈزىدە (ئىسلامغا سۇيىقەست قىلىش ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە پەيدا قىلىش)بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرىيدۇ ، ئاللاھ بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياختۇرمايدۇ.)** («مائىدە» سۈرىسى، 64 ـ ئايەت )

ئەمدى ئايەت نومۇرلىرىنى جەملىسەك:

1804 سۆز، «مائىدە» سۈرىسىدە جەمئى 1804 سۆز بار. ئۇرۇش سۆزى پەقەت 24 ـ ،33 ـ ،ۋە 64 ـ ئايەتلەردىلا بار. 14 ـ ئايەتتە خرىستىئانلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش تىلغا ئېلىنىدۇ .

1939=64+33+24+14+1804 (2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى )

كۆرگىنىڭىزدەك سۆز سانى بىلەن ئايەت نومۇرنى جەملىگەن چېغىمىزدا تارىختا خرىستىئان دۆلەتلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ ئۇرۇش 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز .

## پەننى كەشپىيات ۋە مۆجىزىلەر

ئەسىرلەر ئاۋال ئاسماندا ئۇچۇش ئىنسانلار ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەستى. قۇرئاننىڭ بەزى ئايەتلىرىدە ھاۋا بوشلۇغى ۋە ئاسمانلار توغرۇلۇق بايانلار بار. پەقەت «ھەج» سۈرىسىنىڭ 31 ـ ئايىتىدە قۇرئاننىڭ باشقا ھېچ بىر يېرىدە يوق سۆزلەر مەۋجۇت. بۇ ئايەتتە ھاۋا بوشلۇغىدا ئۇچۇش توغرۇلۇق ئوچۇق بىشارەت بېرىلىپ مۇنداق دېيىلىدۇ : « حُنَفَاء لِلَّهِ غَيْرَ مُشْرِكِينَ بِهِ وَمَن يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَكَأَنَّمَا خَرَّ مِنَ السَّمَاء فَتَخْطَفُهُ الطَّيْرُ أَوْ تَهْوِي بِهِ الرِّيحُ فِي مَكَانٍ سَحِيقٍ » (اللهغا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، كىمكى اللهقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك، ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ.) ، 31 ـ ئايەت

ناھايىتى رۇشەنكى، بىر كىشى ئاسماندىن چۈششى ئۈچۈن ھاۋادا ئۇچۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئايروپىلان ياكى تىك ئۇچارغا ئوخشاش قاتناش ۋاستىلىرى لازىم . ئەمما ئۇ زامانلاردا ياشىغان ئىنسانلار ئۈچۈن ئۇ مۇمكىن ئەمەستى.

يۇقىرىدا، يەنى 31 ـ ئايەتتە بوران ئۇنى ئېلىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك ئىپادە قوللىنىلىدۇ، ئەمىلىيەتتىمۇ بوران، يەنى ھاۋا ئېقىمى ئايروپىلانلار ئۈچۈن ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ. چۈنكى ئايروپىلانلار ھاۋانى يېرىپ يول ئاچىدۇ. ئالەم بوشلۇقىدا بولسا ھاۋا يوق .

دېگىنىمىزدەك، 31 ـ ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولىدۇ» («ھەج» سۈرىسى، 31 ـ ئايەت)

«ھەج» سۈرىسىنى تەھلىل قىلساق بۇئايەتتىن كېيىنلا ئاللاھنىڭ بىشارەتگە (مۆجىزىلەرگە)ھۆرمەت قىلىنىش لازىملىقى تەكىتلىنىدۇ.

مانا، دەل بۇ ئايەتنىڭ نۇمۇرى 31. بۇنى سۈرىدىكى سۆز سانى بىلەن جەملىگىنىمىزدە ئايروپىلاننىڭ كەشىپ قىلىنىش ۋاختى 1905 ـ يىل كېلىپ چىقىدۇ.

## 1291 سۆز

«ھەج» سۈرىسىدە جەمئىي1291 سۆز بار .

بايا بىز تەھلىل قىلغان، ئۇچۇش ئۇقۇمىدىن سۆز ئاچقان بىردىن ـ بىر ئايەت بولغان 31 ـ ئايەتنىڭ نۇمۇرىنى جەملەيلى:

=31+1291(مىلادىيە1905 ، ھىجرىيە1322)

زامانىۋى ئاۋىئاتسىيە تارىخىنى باشلاتقان كىشىلەر سۆيىتىدە تارىختا ئۆتكەن ئاكا ـ ئۇكا رايتلار تۇنجى قېتىم ماتورلۇق ھاۋا قاتناش قورالىنى ياساشتا مۇۋەپپىقىيەت قازاندى. 1903 ـ يىلىدا تۇنجى قېتىم ئۇچۇش سىنىقىنى ئېلىپ باردى. لېكىن ئايروپىلاننىڭ ھاۋادا ئۇچۇشى سىكۇنتلا داۋاملاشتى. 1905 ـ يىلىدا ياسىغان ئايروپىلانى بولسا ھاۋادا يېرىم سائەت مۇۋەپپىقىيەتلىك ئۇچتى. شۇ زاماندا ئۇ ئايروپىلان مانېۋىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. قىسقا بىر ۋاقىتتىن كېيىن تۇنجى تىك ئۇچار ئايروپىلان ياسالدى.

## ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى

ئالەمنىڭ چەكسىزلىكى، ئەزەلدىن بار ئىكەنلىكى ۋە ئەبەدىي مەۋجۇت بولىدىغانلىقىدەك كۆز قاراش 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ھۆكۈمران ئىدى. «تۇرغۇن ئالەم مودېلى» دەپ نام بېرىلگەن بۇ چۈشەنچىگە قارىتا ئالەم ئۈچۈن ھەر قانداق ئىپتىدا (باشلىنىش) ئىنتىھا (ئاخىرلىشىش ) مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

ماتېرىيالىستىك پەلسەپىنىڭمۇ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان بۇ كۆز قاراش ئالەمنى مۇقىم

ۋە ئۆزگەرمەس ماددىلارنىڭ گەۋدىسى، دەپ قاراش بىلەن بىر ۋاقىتتا ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ھالبۇكى 20 ـ ئەسىردە تەرەققى قىلغان پەن ـ تېخنىكا ماتېرىيالىستلارغا ئورۇن ساقلاۋاتقان «تۇرغۇن ئالەم مودېلى» دېگەندەك ساددا چۈشەنچىلەرنى ئاغدۇرۇۋەتتى .

21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئالەمنىڭ بىر باشلانغۇچى بارلىقى، يوقلۇقتىن بۈيۈك بىر پارتلاش بىلەن بارلىققا كەلگەنلىكى زامانىۋى فىزىكا تەرىپىدىن نۇرغۇن تەجرىبە، كۆزىتىش ۋە ھېساپلاش ئارقىلىق ئىسپاتلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئالەمنىڭ ماتېرىيالىستلارنىڭ دېگىنىدەك مۇقىم، تۇرغۇن ئەمەسلىكى، بەلكى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت ۋە ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە ئىكەنلىكى، كېڭەيگەنلىكمۇ ئىسپاتلاندى. بۈگۈن بۇ ئەمەلىيەت پۈتۈن ئىلىم دۇنياسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنماقتا.

قۇرئانى كەرىمدە ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى مۇنداق دېيىلىدۇ : **« ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يوقلۇقتىن پەيدا قىلغان ئۇدۇر»** («ئەنئام» سۈرىسى، **101** ـ ئايەت)

قۇرئاندا بېرىلگەن بۇ ئۇچۇر زامانىۋى ئىلمىي بايقاشلار بىلەن دەل ماس كېلىدۇ. باشتا دېگىنىمىزدەك ئاسترو فىزىكا ئېرىشكەن ئېنىق نەتىجە شۇكى، پۈتۈن ئالەم ماكان ۋە زامان بىلەن بىرلىكتە نۆل(يوقلۇق) ۋاقىتتا بۈيۈك بىر پارتلاش بىلەن بارلىققا كەلگەن، بۈيۈك پارتلاش ئەسلى نامى بىلەن «بىگ باڭ» تېئورىيىسى دېيىلىدۇ. پۈتكۈل ئالەمنىڭ تەخمىنەن **15**مىليارت يىل ئاۋۋال بىر نوختىنىڭ پارتلىشى بىلەن يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەنلىكى بۇ تېئورىيە بىلەن ئىسپاتلانغان .

«بىگ باڭ»دىن ئاۋۋال ماددا دېيىلگەن بىر نەرسە يوق، ماددا ئېنېرگىيە تامامەن مىتا فىزىكا دەپ تونۇلغان بىر يوقلۇقتا ماددا ۋە ئېنېرگىيە ۋە زامان بىر ئاندا(تۇيۇقسىز) پارتلىغان . زامانىۋى فىزىكا ئوتتۇرىغا قويغان بۇ بۈيۈك ھەقىقەت توغرۇلۇق قۇرئاندا بىزگە **1400** يىل ئاۋۋال خەۋەر بېرىلگەن.

## ۋاقىتنىڭ نىسپىيلىكى

ۋاقىتنىڭ نىسپىيلىكى بۈگۈن ئىلمىي ھەقىقەتتۇر. لېكىن بۇ ھەقىقەت ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېينىشتىيننىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇ چاغقىچە ئىنسانلار ۋاقىتنىڭ نىسپىي بىر ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى، ماكانغا بېقىپ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئەمما مەشھۇر ئالىم ئېينىشتىين نىسپىيلىك نەزەرىيىسى ئارقىلىق ۋاقىتنىڭ ھەجىم ۋە تېزلىككە باغلىق بىر ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىنسانىيەت تارىخىدا ھېچ قانداق كىشى بۇ مەسىلىنى ئۇچۇق دېيەلمىگەن ئىدى.

قۇرئاندا بولسا زاماننىڭ نىسپىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان مەلۇماتلار بېرىلگەن، بۇ ھەقتىكى ئايەتلەرنى مۇنداق رەتكە تۇرغۇزالايمىز:

« وَيَسْتَعْجِلُونَكَ بِالْعَذَابِ وَلَن يُخْلِفَ اللَّهُ وَعْدَهُ وَإِنَّ يَوْمًا عِندَ رَبِّكَ كَأَلْفِ سَنَةٍ

مِّمَّا تَعُدُّونَ» ((ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) سەندىن ئازاپنىڭ تېز نازىل بولىشىنى تەلەپ قىلىدۇ (ئازاپ چوقۇم نازىل بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ نازىل بولىشىنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى- سائىتى بولىدۇ)، الله ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ (الله بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن سىلەر سانايدىغان مىڭ يىلچىلىكتۇر.) «ھەج» سۈرىسى، 47- ئايەت

«يُدَبِّرُ الْأَمْرَ مِنَ السَّمَاءِ إِلَى الْأَرْضِ ثُمَّ يَعْرُجُ إِلَيْهِ فِي يَوْمٍ كَانَ مِقْدَارُهُ أَلْفَ سَنَةٍ مِّمَّا تَعُدُّونَ» (ئاللاھ ئاسماندىن زېمىنغىچە بولغان مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇ ئىشلارنى ئۇزۇنلىغى سىلەر ساناۋاتقان مىڭ يىلدەك كېلىدىغان بىر كۈندە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ )«سەجدە» سۈرىسى، 5- ئايەت

«تَعْرُجُ الْمَلَائِكَةُ وَالرُّوحُ إِلَيْهِ فِي يَوْمٍ كَانَ مِقْدَارُهُ خَمْسِينَ أَلْفَ سَنَةٍ» (پەرىشتىلەر ۋە روھ (يەنى جىبرئىل)ئاللاھقا شۇنداق بىر كۈندە ئۆرلەيدۇكى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلىقى 50 مىڭ يىلغا توغرا كېلىدۇ.) «مائارىج» سۈرىسى،4- ئايەت

610- يىلى نازىل قىلىنىشقا باشلىغان قۇرئاندا ۋاقىتنىڭ نىسپىيلىگىنىڭ مۇنداق ئوچۇق بايان قىلىنىشى ئۇنىڭ ئىلاھى بىر كىتاپ ئىكەنلىگىنىڭ يەنە بىر دەلىلىدۇر.

## بارماق ئىزىدىكى كىملىك

قۇرئاندا ئىنسانلارنى قايتا تىرىلدۈرۈشنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن ناھايىتى ئاسانلىغى بايان قىلىنغاندا ئىنسانلارنىڭ بارمىغى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان: **«ئۇنداق ئەمەس( يەنى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى جەم قىلمىز ) ئۇنىڭ ( ئەڭ ئىنچىكە ھەم نازۇك بولغان ) بارماقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز»**( «قىيامەت» سۈرىسى،4- ئايەت)

ئايەتتە بارماق ئۇچىنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشى ناھايىتى ھېكمەتلىكتۇر، چۈنكى بارماق ئىزىدىكى شەكىللەر ۋە ئىنچىكە تەرەپلەر تامامەن شۇ كىشىگە خاستۇر. شۇئاندا دۇنيادا ياشاۋاتقان ۋە تارىختا ياشىغان پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ بارماق ئىزى بىر- بىرىدىن پەرقلىقتۇر. ھېچ ئوخشاش بىر DNA تۈزۈلىشىگە ئىگە بىر تۇخۇمدىن بولغان قوش كىزەكلەرمۇ پەرقلىق بارماق ئىزىغا ئىگە.

بارماق ئىزى تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ھامىلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شەكىللىنىدۇ، بىرەر يوقالماس يارا بولۇپ قالسا ئۇ شەكىل ئۇنىڭدا ئۆمۈر بويى قالىدۇ، مانا مۇشۇ سەۋەپتىن بارماق ئىزى ھەركىمنىڭ ئۆزىگە خاس ناھايىتى مۇھىم بىر «كىملىك»ى ھېساپلىنىدۇ. بارماق ئىزى بىلىمى بولسا ئىنسانلارغا مەلۇم بولغان بىردىن- بىر ئۆزگەرمەس ۋە خاتالىقسىز ھالدىكى« كىملىك» ئېنىقلاش ئۇسۇلى بولۇپ قوللىنىلماقتا.

بارماق ئىزى خۇسۇسىيتى پەقەت 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا توغرا بايقالدى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىنسانلار بارماق ئىزىنى ھېچ بىر خۇسۇسىيىتى ۋە مەنىسى يوق سىزىقلار دەپ بىلگەن . ئەمما قۇرئاندا ئۇ دەۋردە بىرەرسىنىڭمۇ دىققىتىنى تارتمىغان بارماق ئىزى تەكىتلەنمەكتە ۋە بۇ ئىزلارنىڭ زامانىمىزدا بايقىلىشىنىڭ مۇھىملىقى كىشىنى قىزىقتۇرماقتا.

## ئەيدىز كېسىلىنىڭ قۇرئاندىكى مەلۇماتى

قۇرئانى كەرىم تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى مۇقەددەس قامۇسلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئۆز مۇقەددەسلىكىدە يۇقىرى ئىلىم ـ پەن ۋە ئىجتىمائىي پەلسەپۋىيلىككە ئىگە. چۈنكى، ئۇ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى پۈتكۈل بىلىملەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى مەزمۇنلار بارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە ھاياتلىق سىرلىرىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭدا ئەيدىز ھەققىدىمۇ مەلۇماتلار ساقلانغان.

ئەيدىز(aids)كېسىلى بولسا ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان كىشىلەردە بولىدىغان ئېرىشمە خاراكتېرلىك ئىممونىتېت كەمتۈكلۈك يىغىندى ئالامتى بولۇپ، بۇ كېسەل 1981 ـ يىلى ئامېرىكىدا لەۋۋازلىق(كوتلۇك)بىلەن شۇغۇنلانغۇچى گىلتان ئىسمىلىك بىر ياۋروپالىقنىڭ مۇشۇ كېسەل بىلەن ئۆلگەنلىكى بايقالغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى ۋە قىسقىغىنە 20 يىل ئىچىدە پۈتۈن يەر شارىدا(1998 ـ يىل يىل ئاخىرىغا قەدەر) 13 مىليون 900مىڭ كىشى مۇشۇ كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلدى. يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 33 مىليون 400 مىڭ كىشىگە يەتتى. 8 مىليون 200 مىڭ ئۆسمۈر باللار ۋە بوۋاق مۇشۇ كېسەل پالاكىتىدىن يېتىم قالدى.

ھازىر بۇ كېسەل كۈنىگە 16 مىڭ ئادەم يۇقۇملىنىشتەك تېز سۈرئەتتە تارقالماقتا، بۇ ھەقىقەتەن ئادەمنى چۆچۈتىدىغان سانلىق مەلۇمات.

لەۋۋازلىق(كۆتلۇك) ئالەم ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ۋە لەنەت ئوقۇيدىغان بەدقىلىقلارنىڭ بىرى بولۇپ، قانۇنىيەتلىك فونكسىيىگە ئىگە ئورگانىزمنى ئۆز فونكسىيىسى بويىچە ئىشلەتمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان. لەۋۋازلىق ھەققىدە قۇرئاندا مۇنداق بايانلار بار:

**«ھەزرىتى لۇت ئەلەيھسسالام ۋاقتىدا ھەزرىتى لۇت قەۋمىدىن بىر نەچچە ئەر كىشى كېلىپ ھەزرىتى لۇت ئەلەيھسسالامغا لەۋۋازلىق قىلىش توغرىسىدا قىزىقتۇرغان ۋە بۇ ھەقتە ھەزرىتى لۇت ئەلەيھسسالامنى قىستىغان. بۇ ۋاقىتتا ھەزرىتى لۇت ئەلەيھسسالام قەۋمىگە: «ئەي قەۋم ، مىنىڭ قىزلىرىم سىلەرگە ھالال، ئۇلار بىلەن بىللە بولۇڭلار. شۇلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىڭلار، دېگەن. بىراق لۇت قەۋمى جاھىللىق بىلەن لەۋۋازلىق قىلىشتا چىڭ تۇرغاچقا، ئاللاھ تەرىپىدىن پۈتۈن قەۋم بويىچە ھالاك قىلىنغان.»** دېمەك، لەۋۋازلىق ئىنسانىيەتنى ھالاكەت يولىغا باشلايدىغان بەد قىلىقتۇر. قۇرئاندا بايان قىلىنغان ھەزرىتى لۇت قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنىشى كېيىنكى ئىنسانلار ئۈچۈن

ئىبرەت ئىدى. ئەگەر ئىنسانلار قانۇنىيەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئاساسىدىكى ئەزالىرىنى ئۆز فۇنكسىيىگە خىلاپ ئىشلەتسە ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئەمما كۆپ ئەپسۇس. شەرمى-ھايانى، ئادەمىي ئەخلاقنى ئۇنتۇغانلار لەۋۋازلىق بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ سەۋەپتىن ئاللاھ ئۇز موجىزىسىنى كۆرسىتىپ ئۇلارنى ھالاك قىلدى. قۇرئاندا بۇ ھەقتە: **«ئاللاھ ھەرۋاقىت تەبىئەتتە ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدە مۆجىزىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىغىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ»** دېيىلگەن.

دېمەك، قۇرئاندىكى بېشارەتلىك مەلۇماتلاردىن. ئەيدىز(aids) كېسىلى ۋىرۇسىنىڭ تەبئىي قانۇنىيەت تەرىپىدىن يارىتىلغان تەبىئەت دۇنياسىدا ئەسلىدىن مەۋجۇت بولغان (ھەزرىتى لوت ئەلەيھىسسالام زامانىدىن باشلاپ) كېسەل پەيدا قىلغۇچى مىكرو ئورگانىزم ئىكەنلىكى، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ھېچ قانداق كېسەل پەيدا قىلمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئۆزىگە پايدىلىق مۇھىت ۋە شارائىت(لەۋۋازلىق) تا ئۇسۇپ كۆپىيىپ، ئۆز زەھرى ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە بالايى-ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ھازىرغىچە غەرپ ئەللىرى تىببىي ئىلىم ساھەسىدە ئەيدىز(aids)كېسىلىنى داۋاسى يوق ساقايماس كېسەل دەپ ھۆكۈم قىلىشقان ۋە پەقەت ئۆز-ئۆزىنى قەدىرلەش، پاكلىقنى ساقلاش، لەۋۋازلىقتىن قول ئۈزۈش، زەھەرلىك چېكىملىك چەكمەسلىكنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئۈنۈملۈك دورا ئىشلەپ چىقىرالمىغان ئىدى.

ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۈستۈنلۈك يانىلا مۇسۇلمانلاردا بولۇپ، مۇسۇلمان ئالىملار بۇ جەھەتتە ئالدى بىلەن بۈيۈك مۇۋەپپىقىيەتلەرنى قازىنىپ ئۈلگە كۆرسەتتى. مەسىلەن، يەمەنلىك شەيخ ئابدۇل مەجىد زىندانى ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئۈنۈملۈك دارىسىنى ياساپ چىقىپ ، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ ئىشەنچكە ئېرىشىپ ، 180 دۆلەت بىلەن توختامنامە تۈزگەن. دېمەككى، پەن- تېخنىكىسى تەرەققىي قىلدى دېيىلگەن نۇرغۇن دۆلەتلەر قىلالمىغان ئىشنى مۇسۇلمان ئالىملار قىلىپ نەتىجە قازىنىپ پاتېنتقا ئىگە بولدى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قۇرئانى كەرىم ۋە ھەدىسلەر ئېچىپ بەرگەن قانۇنىيەتلەر بويىچە ئىش قىلىشىمىز، قۇرئانى كەرىم ۋە ھەدىس تەلىماتلىرىنى ئەمەلىيىتىمىزگە تەتبىقلىشىمىز ، شۇ ھالدا ئۆز پاكلىغىمىزنى، نەسلىمىزنىڭ ساپلىغىنى ساقلىشىمىز كېرەك.

## (4) ناماز

ناھايىتى رۇشەنكى، قۇرئان ئايەتلىرىگە نىسپەتەن ئېيتقاندا، ناماز بىر تازىلىنىش، ئوخشاشلا، ئاللاھۇ تەئالانى خاتىرلەش بىلەن ئاللاھقا بولغان سەممىيەتنى ئىپادىلەش شەكلىدۇر. ناماز ئوقۇغۇچىلار ناماز ۋاستىسى ئارقىلىق ئاللاھۇ تەئالا بىلەن سۆزلەشكەن بولىدۇ. ئاللاھۇ تەئالاغا دەردىنى ئېيتىپ ياردەم تەلەپ قىلىدۇ ۋە چىن ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ناماز ئارقىلىق ئاللاھۇ تەئالانىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتىگە ئېرىشىدۇ. ئىنساننىڭ

قولىدىن كەلمىگەن ۋە كەلمەيدىغان ياخشىلىقلارغا ئېرىشىدۇ. ئاللاھۇ تەئالانىڭ 99 گۈزەل ئىسىم ـ شەرىپىدىكى بايانلار بۇنى جانلىق ئىپادىلەيدۇ. جۈملىدىن ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُواْ لِي وَلْيُؤْمِنُواْ بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ»(مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرىلىق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن) ( سۈرە «بەقەرە»، 186 ـ ئايەت)

ئاللاھۇ تەئالا دۇئا قىلىشنىڭ ئۇسۇلى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: « ادْعُواْ رَبَّكُمْ تَضَرُّعًا وَخُفْيَةً إِنَّهُ لاَ يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ.» (پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يوشۇرۇن دۇئا قىلىڭلار، دۇئا قىلغاندا كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەپ، توۋلاپ) ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى الله ياقتۇرمايدۇ.) ( سۈرە «مائىدە»، 55 ـ ئايەت)، « وَاذْكُر رَّبَّكَ فِي نَفْسِكَ تَضَرُّعاً وَخِيفَةً وَدُونَ الْجَهْرِ مِنَ الْقَوْلِ بِالْغُدُوِّ وَالآصَالِ وَلاَ تَكُن مِّنَ الْغَافِلِينَ» (پەرۋەردىگارىڭنى يېلىنغان ۋە ئۈنىگدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن. ئەتىگەندە ـ ئاخشامدا ئۈنى پەس ئاۋازدا زىكرى قىلغىن ،غاپىللاردىن بولمىغىن.) ( سۈرە «مائىدە»، 205 ـ ئايەت) « إِنَّمَا يُؤْمِنُ بِآيَاتِنَا الَّذِينَ إِذَا ذُكِّرُوا بِهَا خَرُّوا سُجَّدًا وَسَبَّحُوا بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَهُمْ لَا يَسْتَكْبِرُونَ» (بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ھەقىقەتەن شۇنداق كىشىلەر ئىمان ئېيتىدۇكى، ئۇلارغا شۇ ئايەتلەر بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنسا (الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن الله غا) سەجدە قىلغان ھالدا يىقىلىدۇ، پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدۇ ئېيتىدۇ. ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن) چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتمايدۇ.) ( سۈرە «سەجدە»، 15 ـ ئايەت)

دېمەك، مەسىلە بىزنىڭ ئىمانلىق بولىشىمىزدا.

بۇ ئۈچۈن نىمە قىلىشىمىز كېرەك؟

ئۆز ـ ئۆزىدىن ئايانكى، بۇ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاللاھۇ تەئالانىڭ ناماز ھەققىدىكى تەلىم ـ نەسىھەتلىرىگە ئەستايىدىللىق بىلەن ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

بۇ ھەقتە ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: « قُل لِّعِبَادِيَ الَّذِينَ آمَنُواْ يُقِيمُواْ الصَّلاَةَ وَيُنفِقُواْ مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرًّا وَعَلانِيَةً مِّن قَبْلِ أَن يَأْتِيَ يَوْمٌ لاَّ بَيْعٌ فِيهِ وَلاَ خِلاَلٌ» (مۇئمىن بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار نامازنى ئادا قىلسۇن، ئالدى ـ ساتتىمۇ، دوستلۇقمۇ بولمايدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) كېلىشتىن بۇرۇن، بىز ئۇلارغا بەرگەن مال ـ

مۇلۇكتىن يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەدىقە قىلسۇن.) (سۈرە «ئىبراھىم»، 31 ـ ئايەت)، «وَأَقِيمُواْ الصَّلاَةَ وَآتُواْ الزَّكَاةَ وَمَا تُقَدِّمُواْ لأَنفُسِكُم مِّنْ خَيْرٍ تَجِدُوهُ عِندَ اللّهِ إِنَّ اللّهَ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ» (نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئىشلىگەن ھەر قانداق ياخشى ئەمەل بولسا، اﷲ نىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ساۋابىنى تاپىسلەر، اﷲ ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىگلارنى كۆرۈپ تورغۇچىدۇر.) (سۈرە «بەقەرە»، 110 ـ ئايەت) «حَافِظُواْ عَلَى الصَّلَوَاتِ والصَّلاَةِ الْوُسْطَى وَقُومُواْ لِلّهِ قَانِتِينَ» (بەش ۋاخ) نامازنى بولۇپمۇ، نامازدىگەرنى داۋاملاشتۇرۇڭلار (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار)، اﷲ نىڭ ھوزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار.) 238( سۈرە «بەقەرە»، 238 ـ ئايەت). « وَاذْكُرِ اسْمَ رَبِّكَ بُكْرَةً وَأَصِيلًا.» (ئەتىگەن ـ ئاخشامدا پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد قىلغىن (يەنى ناماز ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭغا كۆپ تائەت ـ ئىبادەت قىلغىن).(سۈرە «ئىنسان» ،25 ـ ئايەت)، «وَمِنَ اللَّيْلِ فَاسْجُدْ لَهُ وَسَبِّحْهُ لَيْلًا طَوِيلًا» (كېچىنىڭ ئاز قىسمىدا ئۇنىڭغا سەجدە قىل، كۆپ قىسمىدا ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيت.) (سۈرە «ئىنسان»، 26 ـ ئايەت)

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «فَإنْ خِفْتُمْ فَرِجَالاً أَوْ رُكْبَانًا فَإِذَا أَمِنتُمْ فَاذْكُرُواْ اللّهَ كَمَا عَلَّمَكُم مَّا لَمْ تَكُونُواْ تَعْلَمُونَ» (قورقۇنچتا قالغىنىڭلاردا، پىيادە ياكى ئۇلاغلىق كىتىپ بېرىپ (ناماز ئوقۇڭلار). ئامانلىق تاپقىنىڭلاردا اﷲ نىڭ سىلەرگە ئۆگەتكىنى بويىچە اﷲ نى ياد ئېتىڭلار (يەنى قورقۇچ تۈگىگەندە، اﷲ نامازنى قانداق ئۆتەشكە ئەمر قىلغان بولسا، تولۇق ئەركانلىرى بىلەن شۇنداق ئۆتەڭلار). (سۈرە «بەقەرە»، 239 ـ ئايەت)، « الَّذِينَ إِن مَّكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنكَرِ وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ » (اﷲ نىڭ ياردىمىگە ئېرىششكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى اﷲ غا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە اﷲ غا قايتىدۇ). سۈرە «ھەج»، 41 ـ ئايەت.)

مېھرىبان ئاللاھ بەندىلىرىگە ناماز ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىشتا تولىمۇ ئاسانچىلىق ۋە ھوشيارلىقنى ئىرادە قىلغان . بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «وَاللّهُ أَعْلَمُ بِأَعْدَائِكُمْ وَكَفَى بِاللّهِ وَلِيًّا وَكَفَى بِاللّهِ نَصِيرًا.» (اﷲ سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ. اﷲ سىلەرنى ساقلاشقا يېتەرلىكتۇر ۋە سىلەرگە مەدەتكار بولۇشقا يېتەرلىكتۇر (يەنى سىلەرنى

يەھۇدىيلارنىڭ مىكرىدىن ساقلاشقا اﷲ كۇپايىدۇر) (سۈرە «نسا»، 45 ـ ئايەت) «وَإِذَا ضَرَبْتُمْ فِي الأَرْضِ فَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَقْصُرُواْ مِنَ الصَّلاَةِ إِنْ خِفْتُمْ أَن يَفْتِنَكُمُ الَّذِينَ كَفَرُواْ إِنَّ الْكَافِرِينَ كَانُواْ لَكُمْ عَدُوًّا مُّبِينًا» (سەپەرگە چىققان ۋاقتىڭلاردا كافىرلارنىڭ ئۆزەڭلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىشىدىن قورقۇپ، نامازنى قەسر قىلىپ (يەنى تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەت قىلىپ) ئوقۇساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. كافىرلار سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپ ـ ئوچۇق دۈشمەندۇر (ناماز ئوقۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ) سۈرە «نسا»، 101 ـ ئايەت، « وَإِذَا كُنتَ فِيهِمْ فَأَقَمْتَ لَهُمُ الصَّلاَةَ فَلْتَقُمْ طَآئِفَةٌ مِّنْهُم مَّعَكَ وَلْيَأْخُذُواْ أَسْلِحَتَهُمْ فَإِذَا سَجَدُواْ فَلْيَكُونُواْ مِن وَرَآئِكُمْ وَلْتَأْتِ طَآئِفَةٌ أُخْرَى لَمْ يُصَلُّواْ فَلْيُصَلُّواْ مَعَكَ وَلْيَأْخُذُواْ حِذْرَهُمْ وَأَسْلِحَتَهُمْ وَدَّ الَّذِينَ كَفَرُواْ لَوْ تَغْفُلُونَ عَنْ أَسْلِحَتِكُمْ وَأَمْتِعَتِكُمْ فَيَمِيلُونَ عَلَيْكُم مَّيْلَةً وَاحِدَةً وَلاَ جُنَاحَ عَلَيْكُمْ إِن كَانَ بِكُمْ أَذًى مِّن مَّطَرٍ أَوْ كُنتُم مَّرْضَى أَن تَضَعُواْ أَسْلِحَتَكُمْ وَخُذُواْ حِذْرَكُمْ إِنَّ اللَّهَ أَعَدَّ لِلْكَافِرِينَ عَذَابًا مُّهِينًا » (ئى مۇھەممەد! سەن مۆئمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قوراللىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن، سەجدىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن (يەنى ناماز ئوقۇپ بولغان پىرقە ئارقاڭلاردا كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا) ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى بىر پىرقە كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە (يەنى ئارقاڭدا) ناماز ئوقۇسۇن، (دۈشمەنلىرىدىن) ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوشيار تۇرسۇن. (دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن، كافىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا (تۇيۇقسىزدىن) ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەرنىڭ سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماسلىقى ئۈچۈن، ھەممەڭلار بىرلا ۋاقىتتا يىغىلىپ ناماز ئوقۇماي، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئوقۇڭلار). ئەگەر سىلەرگە يامغۇر سەۋەبلىك ھەرەج بولىدىغان بولسا ياكى كېسەل بولساڭلار، (بۇ چاغدا) قوراللىرىڭلارنى قويۇپ قويساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇڭلار، اﷲ ھەقىقەتەن كافىرلار ئۈچۈن خور قىلغۇچى ئازاب تەييارلىدى.)(سۈرە «نسا»، 102 ـ ئايەت)، « يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِذَا قُمْتُمْ إِلَى الصَّلاةِ فاغْسِلُواْ وُجُوهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحُواْ بِرُؤُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَينِ وَإِن كُنتُمْ جُنُبًا فَاطَّهَّرُواْ وَإِن كُنتُم مَّرْضَى أَوْ عَلَى سَفَرٍ أَوْ جَاء أَحَدٌ مَّنكُم مِّنَ الْغَائِطِ أَوْ

لَامَسْتُمُ النِّسَاءَ فَلَمْ تَجِدُواْ مَاءً فَتَيَمَّمُواْ صَعِيدًا طَيِّبًا فَامْسَحُواْ بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُم مِّنْهُ مَا يُرِيدُ اللّهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُم مِّنْ حَرَجٍ وَلَكِن يُرِيدُ لِيُطَهَّرَكُمْ وَلِيُتِمَّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ» (ئى مۇئمىنلەر!(سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار)، ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا) ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرسىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراققا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، الله سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن الله شۈكرى قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ. »( سۈرە «مائىدە»، 6 ـ ئايەت

ئاگاھ بولايلىكى، كاپىر بىلەن مۇسۇلماننىڭ ئارىسىدىكى پاسىل نامازدۇر. بۇ ھەقتە ھەدىسى ـ شەرىپتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: **«بەندە بىلەن شېرىك ۋە كۇپرىلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پاسىل نامازنى تەرك ئېتىشتۇر»** ( مۇسلىم:**82**)

يەنە، بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«بىز بىلەن كاپىرلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق نامازدۇر، كىمكى نامازنى تەرك ئەتسە (ئوقۇمىسا) كاپىر بولىدۇ»**. (ئەبۇ داۋۇد : **4678**، تىرمىزى: **2621**)

يەنە، ئۇبادە ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: **«ئاللاھ بەندىلىرىگە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلدى، كىمكى بۇ نامازلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا سەل قارىماستىن، ئۇنى تولۇق ئادا قىلسا ئاللاھ ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش ۋەدىسى بار. بۇ نامازلارنى (جايىدا) ئادا قىلمىغان كىشىنى ئاللاھ جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ۋەدە قىلمىدى. ئۇنداق كىشىنى ئاللاھ خالىسا ئازاپلايدۇ. خالىسا (گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىپ) جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.»** (ئەبۇ داۋۇد: **1420**، ئەلبانى : **1258**)

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ناماز ئوقۇش مەسىلىسىگە ئادەتتىكىچە قاراپ قېلىشقا قەتئىي

بولمايدۇ. بەلكى ئاتا ـ ئانا باش بولۇپ ناماز ئوقۇش بىلەن بىرگە ئەۋلاتلارنىمۇ كىچىكىدىنلا ناماز ئوقۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

بۇ ھەقتە ئابدۇلمەلىك ئىبنى رەبىئى ئىبنى سەبرە بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**باللارنى يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار. 10 ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا زورلاڭلار( يەنى، بۇ ياشتا ناماز ئوقۇغىلى ئۇنىمىسا ، ئۇلارنى ئۇرۇپ بولسىمۇ ناماز ئوقۇتۇڭلار.**» (ئەبۇ داۋۇد: 494)

## نامازنىڭ پەزىلەتلىرى:

**ناماز گۇناھلارنى يۇيىدۇ.** بۇ ھەقتە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

**ـ سىلەر دەپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر كۈنى بەش قېتىم يۇيۇنسا، ئۇ كىشىنىڭ بەدىنىدە كىرنىڭ ئەسرى قالىدۇ، دېيىشكە بولامدۇ؟**ـ دەپ سورىغان ئىدى، ساھابىلار:

ـ ياق، ئۇ كىشىنىڭ بەدىنىدە كىردىن ھېچ قانداق ئەسەر قالمايدۇ. ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

**ـ ئەنە شۇنىڭدەك، ئاللاھ بەش ۋاخ ناماز ئوقىغان بەندىسىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرىدۇ،** ـ دېدى. (بۇخارى: 528، مۇسلىم: 667)

مۇنداق كەچۈرۈمگە ھەتتا كاپىرلارنىڭمۇ ئېرىشەلەيدىغانلىقى توغرىسىدا ھەدىسلەر بار. كۆرىدىغان بولساق، ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**ئىسلام ئىلگىرىكى گۇناھلارنى يۇيۇپ تاشلايدۇ.**» (ئەھمەد: 4/ 199، ھاكىم: 3/297 ـ ۋە 298 ـ بەتلەر)

يەنە، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغان قىلمىشلىرىمىزدىن سوراققا تارتىـ ـلامدۇق؟ ـ دەپ سورىغان ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

**ـ ئىسلامغا كىرىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشى جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغان قىلمىشلىرىدىن سورالمايدۇ. ئەمما ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىنمۇ يامان ئىش قىلغان كىشى بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى قىلمىشلىرىدىن ھېساپ بېرىدۇ،** ـ دېدى. (مۇسلىم: 112)

## بامدات ۋە ئەسر نامازلىرىنىڭ پەزىلتى:

ھەر نامازنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىگى ۋە پەزىلتى بار ، ئەلبەتتە. بۇلاردىن، بامدات ۋە ئەسر نامىزى توغرۇلۇق ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

**«ئاراڭلاردا كېچىنىڭ پەرىشتەلىرى بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرىشتەلىرى نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلار بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزى ۋاقتىدا جەم بولىدۇ. ئاندىن كېچىسى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بولغان پەرىشتەلەر (ئەتىگەندە) ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ. ئاللاھۇ تەئالا پەرىشتەلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدانراق بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلاردىن يەنە ‹مېنىڭ بەندىلىرىم قانداق ھالەتتە قالدى؟› دەپ سورايدۇ. ئۇلار جاۋاپ بېرىپ: ‹بىز يېتىپ بارغاندا ئۇلار ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن. بىز قايتقاندىمۇ ناماز ئوقۇپ قالدى.› دەيدۇ.»** (بۇخارى: **555**، مۇسلىم: **632)**

ئەمدى، ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇ مۇسا دادىسى ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

**«ھەرقانداق كىشى ئىككى سوغۇق ۋاقىتتىكى نامازنى (يەنى، بامدات بىلەن خۇپتەننى) ئوقىسا جەننەتكە كىرىدۇ.»** ( بۇخارى: **574**، مۇسلىم: **635)**

جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: **تولۇن ئاي كېچىلىرىنىڭ بىرىدە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق، ئۇ ئايغا قاراپ: «سىلەر رەببىڭلارنى شۇ تولۇن ئاينى كۆرگەندەك ھېچ قىنالماستىن كۆرىسىلەر. كۈن چىقىشتىن ئىلگىرىكى ۋە كۈن پېتىشتىن بۇرۇنقى نامازنى ئىمكان بار ۋاقتىدا ئوقۇڭلار.» دېدى. جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ رىۋايەتنى سۆزلەپ بولۇپ ، ئاللاھۇ تەئالانىڭ «كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن.(يەنى ناماز ئوقۇغىن)»** (سۈرە «تاھا»، **13**ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. (بۇخارى: **554**، مۇسلىم **633)**

يەنە، ئۇمارە ئىبنى رۇئەيبە ئىبنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم:

**«ھەرقانداق كىشى كۈن چىقىشتىن بۇرۇنقى ۋە كۈن پېتىشتىن بۇرۇنقى نامازنى، يەنى بامدات ۋە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇسا، ئۇ كىشى ھەرگىزمۇ دوزاققا كىرمەيدۇ»**، بەسرەلىك بىر كىشى ئۇمارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

- سەن بۇ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەققىتەن شۇنداق دېگەنلىكىنى مۇشۇ ئىككى قۇلۇغۇم بىلەن ئاڭلاپ ياد ئېلىۋالغان ئىدىم. دېدى. ( مۇسلىم: **634)**

## ئەسىر نامىزىنى تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ گۇناھى

ئەبۇ مەلىھتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھاۋا بۇلۇتلۇق بىركۈنى بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىر ئۇرۇشتا بىرگە بولغان ئىدۇق، ئۇ مۇنداق دېدى: ئەسىر نامىزىنى بالدۇر ئوقۇڭلار، چۈنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : **«ئەسىر**

**نامىزنى تەرك ئەتكەن ئادەمنىڭ بۇرۇنقى ئەملى بىكار بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن ئىدى، - دېدى.** (بۇخارى: **553)**

### ئەزاننىڭ پەزىلىتى

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

**«ئەگەر كىشىلەر ئەزاننىڭ ۋە ئاۋۋالقى سەپتە ناماز ئوقۇشنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن چەك تاشلاشقا توغرا كەلگەندىمۇ ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چەك تاشلاشقان بولاتتى. ئەگەر ئۇلار نامازغا ئالدىراشنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، نامازغا چۇقۇم بالدۇر كېلەتتى. ئەگەر ئۇلار خۇپتەن ۋە بامدات نامىزنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، ئۇلار ئۆمىلەپ بولسىمۇ كەلگەن بولاتتى.»** (بۇخارى: **615** ، مۇسلىم: **437)**

سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«كىشى چۆلدە قالغان كۈنلىرىدە ناماز ۋاقتى كەلسە تاھارەت ئالسۇن. ئەگەر سۇ تاپالمىسا تەيەممۇم قىلسۇن. ئەگەر ئۇ تەكبىر ئېيتىپ ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدىغان ئىككى پەرىشتە ئۇنىڭغا ئەقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئۇ ئەزان ئوقۇپ ۋە تەكبىر ئېيتىپ ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ باش - ئايىغىغا كۆز يەتمەيدىغان ئەسكەرلىرى ئەقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ.»** (مۇسەننىفى ئابدۇررەززاق: **511/1** - بەتلەر)

### نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامازنىڭ ساۋابى ئۆيدە ۋە بازاردا يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن 25 ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ. ئەگەر بىرىڭلار تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، مەسچىتكە پەقەت ناماز ئوقۇش ئۈچۈنلا كەلسە، ئۇنىڭ مەسچىتكە كىرگەنگە قەدەر باسقان ھەر-بىر قەدىمىنىڭ بەدىلىگە ئاللاھ ئۇنىڭ دەرىجىسىنى بىر پەللە يۇقىرى قىلىدۇ ۋە بىر خاتالىقىنى ئۆچۈرىدۇ.ئاندىن ئۇ ناماز ئوقۇسا ، ناماز ئوقۇغان يېرىدە بولغان مۇددەتچە پەرىشتەلەر ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەپ: " ئى ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن، ئى ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن!" دەيدۇ. بىرىڭلار نامازنى كۈتۈپ تۇرسىلا، نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغان ھېساپلىنىدۇ.»**

## جۈمە نامىزىغا ئالدىراشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە

ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دېگەن: «يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا نُودِيَ لِلصَّلَاةِ مِن يَوْمِ الْجُمُعَةِ فَاسْعَوْا إِلَى ذِكْرِ اللَّهِ وَذَرُوا الْبَيْعَ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ» **(ئى مۇئمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم - سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر)** (سۈرە «جۇمۇئە» ،9 - ئايەت).

ئاللاھۇ تەئالا بۇ ئۇلۇغ ئايەتتە كەرىمدە جۈمە نامىزىنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە ئەدەپ - قائىدىلىرىنى مۇئمىنلەرگە بىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەر جامائەسىنىڭ جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئوقۇلغان ھامان ئاللاھنى زىكرى قىلىش ھەمدە جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن ھەرقانداق سودا - سېتىق ۋە ئېلىم - بېرىمنى قويۇپ تۇرۇپ، يۈگۈرۈپ ماڭماستىن تەمكىن ۋە سالماق قەدەم بىلەن مەسچىتكە قاراپ يول ئېلىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرقانداق نامازغا يۈگۈرۈپ كېلىشتىن توسۇپ مۇنداق دېگەن ئىدى: **«نامازغا تەكبىر ئوقۇلۇۋاتسىمۇ ھەممە رەكئەتكە ئۈلگۈرىمەن دەپ يۈگۈرۈپ كەلمەڭلار، نامازغا سالماق قەدەم بىلەن كېلىڭلار»**.

بۇ ئايەتتىكى «ئالدىراپ بېرىڭلار» دېگەنلىك «ئالدىراپ - تېنەپ، يۈگۈرگەن ھالەتتە بېرىڭلار» دېگەن بولماستىن، «نىيەتلىرىڭلار ۋە دىلىڭلارنى جۈمە نامىزىنى ئوقۇشقا قارىتىڭلار، سودا - سېتىق ۋە تىجارەت بىلەن غاپىل بولۇپ قالماڭلار» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ھەقىقىي مۇئمىنلەر جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى يېقىنلاپ، مۇئەززىن جۈمەگە ئەزان ئوقۇسا ئىشلىرىنى تاشلاپ جۈمە نامىزىنى ئوقۇشقا سەئيى قىلىدۇ. مەسچىتكە بۇرۇن بېرىپ ئىمام سۆزلىگەن خۇتبىنى زەن قويۇپ ئاڭلايدۇ. بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ دۇنيا مەئىشەتتىكى نۇرغۇن ئىشلار ئىچىدىن ئېلىم - سېتىم، يەنى تىجارەتنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشى تىجارەتنىڭ ئادەمنى ئىبادەتتىن غاپىل قىلىدىغان مۇھىم ئامىلىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى، تىجارەتتىكى ئازراق پايدىنىڭ ھەمىشە ئىنسانىنى ئاللاھنى زىكرى قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن توسۇپ قويىدىغانلىقىدىن بولغان، شۇنداقلا جۈمە نامىزى سودا - سېتىق ۋە تىجارەتنىڭ تازا قىزىيدىغان ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان بولغاچقا، سودا - سېتىقنى تاشلىسا باشقا مەشغۇلاتلار - نىڭمۇ توختايدىغانلىقى سەۋەبىدىن تىجارەت ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان.

جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى يېقىنلاشقاندا ئاللاھنىڭ زىكرىگە ئالدىراش، سودا - سېتىقنى توختىتىش سالىھلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدۇر، ئاللاھنىڭ زىكرىگە ئالدىراش دۇنيا تىرىكچىلىكىدىكى ھەممە تىجارەتتىن ياخشى ۋە مەنپەئەتلىكتۇر. چۈنكى دۇنيالىق تىجارەتتە ئېرىشكەن پايدا - مەنپەئەتلەر ھامان تۈگەيدۇ، يوقىلىدۇ، ئەمما ئاللاھنىڭ

زىكرىگە ئالدىراش، جۈمە نامىزىغا بۇرۇن بېرىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن ئەجىر ۋە ساۋاب مەڭگۈلۈكتۇر، ئۇ ئىنساننى مەڭگۈ يوقالمايدىغان ئەبەدىي ھاياتلىق گۈلىستانى بولغان جەننەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

جۈمە نامىزىغا ئالدىراش ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر بار بولۇپ، بىز ئىككى ھەدىسنى نەقىل قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«كىمكى جۈمە كۈنى غۇسلى قىلىپ ئۇلاغقا مىنمەستىن مەسچىتكە بۇرۇن بارسا، ئىمامغا يېقىن ئولتۇرۇپ خۇتبە ئاڭلىسا، بىھۇدە سۆز ۋە ھەرىكەت قىلمىسا ئۇ مۇئمىننىڭ مەسچىتكە بارغان ھەربىر قەدىمى ئۈچۈن بىر يىل كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)؛ «كىمكى جۈمە كۈنى غۇسلى تاھارەت ئالسا، ئۆيىدە خۇشپۇراق نەرسە بولسا ئۇنى ئىشلەتسە، چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ مەسچىتكە بۇرۇن بارسا، پۇرسەت بولسا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسا، بىراۋغا ئەزىيەت بەرمىسە، ئىمام خۇتبىگە چىققاندا جىم ئولتۇرسا، جۈمە نامىزىنى ئەدەپ ـ ئەركانلىرى بىلەن ئوقۇسا ئۇنىڭ بۇ جۈمە كۈنى بىلەن كېلەر جۈمە كۈنى ئارىسىدىكى سەغىرە گۇناھلىرى كاپارەت قىلىنىدۇ»** (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

بۇ ھەدىسلەر شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، جۈمە نامىزىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇنىڭغا ئالدىراش، جۈمە نامىزىدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان خۇتبىنى ئاڭلاش مۇئمىنلەرگە ۋاجىپتۇر. بەزى مۇپەسسىرلەر يۇقىرىقى ئايەتتىكى «ئاللاھنى ياد ئېتىش (زىكرى قىلىش)» دېگەن سۆزنى «خۇتبە تىڭشاش» دەپ تەپسىر قىلغان، يەنى ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى جۈمە نامىزىنى ئوقۇش بىلەنلا كۇپايە قىلىپ قالماستىن بەلكى مەسچىتكە بۇرۇن بېرىپ زەن قويۇپ خۇتبە تىڭشاشقا بۇيرۇغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى كەلگەندە سودا ـ سېتىق قاتارلىق ھەرخىل دۇنيا مەشغۇلاتلىرىنى تەرك ئېتىپ، جۈمەگە ئالدىرىشى، خۇتبىنى زەن قويۇپ ئاڭلىشى ھەمدە جۈمە نامىزىنى ئەدەب ـ ئەركانلىرى بىلەن ئوقۇشى لازىم. جۈمەگە ئالدىراش، مەسچىتكە كەلگەندىن كېيىن جىم ئولتۇرۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت ۋە خۇتبە ئاڭلاش جۈمە نامىزىنىڭ پەزىلىتىنى تېپىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئاللاھ ھەممىمىزنى جۈمە نامىزىنىڭ ھەقىقىي پەزىلىتىنى تاپقان دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەتمەنلەردىن قىلغاي!

مەنبە: http://www.uchur.com/?act=view&id=2270

**ئىزاھات:** بۇ ئادرېسنى ئېچىپ كۆرسىڭىز نۇرغۇن قىممەتلىك مەلۇماتلارغا ئېرىشەلەيسىز...

## نەپلى نامازلار

**ئاللاھۇ تەئالا بەندىلىرىگە ئىكرام قىلىپ ، ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرىنى ئۈستۈن ۋە خاتالىقلارنى كەچۈرۈم قىلىش ئۈچۈن ئاتا قىلغان نىمەتلىرىنىڭ بىر تۈرى نەپلە نامازلاردۇر.**

بۇ ھەقتە ھەدىسى شەرىپتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «**بەندەمنىڭ ماڭا مەن پەرز قىلغان ئەمەل ئارقىلىق يېقىنلىق ئىزدىگىنى ، مەن ئۇچۇن باشقا ھەر قانداق ئەمەل ئارقىلىق يېقىنلىق ئىزدىگىنىدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر. بەندەم بۇيرۇلغان پەرز ئەمەللەردىن سىرت ، ماڭا قوشۇمچە (نەپلە) ئەمەللەر بىلەن يېقىنلىشىدۇ. مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن...** » (بۇخارى)

**نەپلە نامازغا ئەھمىيەت بېرىش جەننەتكە كىرىش ۋە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىشتىكى ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەبىئە ئىبنى كەئەب ئەسلەمىگە : «مەندىن سورىغىن» دېگەندە، ئۇ ساھابە: مەن سىلىدىن جەننەتتىمۇ سىلىگە ھەمرا بولۇشمنى ئاللاھتىن سوراپ دۇئا قىلىشلىرىنى سورايمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە سورىمامسەن؟» دېۋىدى، ئۇ: «پەقەت مۇشۇلا» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا، سەجدىنى كۆپ قىلىش بىلەن ماڭا ياردەم بەرگىن.» دېدى.** (مۇسلىم)

## ۋىتىر نامىزى

ۋىتىر نامىزى نەپلە نامازلارنىڭ ئەۋزىلى ۋە تەرك ئېتىلمەسلىكى تەۋسىيە قىلىنغان ئىبادەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھۇ تەئالا قۇرئانى كەرىمدە كېچە نامازلىرىغا ئەھمىيەت بەرگەن كىشىلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «كَانُوا قَلِيلًا مِّنَ اللَّيْلِ مَا يَهْجَعُونَ» **(ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى.) (سۈرە «زارىيات» ، 17 ـ ئايەت)**

«ۋىتىر» دېگەن سۆز ئەرەپچە بولۇپ، تاق، يالغۇز دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. ئەمما شەرئى ئاتالغۇسىدا: ناماز خۇپتەن بىلەن بامدات نامىزى ئارىسىدا ئوقۇلىدىغان ۋە كېچە نامىزى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدىغان، بىر ھەرىكەتلىك، ئۈچ ھەرىكەتلىك، بەش ھەرىكەتلىك، يەتتە ھەرىكەتلىك، توققۇز ھەرىكەتلىك نەپلە نامازنىڭ ئاتىلىشىدۇر. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «**ئاللاھۇ تەئالا تاقتۇر، تاقنى ياخشى كۆرىدۇ. ئى قۇرئان ئەھلى! ۋىتىر ئوقۇڭلار.**» (ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋىتىر نامىزىنى مۇقىملىق ھالىتىدە ياكى سەپەردە بولسۇن تەرك قىلمىغانلىقى ۋە ساھابىلارغا بۇ نامازنى مۇھاپىزەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشىنىڭ ئۆزىلا بۇ نامازنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك دەلىلدۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «**ماڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام : ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، ئىككى ھەرىكەت دۇھا نامىزى (يەنى چاشكا نامىزى) ئوقۇش ۋە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ۋىتىر نامىزى ئوقۇشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى تەۋسىيە**

**قىلدى. مەن ئۇنى هاياتلا بولسام تەرك قىلمايمەن.** »(مۇسلىم)

ۋىتىر نامىزىنى مۇهاپىزەت قىلىش ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**ۋىتىر نامىزىنى مۆئمىنلەردىن باشقىلار مۇهاپىزەت قىلمايدۇ.**» ۋىتىر نامىزى بەش ۋاخ پەرز نامازدىن قالسىلا چاشكا نامىزى ۋە ۋە باشقا نامازلاردىن ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل هېساپلىنىدۇ.

ۋىتىر نامىزى تەكىتلەنگەن سۈننەت بولۇپ، بەزى ئۆلىمالار ۋاجىپ ، دەپ قارىغان بولسىمۇ ، ئەمما بەزى هەدىسلەر سۈننەت ئىكەنلىگىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ هەقتە ئەلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇنداق دېگەن: «**ۋىتىر نامىزى پەرز نامازدەك پەرز قىلىنغان ئەمەس. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنى سۈننەت قىلىپ بېكىتكەن.**»(ئىمام ئەهمەد، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەلنى يەمەنگە ئىبەرتكەندە، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «**شۈبهىسىزكى، سەن ئەهلى كىتاپلارنىڭ يېنىغا بارىسەن. ئۇلارنى ئاللاهتىن باشقا ئىلاه يوق. مېنى ئاللاهنىڭ ئەلچىسى، دەپ گۇۋاهلىق بېرىشكە چاقىرغىن. ئەگەر ئۇلار بۇ چاقىرىقنى قوبۇل قىلسا ، ئاللاه ئەززە ۋە جەللە ئۇلارغا بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن.**» (بۇخارى، **4090** ـ ـ هەدىس)

ۋىتىر نامىزى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن تاكى بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتىلغىچە ئوقۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**ئاللاه سىلەرگە بىر ناماز بىلەن ياردەم بەردى. ئۇ بولسىمۇ ۋىتىر نامىزىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇنى خۇپتەندىن كېيىن بامدات ۋاختىنگىچىلىك بولغان ئارىلىقتا ئوقۇڭلار.**»(ئىمام ئەهمەد رىۋايىتى)

ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمى بولۇپ، بۇ هەقتە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «**كىمكى كېچىنىڭ ئاخىرىسىدا تۇرالماسلىقتىن ئەنسىرىسە، كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدىلا ۋىتىر نامىزىنى ئوقىۋالسۇن. كىمكى كېچىدە ئويغىنىشقا ئىشەنچىسى بولسا ۋىتىرنى كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئوقىسۇن. شۈبهىسىزكى، كېچىنىڭ ئاخىرىدىكى ناماز پەرىشتەلەر هازىر بولىدىغان نامازلاردۇر. شۇڭا بۇ ۋاقىتتىكى ناماز ئەۋزەلدۇر.**»(مۇسلىم رىۋايىتى)

ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇش توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**ۋىتىر نامىزى ئاللاهنىڭ هەر قانداق مۇسۇلمان ئۈستىدىكى هەققىدۇر. كىمكى بىر ھەرىكەت ۋىتىر ئوقۇشنى ياخشى كۆرسە ئوقىسۇن. كىمكى ئۈچ هەرىكەت ئوقۇشنى ياخشى كۆرسە ئوقىسۇن. كىمكى بەش هەرىكەت ۋىتىر ئوقۇشنى ياخشى كۆرسە ئوقىسۇن.**» (ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، ئىبنى ماجە، ئەهمەد رىۋايىتى)

## تەھەججۇت نامىزىنىڭ پەزىلىتى ۋە مۇكاپاتى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: **«پەرزلەردىن كېيىن ئەڭ پەزىلەتلىك ناماز ــ تەھەججۇت نامىزىدۇر.»** (ئىمام غەززالى)

تەھەججۇت نامىزى پەيغەمبىرىمىزگە پەرز قىلىنغان. بۇ ھەقتە ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: « وَمِنَ اللَّيْلِ فَتَهَجَّدْ بِهِ نَافِلَةً لَّكَ عَسَى أَن يَبْعَثَكَ رَبُّكَ مَقَامًا مَّحْمُودًا» **( ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن،كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (نامازئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا)ئويغانغىن، (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت مەقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇھەققەقتۇر.)** (سۈرە «ئىسرا» ،79 ـ ئايەت) : يەنە مۇنداق دەيدۇ: « يَا أَيُّهَا الْمُزَّمِّلُ ﴿١﴾ قُمِ اللَّيْلَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿٢﴾ نِصْفَهُ أَوِ انقُصْ مِنْهُ قَلِيلًا ﴿٣﴾ أَوْ زِدْ عَلَيْهِ وَرَتِّلِ الْقُرْآنَ تَرْتِيلًا ﴿٤﴾ إِنَّا سَنُلْقِي عَلَيْكَ قَوْلًا ثَقِيلًا ﴿٥﴾ إِنَّ نَاشِئَةَ اللَّيْلِ هِيَ أَشَدُّ وَطْءًا وَأَقْوَمُ قِيلًا ﴿٦﴾ إِنَّ لَكَ فِي النَّهَارِ سَبْحًا طَوِيلًا» ﴿٧﴾ **( ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن، قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە ـ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن. ساڭا ھەقىقەتەن تەنتەنىلىك قۇرئاننى نازىل قىلىمىز. شۈبھىسىزكى، كېچىنىڭ قىيامى (يەنى كېچىدە كىشىنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ تۇرۇشى) ئەڭ مۇۋاپىقتۇر، (تىنچ بولغانلىقى ئۈچۈن) كېچىنىڭ قىرائىتى ئەڭ توغرا بولىدۇ. ھەقىقەتەن كۈندۈزى ئىش بىلەن ئالدىراش بولىسەن، (شۇڭا ئىبادەتكە) كېچىسى بېرىلگىن.** (سۈرە «مۇززەممىل» ، 1 ـ 7 ئايەتلەر)

## كېچىلىرى قىلىنغان ئىككى رەكئەتلىك ناماز ھەممىدىن ياخشىدۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **«كېچىسى قىلىنغان ئىككى رەكئەتلىك ناماز ئىنسان ئۈچۈن دۇنيادىن ۋە دۇنيادا مەۋجۇت ھەر قانداق نەرسىدىن پايدىلىقتۇر. ئۈممىتىمگە تەس كەلمەيدىغان بولسا ئىككى رەكئەتلىك كېچە نامىزىنى پەرز قىلغان بولاتتىم.)** (ئىمام غەززالى)

**پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پۈتكۈل گۇناھلىرى كەچۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ تەھەججۇت نامىزىنى يانىلا داۋاملاشتۇرغان ئىدى.**

مۇغىرە ئىبنى شۇبەدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، «پەيغەمبىرىمىز بىر كېچە ئاياغلىرى ئىششىپ كەتكىچە ناماز ئوقۇدى. ئۇنىڭغا : **«ئاللاھ جەللە - جەلالۇھۇ ئۆتمۈشتىكى ۋە مۇندىن كېيىنكى پۈتكۈل گۇناھلىرىڭنى كەچۈرمىدىمۇ؟»** دېيىلگەندە، **«مەن شۈكرى قىلغۇچى بىر بەندە بولمامدىمەن؟»** دەپ جاۋاپ بەردى (ئىمام غەززالى)

**«ئاللاھ جەللە - جەلالۇھۇنىڭ رەھمىتى بىلەن بارابەر بولۇش ئۈچۈن ئورنۇڭدىن تۇر، ناماز ئوقى.»**

«ئەي ئەبۇ ھۇرەيرە! ئەگەر ھاياتلا بولساڭ، ئۆلگىچە، مازاردا ۋە يېڭىدىن تىرىلگىچە ئاللاھ جەللە-جەلالۇھۇنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئورنۇڭدىن تۇر، ناماز ئوقى. ئەي ئەبۇ ھۇرەيرە! ئۆيۈڭنىڭ بۇلۇڭلىرىدا ناماز قىلساڭ ، ئۆيۈڭنىڭ نۇرى ئاسماندىكى ئۆكە يۇلتۇزلىرىدەك ۋە دۇنيا خەلقى ئۈچۈنمۇ يۇلتۇزدەك بولىدۇ.» (ئىمام غەززالى)

**پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ناماز قىلغانلار ئۈچۈن ئاللاھۇ تەئالادىن رەھمەت تىلىگەن ئىدى.**

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: **«ئاللاھ جەللەجەلالۇ - ھۇنىڭ رەھمىتى شۇنداق ئەركەكلەرگە بولسۇنكى، ئۇلار كېچىسى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن قوپىدۇ ۋە كېيىن ئايالىنى تۇرغۇزىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالمۇ ناماز ئوقۇيدۇ. ئايالى ئورنىدىن تۇرغىسى كەلمىسە، يۈزىگە سۇ سېپىدۇ.»** (ئىمام غەززالى)

يەنە شۇنداق دەيدۇ: **«ئەگەر كىشى ئويغىنىپ، ئايالىنىمۇ ئويغىتىپ بىرلىكتە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقىسا، ئاللاھ جەللەجەلالۇھۇ ھەر ئىككىسىنى ئاللاھ جەللە جەلالۇھۇنى بەك كۆپ زىكىر قىلغانلاردىن، دەپ خاتىرلەيدۇ.»** (ئىمام غازالى)

**كېچىسى ئىبادەت قىلىشنىڭ قىممىتى ئاللاھ جەللە جەلالۇھۇنىڭ نەزىرىدە بەك يۇقىرى**

جەبرائىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: **«ئىبنى ئۆمەر ياخشى ئادەم. تەھەججۇت نامىزىنى قىلغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولار ئىدى.»** دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ ئەھۋالنى ئىبنى ئۆمەرگە بىلدۈردى. ئىبنى ئۆمەرمۇ شۇ كۈندىن ئېتىبارەن تەھەججۇت نامىزى ئوقۇشنى باشلىدى.

نافى مۇنداق دەيدۇ: **«ئىبنى ئۆمەر كېچىسى ناماز ئوقۇيدۇ ۋە ئەي نافى، تاڭ**

**ئاتتىمۇ؟»** دەپ سورايدۇ. «ياق» دېسەم، يەنە ناماز ئوقۇشقا باشلايتتى. كېيىن يەنە سورىغاندا «ھەئە» دېسەم ئاندىن ئولتۇرۇپ ئاللاھ جەللەجەلالۇھۇغا ئىستىغپار ئېيتاتتى.

**دېمەككى:**

تەھەججۇت نامىزى قەبرى كېچىسىدە چىراغ (نۇر) بولىدۇ.
تەھەججۇت نامىزى قەبرىدە «يولداش» بولىدۇ.
تەھەججۇت نامىزى ئاللاھۇ تەئالاغا يېقىنلاشتۇرىدۇ، رەھمىتىگە ئېرىشىشكە ۋەسىلە بولىدۇ، گۇناھ ـ مەسىيەتلەرگە كەپپارەت بولىدۇ، گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى يايىدۇ.
تەھەججۇت نامىزى ئەسكى ئىشلارنى قىلىشتىن توسىدۇ.
تەھەججۇت نامىزى بەدەننى كېسەللىكلەردىن ساقلايدۇ، كېسەللىكلەرنى يوق قىلىدۇ.
تەھەججۇت نامىزىنىڭ قىممىتى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: **«رامازان روزىسىدىن كېيىن ئەڭ قىممەتلىك روزا ــ ئاللاھنىڭ ئېيى بولغان مۇھەررەم ئېيىدا تۇتۇلغان روزىدۇر. پەرز نامازلاردىن كېيىن ئەڭ قىممەتلىك ناماز ـــ كېچىسى قىلىنغان نامازدۇر.»** (تىرمىزى)

## تەۋبە ـ ئىستىغپار نامىزى

تەۋبە ئىستىغپار نامىزى ــ شام نامىزىنىڭ سۈننىتىدىن كېيىنلا ئىككى رەكئەتتىن ئالتە رەكئەتكىچە ئوقۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **«بىر كىشى شام نامىزىدىن كېيىن زادىلا گەپ قىلماستىن ئالتە رەكئەت ناماز ئوقىسا، ئۇ نامازنىڭ ساۋابى 12 يىللىق ئىبادەتكە تەڭ بولىدۇ.»** (تىرمىزى، مەۋاقت، 204)
تەۋبە ـ ئىستىغپار نامىزى ــ ئاللاھقا كۆپ ئىتائەت قىلغۇچىلارنىڭ نامىزى دېيىلىدۇ.
تەۋبە ـ ئىستىغپار نامىزىنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا ھەزرىتى سەۋبادىن قىلىنغان رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: **«ئاللاھنىڭ رەسۇلى كۈننىڭ يېرىمىدىن كېيىن ناماز ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ھەزرىتى ئائىشە : «ئەي روسۇلۇللاھ ، سەن بۇ سائەتتىمۇ ناماز قىلىشنى ياخشى كۆرەمسەن؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: « بۇ سائەتتە ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ ۋە ھەق تەئالا ھەزرەتلىرى بۇ سائەتتە بەندىلىرىگە رەھمەت بىلەن قارايدۇ. بۇ ناماز ئادەم، نۇھ، ئىبراھىم ۋە ئىسا داۋاملاشتۇرغان نامازدۇر»** دېدى.
تۆۋە ـ ئىستىغپار نامىزىنىڭ تۆت رەكئەت ئوقۇلىدىغانلىقىغا دائىرمۇ ھەدىسلەر بار.

ھەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شام نامىزىدىن كېيىن ئالتە رەكئەت ناماز قىلغان كىشىنىڭ گۇناھ سادىر قىلىپ ئارقىدىن دەرھال تەۋبە قىلغۇچى ھېساپلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە مونۇ ئايەتنى كەرىمنى ئوقىغان: « رَّبُّكُمْ أَعْلَمُ بِمَا فِي نُفُوسِكُمْ إِن تَكُونُواْ صَالِحِينَ فَإِنَّهُ كَانَ لِلأَوَّابِينَ غَفُوراً » **(پەرۋەردىگارىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار (يەنى ئاتا ـ ئاناڭلارنى قاخشاتقۇچى بولمساڭلار، الله سىلەرنىڭ خاتالىقىڭلارنى كەچۈرىدۇ). الله ھەقىقەتەن تەۋبە قىلىپ تۇرغۇچىلارنى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر.)** ( سۈرە «ئىسرا» ، 25 ـ ئايەت)

## (5) روزا ۋە رامازان

«روزا» پارسچە سۆز بولۇپ، ھىجرىيە 9 ـ ئاينى يەنى رامىزان ئېيىنى كۆرستىدۇ . بۇ سۆز ئەرەپچە «سەۋم» دېيىلىدۇ ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ، ئىشقى ـ ئالاقە . نەپسى ـ خاھىشنى تەرك ئېتىش دېگەن مەنىنى بېرىدۇ . روزا تۇتۇش مۇسۇلمانلار ئادا قىلىشقا تېگىشلىك دىنىي مەجبۇرىيەت .

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدە دىنىي دەۋەت ئېلىپ بارغان چاغلاردا روزا تۇتۇش تېخى رەسمىي بېكىتىلمىگەن ئىدى . مىلادىيە 622 ـ يىلى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن ، مەدىنىدە مەلۇم تەسىرگە ئىگە بولغان يەھۇدى دىندىكىلەر بىلەن دوستانە ئۆتۈش ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ دىنىي ئادىتىگە تەقلىد قىلىپ مۇسا ئەلەيھىسسالام قۇتقۇزۇۋېلىنغان ئاشۇرا كۈنى ( ھىجرىيە مۇھەررەم يەنى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ) نى روزا تۇتۇش كۈنى قىلىپ بەلگىلىگەن ئىدى . ئاللاھۇ تەئالادىن : « يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ» **(ئى مۆئمىنلەر ! ( گۇناھلاردىن ) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن ، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە ( يەنى ئىلگىركى ئۇممەتلەرگە ) روزا پەرز قىلىنغاندەك ، سىلەرگىمۇ ( رامىزان روزىسى ) پەرز قىلىندى .)**( سۈرە«بەقەرە» ، 183 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ، روزا تۇتۇش مۇسۇلمانلار ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بەش پەرزنىڭ بىرى بولدى . قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن : « شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِيَ أُنزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِّلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِّنَ الْهُدَى وَالْفُرْقَانِ فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ الشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ وَمَن كَانَ مَرِيضاً أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ يُرِيدُ اللّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلاَ يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ

وَلِتُكْمِلُواْ الْعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُواْ اللّهَ عَلَى مَا هَدَاكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ» **( رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى ، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر ، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر ، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن ؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە ( يەنى مۇساپىر ) بولۇپ تۇتمىغان بولسا ، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن ) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن ، ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ ، تەسلىكنى خالىمايدۇ .»** (سۈرە«بەقەرە»، **185** ـ ئايەت).

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ۋەھىگە مۇشەررەپ بولغاندىن كېيىن ھىجرىيەنىڭ ئىككىنچى يىلى، يەنى مىلادىيە **623** ـ يىلى رامىزان ئېيىنى روزا ئېيى قىلىپ بېكىتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر يىلى مۇشۇ ئايدا بىر ئاي روزا تۇتىشىنى بەلگىلىدى .

ئايەتتە دېيىلگەندەك بۇ ئاي قۇرئان نازىل بولغان، نۇرغۇن خاسىيەتلەرگە ئىگە ئاي بولغانلىقى ئۈچۈن «قەدىرلىك ئاي» . «بەرىكەتلىك ئاي» دەپ چاقىرىلىدۇ ھەم ئىسلام ئەللىرىدە رامىزان ئېيىدا ئارامغا قويۇلۇپ بېرىلىدۇ .

شەرىئەت بەلگىلىمىسى بويىچە ، مۇسۇلمانلارنىڭ رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشى ـ ھەر كۈنى تاڭ يورۇش ئالدىدىن باشلاپ كۈن ئولتۇرغانغا قەدەر يەنى ئەتىگەندىن كەچكىچە يېمەك ـ ئىچمەك ، ئىشقى ـ ھالاۋەت ، تاماكا ۋە ئىشتىياقنى باسىدىغان ھەرقانداق نەرسە ۋە ئىشلارنى تەرك ئېتىشى كېرەك . شۇنداقلا زاتىنى ۋە قەلبىنى پاك تۇتۇشى ، روزىغا ئىخلاس بىلەن نىيەت قىلىشى ، تاڭ يورۇش ئالدىدا زوھۇرلۇق ( زولۇق ) يېيىشى ، كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىفتار قىلىشى ، خۇفتەندىن كېيىن **20** رەكەت تەراۋىھ نامىزى ئوقۇشى ، شارائىتى بارلار مەسچىتكە بېرىپ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشى كېرەك . روزىدار كىشىلەر روزىلىق ۋاقىتتا تائەت ـ ئىبادەتتىن باشقا پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىستىقامەت قىلىشى ، يېمەك ـ ئىچمەك كويىدا ، شەھۋانىي خىياللاردا بولماسلىقى ، بىھۇدە گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەركەتلەرگە قۇلاق سالماسلىقى ، كۆز يۈگۈرتمەسلىكى ، بىمەنە خىيال ۋە گەپ ـ سۆزلەرنى قىلماسلىقى ، سۆز ـ ھەركىتى ئىززەت ـ ئىكراملىق بولۇشى ، گۇناھ ـ سەۋەنلىكلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن كۆپرەك ئويلىنىشى كېرەك . ئەگەر مەنئىي قىلىنغان بەلگىلىملەرگە خىلاپلىق قىلسا روزىسى بۇزۇلىدۇ . روزىسى بۇزۇلسا قازاسىنى قىلىشى كېرەك .

ئەگەر مەقسەتسىز يەپ ـ ئىچىپ قويۇلسا ، سەزگەندىن كېيىن دەرھال توختاتسا روزىنى بۇزغان بولمايدۇ . ئەگەر قەستەن بۇزغان بولسا ، قەستەنلىكى ئۈچۈن **60** كۈن روزا تۇتىشى كېرەك . قۇرئانى ـ كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفكە ئاساسەن ، شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىسگە ئاساسەن كېسەل سەۋەبىدىن روزا تۇتۇش ئىمكانىيىتى بولمىغانلار ، ئۇزاق يوللۇق سەپەر ئۈستىدىكىلەر ، ياشانغان ۋە تېنى ئاجىزلار ، ئېغىر ـ ئاياغ ئاياللار ، ئادەت كۆرىۋاتقان ئاياللار ۋە ئارام ۋاقتىدىكى تۇغۇتلۇق ئاياللار ، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار

نېرۋىسى نورمال بولمىغان كىشىلەر ، روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ ، ئەمما ئۇز ئەھۋالىغا قاراپ روزىنى تولۇقلاپ تۇتۇشى ياكى سەدىقە ئاتىشى كېرەك . يەنى تۇتالمىغان بىر كۈنلۈك روزىسى ئۈچۈن بىر نامراتقا بىر ۋاخلىق تاماق سەدىقە قىلىشى كېرەك . بۇلاردىن ياشىنىپ ، ئاجىزلاپ قالغانلار ئېغىر كېسەللەر تۇتالمىغان روزىسىنى تولۇقلىماي ئىقتىسادىي جەھەتتىن فىدىيە بەرسە بولىدۇ . ھەدىس شەرىفتىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە رامىزاندا روزا تۇتىلىدىغان ۋاقىت 29 كۈن بولۇپ ، رامىزان ئېيىدىكى ھىلال ئاينىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن باشلىنىپ كېلەر ئايلىق ( ھىجرىيە 10 ـ ئايلىق ) ھىلال ئاينىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن ئاياغلىشىدۇ . يەنى 29 كۈن روزا تۇتۇپ بولغان كۈنى كەچتە ئايغا قاراش كېرەك . ئەگەر ھىلال ئاي كۆرۈنسە شۇ كۈنى ( مىلادىيە بويىچە ئەتىسى ) روزا ھېيت بولىدۇ ، ئەگەر كۆرۈنمىسە يەنە بىر كۈن روزا تۇتىلىدۇ . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام : **« ھىلال ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار ، ھىلال ئاينى كۆرۈپ روزىدىن چىقىڭلار »** دەپ كۆرسەتمە بېرىپ مۇسۇلمانلارنى رامىزاندا بىر ئاي روزىنى تولۇق تۇتۇشقا بۇيرىغان . ھىلال ئاينىڭ كۆرۈنىشىنى كۆزىتىشتە ئابرويلۇق ئىككى گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھىنى ئاساس قىلغاندىلا ئىناۋەتلىك بولىدۇ.

مۇسۇلمانلار مەلۇم بىر جايدا ھىلال ئاينى كۆرگەندىن كېيىن ، ھەممە كىشىنىڭ ئۇز ۋاقتىدا روزا تۇتۇشى ئۈچۈن ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن تېزلىكتە باشقا جايلارغا ھىلال خەۋىرىنى بېرىشى كېرەك . ھاۋا تۇتۇق بولۇپ ھىلال ئاي كۆرۈنمىسە ، داۋاملىق روزا تۇتۇپ ئىككىنچى كۈنى ئايغا قاراش كېرەك ، ھىلال ئاي يەنە كۆرۈنمىسە يەنە داۋاملىق روزا تۇتۇشى كېرەك . ئەمما ئادەتتە ھىلال ئاينى پەقەت كۆرەلمىگەن ئەھۋالدا روزا ھېيتنى كەينىگە سۈرۈش ۋاقتى ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك . ھازىر ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققى قىلىشى بىلەن روزا تۇتۇش ۋاقتىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىششىنى رەسەتخانا ۋە باشقا ئاسترونومىيە ئورۇنلىرى ئېنىقلاپ چىقالايدىغان بولدى . ئىلگىرى بۇ ۋاقىت قازى ياكى مۇناسىۋەتلىك نوپۇزلۇق ئەربابلارنىڭ پەتىۋاسىغا ئاساسەن توپ ئېتىش ، ناغرا ـ سۇناي چېلىش ياكى ئەزان مۇنارىغا بايراق قاداش ، مۇناردا تۇرۇپ توۋلاش قاتارلىق ئۇسۇللاردا مەلۇم قىلىناتتى . يېقىنقى يىللاردىن بېرى ھۆكۈمەت ۋە شەرىئەت ئورگانلىرى بېكىتكەن ۋاقىت بويىچە رادىئو ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ئارقىلىق جاكارلىنىدىغان ۋە دۇنيا ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرىمۇ بۇنىڭ توغرا ۋاقتىنى ھېساپلاپ چىقىپ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنىدىغان بولدى .

ئىسلام دىنىدا روزا تۇتۇش تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ : 1. پەرىز روزا ، رامىزان روزىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇ رامىزان ئېيىدا تۇتىلىدىغان بىر ئايلىق روزىنى كۆرسىتىدۇ . 2. سۈننەت روزا ، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئاساسەن تۇتىلىدىغان روزا ، مەسىلەن ، ھىجرىيە تەقۋىمى بويىچە رەتكە قويغاندا : مۇھەررەم (1- ئاي ) نىڭ 10 ـ كۈنى تۇتىلىدىغان ئاشۇرا روزىسى ؛ رەجەپ ( 7 ـ ئاي ) نىڭ 27 - كۈنى ، يەنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەرشكە چىققان كۈنى تۇتىلىدىغان مىئراج روزىسى ؛ شەئبان ( 8 ـ ئاي ) نىڭ 15ـ كۈنى تۇتىلىدىغان بارات روزىسى ؛ شەۋۋال ( 10 ـ

ئاي ) نىڭ ئالدىنقى ئالتە كۈنى تۇتۇلىدىغان روزا : زۇلھەججە ( 12 ـ ئاي ) نىڭ ئالدىنقى 10 كۈنىدە قۇربان ھېيتقىچە بولغان ئارىلىقتا تۇتىلىدىغان روزا : شۇنداقلا ، دۈشەنبە ، پەيشەنبە كۈنلىرى تۇتىلىدىغان روزا قاتارلىقلار. 3. نەفلى روزا، يەنى مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ ئىخلاسى ۋە ئۈمىد ـ ئارزۇسىنى چىقىش قىلىپ تۇتىدىغان ئىختىيارەن روزا. مەسلەن ، قۇرغاقچىلىق بولغاندا يامغۇر تىلەپ تۇتىلىدىغان روزا قاتارلىقلار . سۈننەت روزا بىلەن نەفلى روزا مۇستەھەب بولۇپ ، بۇنى ئادا قىلسا ساۋاب تاپىدۇ ، ئەمما ئۇنى ئادا قىلالماسلىق گۇناھ بولمايدۇ .4. مەكرۇھ تەھرىم روزا ( يەنى ھارامغا يېقىنلاشقان مەكرۇھ روزا ) ، بۇ روزا ئادەتتە يەنە مەنئىي قىلىنغان روزا ، ھارام روزا دەپمۇ ئاتىلىدۇ . روزا ھېيت كۈنى بىلەن قۇربان ھېيت كۈنى ۋە قۇربان ھېيتتىن كېيىنكى ئۈچ كۈن ( يەنى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 11، 12 ،13 كۈنلىرى ، بۇ كۈنلەر « تەشرىق كۈنلىرى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) . ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىغا شۈكرى قىلىپ ( يەنى رەھمەت بىلدۈرۈپ ) خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغان كۈنلەر بولغاچقا بۇ كۈنلەر روزا تۇتۇش قەتئىي مەنئىي قىلىنغان : شۇنداقلا جۈمە كۈنى ، شەنبە كۈنى ( يەنى يەھۇدىي دىنىنىڭ ئىبادەت كۈنى ) ۋە يەكشەنبە كۈنى ( يەنى خرىستىئان دىنىنىڭ ئىبادەت كۈنى ) روزا تۇتۇشمۇ لەنەتلىك ھېساپلىنىدۇ .

بەزىلەر ، ئەگەر 30 كۈنلۈك رامزان روزىسىنى تولۇق تۇتالماي قالسام شۇنىڭ قازاسىغا ھېساپ بولسۇن دەپ ، رامزان كىرىشتىن بۇرۇنقى بىر ـ ئىككى كۈندە روزا تۇتىدۇ . بۇنداق نىيەت بىلەن تۇتۇلغان بۇ روزا ئىسلام دىنىمىزدا مەكرۇھ ھېسابلىنىدۇ . رامزان روزىسىنىڭ تۇتالمىغان كۈنلىرىنىڭ قازاسىنى رامزاندىن كېيىن تۇتۇشقا بولىدىكى، قازا قىلىنىدىغانلىغىنى تېخى بىلمەي تۇرۇپ ئالدىنئالا قازا روزىسىنى تۇتۇۋېلىشقا بولمايدۇ . بەزىلەر تەقۋادارلىقنى ئىپادىلەيمەن دەپ ، شۇغۇللىنىشقا تېگىشلىك بۇ دۇنيالىق ھالال ۋە ساۋاپلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماي ، بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە ئۈزۈلدۈرمەي ياكى كۆپ چاغلاردا روزا تۇتىۋالىدۇ ، بۇمۇ ئىسلام دىنىمىزدا مەكرۇھ ھېساپلىنىدۇ.

روزا تۇتۇش ئۆزىنى سەۋرچانلىق خىسلىتى بىلەن تاۋلاپ، نەپسى ـ خاھىشىنى تىزگىنلەپ، لەنىتى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلىنىشنى، ئۆتكەن بىر يىلدا سادىر قىلغان سەۋەنلىك ـ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ تەنبىھ ئېلىشنى ، يوقسۇل ـ ئاجىزلارنىڭ تۇرمۇش ھالىنى جۇملىدىن ئاچارچىلىق تەمىنى تېتىپ كۆرۈش بىلەن ، پېقىر ـ مىسكىنلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىدىغان كۆيۈمچانلىق خىسلەت ۋە ھېسداشلىق روھىنى يېتىلدۈرۈشنى، باي ـ كەمبەغەللەر ئوخشاش روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ باپ ـ باراۋەرلىك روھىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ، بۇلار ئارقىلىق ئاللاھقا بولغان تەقۋادارلىغىنى ئىپادىلەپ ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ ئالدىدا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى تونۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئاپتور : لەيلى

مەنبە: http://bbs.misranim.com/thread_126557_1_1.html

## هەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر.
ئاللاھۇ تەئالا ئىلمىسىز سۆزلەشنى چەكلىگەن ۋە بۇنداق قىلىشنى شېرىككە بىرلەشتۈرۈپ چوڭ گۇناھلاردىن ھېساپلىغان. بۇ ھەقتە ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «قُلْ إِنَّمَا حَرَّمَ رَبِّيَ الْفَوَاحِشَ مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَطَنَ وَالإِثْمَ وَالْبَغْيَ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَأَن تُشْرِكُواْ بِاللَّهِ مَا لَمْ يُنَزِّلْ بِهِ سُلْطَانًا وَأَن تَقُولُواْ عَلَى اللَّهِ مَا لاَ تَعْلَمُونَ» **(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، گۇناھلارنى، (كىشىلەرگە) ناھەق چېقىلىشنى، (ئاللاھنىڭ شېرىكى بولۇشقا) ئاللاھ ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنى، ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى ھارام قىلدى.)** (سۈرە «ئەئراف»، 33 ـ ئايەت.) شۇنىڭ ئۈچۈن، بارات ئېيىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشنى بىدئەت دېگەنلىك ئىلمىسىزلىك بىلەن سۆزلىگەنلىك ھېساپلىنىدۇ.

ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش ياخشى. بولۇپمۇ ئاينىڭ كېچىلەردە، يەنى ئاينىڭ 13 ـ 14 ـ 15 ـ كۈنلىرى روزا تۇتۇش ياخشى. ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: **«مېنىڭ دوستۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا، ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، ھەر كۈنى ئىككى رەكەت چاشكا نامىزى ئوقۇش ۋە ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ۋىتىر نامىزى ئوقۇشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى ۋەسىيەت قىلدى.»**(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشۇڭ سىنىڭ يىل بويى روزا تۇتقىنىڭغا باراۋەر بولىدۇ، چۈنكى ھەر بىر ياخشىلىق ئۆزىنىڭ ئون باراۋىرىدە زىيادە قىلىنىدۇ.»** (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

ئەبى زەر رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ھەر ئايدا روزا تۇتاي دېسەڭ، ئاينىڭ 13 ـ 14 ـ 15 ـ كۈنلىرى روزا تۇتقىن.» (تىرمىزى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان).

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللادىن، ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇ رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ماڭا ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشقا ۋەسىيەت قىلغان، دېگەن ھەدىستىكى ئۈچ كۈن روزىنى قايسى كۈندە تۇتۇش ۋە ئارقىمۇ ـ ئارقا تۇتۇش كېرەكمۇ؟ دەپ سوئال سورالغاندا، ئۇ كىشى مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: بۇ ئۈچ كۈنلۈك روزىنى ئارقىمۇ ـ ئارقا تۇتسۇن ياكى ئايرىم ـ ئايرىم تۇتسۇن ياكى ئاينىڭ ئەۋۋىلىدە ياكى ئوتتۇرىدا ياكى ئاخىردا تۇتسۇن ئوخشاش. چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئايرىم كۈن بەلگىلەپ بەرمىگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەر ئايدا ئۈچ كۈن

روزا تۇتامتى؟ دەپ سورالغىنىدا، ھەئە، دېگەن. قايسى ئايدا شۇنداق قىلاتتى؟ دېگەندە، ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا: مەن قايسى ئايدا تۇتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ كەتمەيتتىم، دېگەن.» (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ئەمما ئاينىڭ 13 ـ 14 ـ 15 ـ كۈنلىرى روزا تۇتۇش ياخشى، چۈنكى ئۇ ئايدىڭ كېچىلەر ھېساپلىنىدۇ. (ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار توپلىمى 20 ـ توم 376 ـ بەتكە قارالسۇن).

بارات ئېيىدا روزىنى كۆپ تۇتسا ياخشى بەلكى ئۇنداق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ھېساپلىنىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شەئبان ئېيىدا كۆپ روزا تۇتاتتى. ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «بەزى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا ـ لامنىڭ كۆپ روزا تۇتقىنىغا قاراپ بىز ئۇنى ئىپتار قىلماي دائىم روزا تۇتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتۇق. بەزى ۋاقىتتا دائىم ئېغىزى ئوچۇق يۈرسە بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى نەپلە روزا تۇتمايدىكەن دەپ ئويلاپ قالاتتۇق. رامزاندىن باشقا ئايدا تولۇق روزا تۇتمايتتى. بارات ئېيىدا كۆپ روزا تۇتاتتى.» (بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئەبى سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئائىشەرەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام باشقا ئايلاردىن بارات ئېيىدا كۆپ روزا تۇتاتتى. بەزى يىللىرى بارات ئېيىدا تولۇق روزا تۇتاتتى. ئۇ دائىم: ئىبادەتلەرنى تاقىتىڭلار يېتىشىچە قىلىڭلار، ئاللاھقا ھېچ تەسىرى بولمايدۇ، ئەمما سىلەر بوشاپ قالىسىلەر، دەيتتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاز بولسىمۇ دائىم ناماز ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى. بىرەر ئىبادەتنى باشلىسا ئۇنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇراتتى.»(بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچى جانابى ئاللاھتۇر.

## (6) قۇربان ھېيت نامىزى

«قۇربان» ـــ ئەرەپ تىلىدىن ئېلىنغان سۆز بولۇپ، «قۇربانلىق قىلىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. قۇربان ھېيت بىلەن روزى ھېيت ئىسلام دىنىنىڭ ئىككى چوڭ ھېيتى ھېساپلىنىدۇ. ئىسلام كالېندارى بويىچە ھەر يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قۇربان ھېيت بولىدۇ. ئىسلام شەرىئىتىدە ئىسلام كالېندارى بويىچە ھەر يىلى 12 ـ ئاينىڭ باشلىرى دىن مۇخلىسلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىني پەرزىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن مەككە مۇھەررەمگە بېرىپ تاۋاپ قىلىش ۋاقتى قىلىپ بەلگىلەنگەن. ئەڭ ئاخىرقى كۈنى ( يەنى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ) قوي، كالا سويۇلۇپ، ھېيت تەبرىكلىنىدۇ. بۇ دەل روزى ھېيتتىن كېيىنكى 70 ـ كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

قۇربان ھېيتتا مال سويۇپ، قۇربانلىق قىلىش ئەسلي ئەرەپلەرنىڭ ئادىتى ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىگە ئاللاھۇ

تەئالاھ زاھىر بوپتۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا مىلاد تېغى جىلغىسىغا بېرىپ، ئوغلى ئىسمايىلنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئاللاھ يولىدا قۇربانلىق قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ، ئارزۇلۇق ئوغلىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئاللاھ پەرىشتىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا بىر كۆك قوچقارنى ئەۋەتىپ، **«ئاللاھ سېنىڭ ئاللاھقا بولغان ساداقىتىڭنى مەقبۇل كۆردى، ئەمدى كۆك قوچقارنى ئۇنىڭ ئورنىغا قۇربانلىق قىلغىن»**، دەپتۇ. مۇشۇ رىۋايەتكە ئاساسەن. ئەرەبلەر ئارىسىدا ھەر يىلى مال سويۇپ قۇربانلىق قىلىدىغان ئادەت بارلىققا كەلگەن. كېيىنچە، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ھېيتىغا ئايلانغان.

ئىسلام دىنى كالېندارى بىلەن ھازىرقى مىلادىيە كالېندارى ئوتتۇرىسىدا **11** كۈنگە يېقىن پەرق بار. شۇڭلاشقا ئۇچۇن، مىلادىيە كالېنداردىكى ھەر يىلقى قۇربان ھېيتنىڭ ۋاقتى مۇقىم ئەمەس. ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە، ھېيتتىن ئىلگىرى ھەممە ئائىلىلەر ئۆي - ئىچى، ھويلا - ئاراملىرىنى پاك - پاكىز قىلىپ تازىلاپ، يېڭىلاپ چىقىدۇ ھەم ھېيتلىق ئىگىن تەييارلايدۇ. ئاياللار ساڭزا سېلىپ، ياغلىق توقاچ - نانلارنى يېقىپ، تۈرلۈك تاتلىق - تۈرۈملەرنى پىشۇرىدۇ، ھەر خىل پېچىنە - كەمپۈت، مېۋە - چېۋە دېگەندەك يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىپ، ھېيتقا ئوبدان تەييارلىق قىلىدۇ. ھېيت كۈنى ئەتىگەندە، ئىخلاسمەن ئىسلام مۇخلىسلىرى يۇيۇنۇپ، ئىگىن يەڭگۈشلەپ، مەسچىتكە بېرىپ ھېيت نامىزى ئۆتەيدۇ. ئاندىن تۇپراق بېشىغا چىقىپ، ۋاپات بولغانلارنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلايدۇ. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قوي، كالا ياكى تۆگە سويىدۇ. قۇربانلىق مالنىڭ گۆشىنى سېتىشقا بولمايدۇ. بەلگىلىمە بويىچە قوينىڭ تېرە - ئۈچەيلىرىنى مەسچىتكە بەرگەندىن باشقا، گۆشى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلەرگە بېرىلىدۇ. ھېيت مەزگىلىدە ھەممە ئۆينىڭ داستىخىنىغا ئوبدان پىشۇرۇلغان بىر تاۋاق گۆش بىلەن چىرايلىق تىزىلغان ساڭزا، ئۇنىڭ ئەتراپىغا بولسا يېمىش تەخسىلىرىگە ۋە چىرايلىق ۋازىلارغا قاچىلانغان تۈرلۈك پېچىنە - پىرەنىك، تاتلىق يېمەكلىكلەر، كەمپۈت ۋە مېۋە - چېۋىلەر تىزىپ قويۇلغان بولىدۇ. ھېيت كۈنلىرى كىشىلەر ئەڭ چىرايلىق ئىگىنلەرنى كىيىپ، ئەڭ ئېسىل بېزەكلىرىنى تاقاپ، ئۆز - ئارا مۇبارەكلىشىدۇ، پەتىلىشىدۇ، ھېيتلاپ كەلگەنلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. بۇرۇن ئارازلىشىپ قالغانلارمۇ ھېيتتا يۈز كۆرۈشكەندە چىرايلىق ھال - ئەھۋال سورىشىدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر ئۇ كۈندىن باشلاپ، بۇرۇنقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ، قايتا ياخشى، خوپ بولۇشۇپ قالىدۇ. ھېيت كۈنلىرى يەنە تۈرلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بايرام كەيپىياتىغا چۆمگەن كىشىلەر شادلىنىپ، كۈلۈشۈپ، ناخشا ئېيتىشىپ، ئۇسۇل ئوينىشىپ، پۈتكۈل ئايەم كۈنلىرىگە ئاجايىپ تەنتەنىلىك، قىزغىن تۈس كىرگۈزىدۇ.

مەنبە:

http://www.tograk.com/index.php?m=content&c=index&a=show&catid=46&id=6882

## (7) تاھارەت ئېلىشنىڭ پەزىلىتى

ئەلبەتتىكى، تاھارەتسىز ناماز ئوقۇلمايدۇ. بۇ، «پاكىزلىق ـ ئىماندىن» ئىكەنلىكىنىڭ روشەن بىشارىتى. نۇئەيم مۇجمىر مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىمىز مەسجىدنىڭ ئۈستىدە ئۇخلىدۇق. ئۇ تاھارەت ئالدى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى:

**«مېنىڭ ئۈممىتىم قىيامەت كۈنى تاھارەتنىڭ ئىزىدىن چىرايلىرى ۋە پۇت ـ قوللىرى نۇرلانغان ھالدا چاقىرىلىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۆزىنىڭ نۇرىنى كېڭەيتەلىسە كېڭەيتسۇن.»** (بۇخارى: **136**، مۇسلىم : **246**)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

**«مۇئمىن مۇسۇلمان تاھارەت ئېلىپ يۈزىنى يۇيغاندا ئىككى كۆزى بىلەن قارىغان گۇناھىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ يۈزىدىن سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. ئىككى قولىنى يۇيغاندا، ئىككى قولى بىلەن سادىر بولغان گۇناھىنىڭ ھەممىسى سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. ئىككى پۇتىنى يۇيغاندا، ( يامان ئىش تەرەپكە مېڭىش ئارقىلىق ئۆتكۈزۈلگەن) گۇناھلارنىڭ ھەممىسى سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ كىشى تاھارەتنى ئېلىپ بولغىچە ھەممە گۇناھلىرىدىن پاك ـ پاكىزە بولۇپ كېتىدۇ.»** (مۇسلىم: **246**)

## (8) زاكات ئىبادىتى ھەققىدە

زاكات ـ ئىسلامنىڭ بەش ئاساسىنىڭ بىرى بولۇپ ناماز، روزا ۋە ھەجگە ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم ئىبادەت تۈرىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: « وَأَقِيمُواْ الصَّلاَةَ وَآتُواْ الزَّكَاةَ وَارْكَعُواْ مَعَ الرَّاكِعِينَ» ( نامازنى ئاداقىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار.) (سۈرە «بەقەرە»، 43 ـ ئايەت) «وَأَقِيمُواْ الصَّلاَةَ وَآتُواْ الزَّكَاةَ وَمَا تُقَدِّمُواْ لأَنفُسِكُم مِّنْ خَيْرٍ تَجِدُوهُ عِندَ اللّهِ إِنَّ اللّهَ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ» ( نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئىشلىگەن ھەر قانداق ياخشى ئەمەل بولسا، اللهنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ساۋابىنى تاپىسىلەر، الله ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.) (سۈرە «بەقەرە»، 110 ـ ئايەت): يەنە مۇنداق

دەيدۇ: «لَيْسَ الْبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَالْمَلآئِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّآئِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُواْ وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاء والضَّرَّاء وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ» (سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى اللهغا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتاپقا (يەنى الله نازىل قىلغان كىتاپلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، اللهنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش- ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل- مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل- مال ياردەم قىلىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇقتا، كېسەللىكتە ۋە (اللهنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشتا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر.) (سۈرە «بەقەرە»، 177 ـ ئايەت)

زاكات ھاجەتمەنلەرگە بېرىلىدىغان ياردەمنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى. قۇرئان كەرىمدە زاكاتنىڭ مىقدارى ۋە ماھىيىتى تەپسىلى بايان قىلىنماستىن ئۇنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنلىرىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. زاكاتنىڭ شەرىئەتتىكى ھۆكمى پەرىز ئىبادەت بولۇپ، مىقدارى ئېنىق قىلىپ بېكىتىلگەن. زاكاتنى قولىدا زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن بايلىقى بولغان كىشى چوقۇم ئادا قىلىشى كېرەك. زاكات بېرىش ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچلەندۈرۈپلا قالماستىن بەلكى، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇسۇلمانلارنىڭ يەككە ۋە كوللېكتىپ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم قىممەت قاراشلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىقتىسادىي ئىبادەت.

زاكات لۇغەتتە پاكلاش، كۆپىيىش، بېيىش، بەرىكەت ۋە ئاقلاش قاتارلىق مەنىلەرگە ئىگە. دىنى ئاتالغۇ مەنىسى، ئۆلچەمگە يەتكەن مىقداردا پۇل ـ مالغا ئىگە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، يىلدا بىر قېتىم مېلىنىڭ مەلۇم قىسمىنى بەلگىلەنگەن كىشىلەر ياكى ئورگانلارغا بېرىشتۇر. قول ئىلكىدىكى پۇل ـ مالدىن باشقىلارغا بېرىش بىلەن زاكاتنىڭ كۆپىيىش مەنىسى قارىماققا بىر ـ بىرىگە زىتتەك كۆرۈنسىمۇ ماھىيەتتە ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىتلىق مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى، زاكاتنىڭ جەمئىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرى بىلەن لۇغەتتىكى مەنىسى دائىرىسىدە تىلغا ئېلىنغان پۈتۈن مەنىلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆز ئالدىغا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. زاكات بىر ئىبادەت

بولۇش سۈپىتى بىلەن شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ مەنىۋىيىتى، ئەخلاقى، دىنى، ئىقتىسادىي قاتارلىق ھاياتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىشلىق ۋە پايدىلىق.

ئىسلامدىكى ئىبادەتلەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، بەندە ئاللاھۇ تەئالا تەرىپىدىن ئۆزىگە بېرىلگەن ماددىي ۋە مەنىۋىي نېمەتلەرگە شۈكرى ئېيتىش يۈزىسىدىن ئىبادەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، زاكات پۈتۈن مال-مۈلكنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھۇ تەئالاغا شۈكرى ئېيتىش ئۈچۈن ئادا قىلىنغان بىر خىل تەشەككۈر ئېيتىش پائالىيىتى. بۇ پائالىيەت كىشىلەرنى تۇزكورلۇقتىن يىراق قىلىپ شۈكرى قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئاللاھۇ تەئالا شۈكرى ئېيتقانلارغا كۆپلەپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. مانا بۇ سەۋەبتىن ئاللاھۇ تەئالا مال-دۇنياسىنى ياخشى يوللارغا سەرپ قىلغانلارنىڭ مېلىغا بەرىكەت بېرىپ كۆپەيتىپ بېرىدۇ.

قۇرئانى كەرىمگە قارايدىغان بولساق، ئىقتىسادىي ساھەگە ئالاقىدار نۇرغۇن ئايەتلەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇ ئىسلام دىنىدا زاكاتقا ئوخشاش فۇنكتسىيەگە ئىگە يەنە نۇرغۇن ئىبادەتلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. نەپىقە قىلىش، سەدىقە قىلىش قاتارلىقلار مانا شۇنداق ئىبادەتلەردىن بولۇپ، بۇ ئىبادەتلەردىكى شەرىئەتنىڭ تەلەپلىرى ۋە بەندىلەردىكى مەجبۇرىيەتلەر زاكات بىلەن پەرقلىنىدۇ. قۇرئانى كەرىمدە بىر قىسىم جايلاردا زاكات سۆزىنىڭ ئورنىغا سەدىقە سۆزى ئىشلىتىلگەن. قانداقلا بولمىسۇن، يېتىم-يېسىر، پېقىر-مىسكىن ۋە ئەسىرلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش قول ئىلكىدە بار كىشىلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى. قۇرئاندا ئېھتىياج ئىگىلىرىگە ئىقتىسادىي ياردەم قىلىش ئاللاھقا ياردەم قىلغانلىق دەپ كۆرسىتىلگەن.

ئىسلام دىنى ئەڭ ئاۋۋال پېقىر-مىسكىنلەرگە بىۋاستە ياردەم بېرىش ئارقىلىق جەمئىيەتنى تەرەققى قىلدۇرۇشنى ئاساس قىلىدۇ. چۈنكى شەخس تەرەققى قىلماي تۇرۇپ ئائىلىمۇ تەرەققىي قىلمايدۇ-دە، جەمئىيەتنىڭ، دۆلەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇ ئەھۋالدا تەرەققىياتتىن گەپ قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شەخسلەر چوڭ تومۇرغا قان يەتكۈزىدىغان قىل قان تومۇرلار ئوخشايدۇ. جەمئىيەتكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغانلار يەنىلا يەككە شەخسلەر. شەخسلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى يۇقىرى كۆتۈرمەي تۇرۇپ جەمئىيەتنىڭ باشقا ساھەلىرىنى ئەسلا يۇقىرى كۆتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

ئىقتىسادنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يېمەك-ئىچمەك، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش قاتارلىقلار ھەر بىر ئىنساندىكى تەبىئىي تەلەپ. كىشىلەرنىڭ ئەقىل-ئىدراكى، تالانت-قابىلىيىتى، كۈچ-قۇۋۋىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ ئوخشاش ئەمەس. ئىسلام دىنى مانا بۇ تەڭسىزلىكتىن ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن زاكاتتىن ئىبارەت بۇ ئىبادەتنى يولغا قويغان.

زاكات جەمئىيەتتە ھەمكارلىق ۋە يار-يۆلەكتە بولۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان بىر ئىبادەت بولۇپ، خەلقنىڭ تىنچ-ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلىقىنى ساقلاشنى نىشان قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بايىنىڭ مېلىدا پېقىرنىڭمۇ ھەققى بار، دېيىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ

تەبىئىتىدىكى مال ـ دۇنيا سۆيگۈسى نورمال سەۋىيەدە چەكلەنسە شەخس ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ. مال ـ دۇنيا سۆيگۈسى نورمال چەكتىن ئېشىپ كەتسە، قەلبتىكى ئاللاھ سۆيگۈسىگە دەز كېتىدۇ. دىنىي ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا تەسىر يېتىدۇ، دىنىي قېرىنداشلىرى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرى ئۇنتۇلىدۇ ۋە ئاخىرەت تەييارلىقىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. زاكات بېرىش ئارقىلىق يۇقىرىدىكى ئىشلاردىن ساقلىنىپ قالغىلى بولىدۇ. زاكات باينى بايلىقىدىن ئايرىۋەتمەيدۇ. ئۆز ئەمگىكى بىلەن تاپقان بايلىقنى بىر پېقىر ـ مىسكىننىڭ كېلىپ «بۇ مالدا مېنىڭمۇ ھەققىم بار» دەپ مال ئىگىسىدىن مەجبۇرىي ئېلىش ھەققىمۇ بولمايدۇ.

مال ـ دۇنيا ئىگىسى زاكات ئارقىلىق، بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك، باغرى تاشلىق، چوڭچىلىق، شەخسىيەتچىلىك ۋە مال دۇنياغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىش قاتارلىق دىن ۋە ئەخلاق چەكلىگەن، شەخس ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بىر قىسىم يامان سۈپەت ـ مىجەزلەردىن ئۆزىنى ساقلاپ قالالايدۇ. سېخى ۋە مەرد خاراكتېر يېتىلدۈرۈپ، باشقىلارنى ئويلايدىغان، ئەتراپىدىكىلەرگە ياردەم قىلىپ ئۇلارغا كۆيۈنىدىغان، ئاللاھۇ تەئالاغا يۈزلىنىپ، ماددىي ھەۋەسلەردىن يىراق ياشايدىغان پەزىلەتلىك كىشىگە ئايلىنىدۇ. ئاللاھۇ تەئالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ئۆز مېلىدىن ۋە نەپسىدىن كېچىپ، ئېھتىياج ئىگىلىرىگە زاكىتىنى بېرەلىگەن كىشىدە مال ـ دۇنياغا قارىتا قارغۇلارچە ھېرىسمەنلىك بولمايدۇ، مال ـ دۇنيا توپلاشتا ھارام ۋە چەكلەنگەن ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ.

مانا بۇلار زاكاتنىڭ زاكات ئىبادىتىنى ئادا قىلغۇچىغا ۋە جەمئىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان پايدىلىرى.

## (9) ھەجنىڭ پەزىلىتى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « كىمكى ھەج پائالىيىتى جەريانىدا يامان سۆز گۇناھ ئىشلاردىن ساقلانسا، ئۇ خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك گۇناھلاردىن پاك ھالەتتە قايتىدۇ.» ( بۇخارى : 521، مۇسلىم: 1350)

يەنە، «ئۆمرە ئىبادىتى يەنە بىر ئۆمرە پائالىيىتىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى گۇناھلارغا كەپپارەت بولغاندەك، قوبۇل بولغان پەرز ھەجنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتۇر.»(بۇخارى:1773، مۇسلىم: 1349)

ھەج ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ياخشى ئەمەللەر گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بولۇپ، بەندە بۇ ئەمەللەرنى شەرىئەت بەلگىلىمىسىگە مۇۋاپىق ئادا قىلسا خاتالىقلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

كۆپچىلىك ئالىملار ياخشى ئەمەللەر سەۋەبىدىن كىچىك گۇناھلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، ئەمما چوڭ گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن تەۋبە قىلىشى كېرەك، دەپ قاراپ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىس بىلەن دەلىللەيدۇ. بۇ ھەقتە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغاندا، بەش ۋاقىت ناماز، جۈمە يەنە بىر جۈمەگىچە ، رامىزان يەنە بىر رامىزانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كىچىك گۇناھلارغا كەپپارەت بولىدۇ.»**(مۇسلىم)

ئىمام ئىبنى مۇنزىر ۋە باشقا بەزى ئالىملار يۇقىرىقى ئىككى ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، قوبۇل بولغان ھەج چوڭ گۇناھلارغىمۇ كەپپارەت بولىدۇ، دېگەن.

ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر.

بىلىش كېرەككى، پەرز ھەجنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالى ھېكمىتى ۋە پەزىلەتلىرى بار:

1) ھەج قىلىش ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنى، ئائىلە تەۋابىئاتلىرى ۋە يېقىن - يۇرۇقلىرىدىن ئايرىلىپ سەپەر قىلىش ــ ئىنسانغا ئاللاھ ۋە ئاخىرەتكە بولغان سەپەرنى ئەسلىتىدۇ.

2) ھەج قىلىش ئۈچۈن مۇقەددەس دىيارغا بېرىش مەخسىتىدە ئۇزۇق - تۈلۈك ئېلىپ مېڭىش ــ ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىكى تېنچلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇزۇق - تۈلۈك ئېلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن ئۇزۇق - تۈلۈك ئېلىۋېلىڭلار. ئەڭ ياخشى ئۇزۇق - تۈلۈك تەق-ۋادارلىقتۇر.»

3) سەپەر ــ ئازاپنىڭ بىر پارچىسى. ئاخىرەت سەپىرىمۇ ئەنە شۇنداق بولۇپ، ئىنسان روھىنىڭ تارتىلىشى، ئۆلۈم، قەبرە، ئەرەسات قىيامەتتە يىغىلىش، ھېساپ بېرىش، ئەمەللەرنىڭ ئۆلچىنىشى، پىلسىراتتىن ئۆتۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن جەننەت ياكى دوزاخقا بېرىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇنىڭدا، ئاللاھۇ تەئالا نىجاتلىق ئاتا قىلغان كىشى بەختكە ئېرىشكەن بولىدۇ.

4)ئىنسان ئېھرام كىيىمى كەيگەندە، ئۆزىنىڭ قاچانلا بولمىسۇن بىركۈنى مۇشۇنداق كېپەنلىك كېيىدىغانلىقىنى ئەسلەيدۇ. بۇ ئىش ئىنساننى بارلىق گۇناھ - مەسىيەتتىن خالى بولۇشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئېھراملىق ئىككى پارچە ئاق كىيىمنى كېيىش بىلەن ئۆزىنىڭ قەلبى ۋە باشقا ئەزالىرىنى گۇناھ - مەسىيەتنىڭ قارا داغلىرىدىن پاكىزە تۇتۇشنى تەقەززا قىلىدۇ.

5) مىيقاتتا ئېھرام كىيىپ : لەببەيكە ئاللاھۇممە لەببەيكە دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاللاھۇ تەئالانىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر قەلبىدە گۇناھ - مەسىيەتلەر قالغان بولسا بۇ سۆزنى دېيەلمەيتتى.

6) ئېھراملىق ھالەتتە چەكلەنگەن ئىشلارغا رىئايە قىلغانلىقى ، دائىم ئاللاھۇ تەئالانى ئەسلەپ تەلبىيە ئېيتىپ تۇرغانلىقى، مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەھۋالى دائىم ئاللاھۇ تەئالاغا ئىتائەت قىلىش بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۆز نەپسىنى ــ ئەسلىدە دۇرۇست بولسىمۇ ــ مۇشۇ ھالەتتە چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلماسلىققا ئادەتلەندۈرۈش بىلەن، ئاللاھۇ تەئالا ھارام قىلغان ئىشلاردىن چەكلىنىشكە ئادەتلەندۈرىدۇ.

7) ئاللاھۇ تەئالا كىشىلەرگە تېنچ -خاتىرجەم ئورۇن قىلىپ بەرگەن ھەرەم - بەيتۇللاھقا كىرىش بىلەن قىيامەت مەيدانىدىكى تىنچ - خاتىرجەملىكنى ئەسلەيدۇ. بۇنىڭغا ئىنسان كۆپ جاپا - مۇشەققەت تارتىپ تىرىشقاندا ئېرىشەلەيدۇ.قىيامەتتىكى

تېنچلىققا ئېرىشىشكە سەۋەب بولىدىغان ئەڭ كاتتا ئىش ــ ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، شېرىكتىن ساقلىنىشتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: **«ئاۋاپتىن قۇتۇلۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر. ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر.»**

ھەجدىكى ئەمەللەردىن يەنە بىرى ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيۈش بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئىنسان ئۆزىنىڭ سۈننەتنى ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن بۇيرىغان ئىبادەتلىرى ئالىي ھىكمەت ۋە ياخشىلىق بىلەن يولغا قويۇلغان بولۇپ، بۇنى ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاددىي ئەقلى بىلەن ئەمەس، سۈننەتكە ئەگىشىش بىلەن ئادا قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ. ئۆز نەپسىنى ئاللاھنىڭ ئىبادىتى ئۈچۈن تەربىيىلەيدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيۈپ بولغاندىن كېيىن، **«سەن ئىنسانغا پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بىر تاش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېنى سۆيگەنلىكىنى كۆرمىگەن بولسام مەنمۇ سۆيمەيتتىم»** ، دېگەن ئىدى.

8) كەئبىنى تاۋاپ قىلىش جەريانىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى، ئۇنىڭ كەئبىنى ئىنسانلارنىڭ ھەقىقەتكە قايتىدىغان، تىنچلىقنى بەرپا قىلىدىغان جاي بولسۇن، دەپ ياسىغانلىق ئەھۋالىنى، كىشىلەرنى ھەج قىلىشقا چاقىرغان ندااسىنى ئەسلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ كىشىلەرنى ھەج قىلىشقا چاقىرغان. مۇسا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ ھەج قىلغان. بەيتۇللاھ ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ بەلگىسى بولغان. ئاللاھۇ تەئالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كەئبىنى ياساپ كاتتىلاشتۇرۇشقا بۇيرىـ ـغان.

9) ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن بىرى مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ئىچىشى بىلەن توختاپ قالمىغان مۇبارەك زەم زەم سۈيىدىن ئىبارەت كاتتا نېمىتىنى ئەسلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك سۆزلىرى بىلەن زەم زەم سۈيىنى ئىچكەندە خالىغان دۇئانى قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ: **«ھەقىقەتەن زەم زەم سۈيى نىمە مەخسەتتە ئىچىلسە شۇنىڭغا مەنپەئەت قىلىدۇ.»** (ئىبنى ماجە)

10) سافا - مەرۋە ئارىسىدا ماڭغاندا، بۇ كاتتا مۇشەققەتكە ھاجەر ئانىمىزنىڭ ئەينى زاماندا دۇچ كەلگەنلىكىنى ئەسلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ، سافا - مەرۋە ئارىسىدا ئۆزى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، كىچىك ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا سۇ ئىزدەپ ماڭغان. بۇ ئايالنىڭ مۇشۇ قىيىنچىلىقلارغا چىداپ ئاللاھ بىلەن پانالانغانلىقى بىز ئۈچۈن ياخشى ئۆرنەكتۇر. ئەر كىشى بۇ ئايالنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرىپ، سەۋرى قىلغانلىقىنى ئەسلىسە، ھاياتتا ئۆزى دۇچ كەلگەن ئىشلار يەڭگىل تۇيۇلىدۇ. ئاياللارمۇ ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئايالدىكى مۇستەھكەم ئەقىدە، تەۋرەنمەس ئىرادە ۋە تەۋەككۇلچىلىك روھىنى ئەسلىگىنىدە، ئۆزى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقنى ئۇنتۇيدۇ.

11) ئەرەفات مەيدانىدا تۇرۇش كىشىلەرگە قىيامەت مەيدانىنىڭ قىستاڭچىلىقىنى ئەسلىتىدۇ. ھەج جەريانىدا قىستىلىپ جاپا چەككەنگە بەرداشلىق بىرەلمىگەن كىشى قىيامەتتە يالاڭ ئاياق، يالىڭاچ ھالەتتە خالايىقلارنىڭ قىستاڭچىلىقىغا قانداقمۇ بەرداشلىق بىرەلىسۇن؟!

12) ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيۈش توغرىسىدا ئېيتىلغىنىدەك، شەيتانغا تاش ئېتىشتىمۇ مۇسۇلمان ئۆز نەپسىنى ئىتائەت قىلىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە ئادەتلەندۈرۈش بولۇپ، بۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىشتۇر.

13) مال بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىش بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھۇ تەئالانىڭ بۇيرىقىغا بويسۇنۇپ تۇنجى ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى بوغۇزلاشقا ئېلىپ ماڭغانلىقىنى، ئاللاھۇ تەئالانىڭ بۇيرۇق-چەكلىمىلىرىگە زىت كېلىدىغان ئاتىلىق مېھرىبانلىقىنىڭ يوقلىقىنى ئەسلەيدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرىغان مۇنۇ ئايىتىنى ئەسلىتىدۇ: «**ئى ئاتا! نېمە قىلىشقا بۇيرۇلغان بولساڭ شۇنى ئىجرا قىلغىن، ئاللاھ خالىسا ئۇنىڭغا مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن.**»

14) ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئېھرام سەۋەبىدىن چەكلىگەن ئىشلارنىڭ ھالال بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇنىڭغا سەۋرى قىلغانلىقىنى، قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىق بولىدىغانلىقىنى، ئاللاھۇ تەئالانىڭ بۇيرىقىغا بويسۇنۇشنىڭ نەتىجىسىنىڭ خۇرسەنلىك بولىدىغانلىقىنى، بۇ خۇرسەنلىكنى پەقەت تائەت - ئىبادەتنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان كىشىلەرنىڭلا ھېس قىلالايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. خۇددى روزا تۇتقۇچى ئېپتار قىلغاندا، كېچىنىڭ ئاخىرىدا تۇرغۇچى قىيامدا تۇرغاندا خۇرسەنت بولغاندەك.

15) ھەج پائالىيەتلىرىنى ئاللاھۇ تەئالا بۇيرىغان رەۋىشتە تاماملىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەدە قىلغاندەك: «**پىسقى - پۇجۇردىن ساقلىنىپ ھەج قىلغان كىشى ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك گۇناھتىن پاك ھالەتتە قايتىدۇ**». ئاللاھۇ تەئالادىن ئۆزىنىڭ بارلىق گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىشنى سوراپ، گۇناھتىن خالى بولغان يېڭى ھايات سەھىپىسىنى ئېچىشنى تىلەپ دۇئا قىلىدۇ.

16) ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ ئەھلى - بالىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ خۇرسەنت بولۇش ئاللاھۇ تەئالانىڭ جەننىتىدە ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىبارەت چوڭ خۇرسەنلىكنى ئەسلىتىدۇ. ئاللاھۇ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «**قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى زىيان تارتقۇزغۇچىلار قاتتىق زىيان تارتقۇچىلاردۇر. بىلىڭلاركى، ئەنە شۇ روشەن زىياندۇر**». ھەقىقىي زىيان تارتقۇچىلارنىڭ قىيامەت كۈنىدە ئۆزىنى ۋە ئەھلىنى زىيانغا ئۇچراتقۇچىلار ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

ئاللاھۇ تەئالانىڭ ھەممىمىزنى ئۆز تائىتىگە مۇيەسسەر قىلىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلىشنى سورايمىز.

ئەمدى تۆۋەندىكى تور ئادرېسىنى ئېچىپ پايدىلانغايسىلەر:

http://www.islamhouse.com/27537/ug/ug/source/www.islam_qa.com

************************************************************

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، جەنابىي ئاللاھ ئىنسانلارنى ياراتقاندىن كېيىن، توغرا يولدا مېڭىپ ياشىشى ئۈچۈن ئۇلارغا مىللىتى ـ ئۇرۇغى ئىچىدىن مۇناسىپ كۆرگەن كىشىلىرىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى ۋە ھەر پەيغەمبەرگە دەستۇر ـ قوللانما سۈپىتىدە كىتاپ چۈشۈرۈپمۇ بەردى. ئۇلاردىن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى دۇنياۋى ۋە ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر سۈپىتىدە ئەۋەرتىپ پۈتكۈل ئالەمگە رەھمەت ۋە شاپائەت نۇرىنى يايدى، ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەت دەستۇرىمىز ئۈچۈن بولسا قۇرئانى كەرىم يەتكۈزۈلدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك ئەسرىنىڭ باشلانغانلىقى خىتابەن ياڭرىدى. بۇ خىتاپ ــ قۇرئانى كەرىم يادرولىغىدىكى مىسلىسىز پارلاق ۋە گۈزەل ئىنساني ھايات قورغىنى پەقەت ۋە پەقەت ئىسلامىيەت ئىكەنلىكىدۇر.

شۇنداق!

ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك بولىشى باشقا ھەر قانداق دىنىي ئەھكاملار ۋە ئاتالمىش «ئىزىم» لار بىلەن ئەمەس، بەلكى مىسلىسىز ئۇلۇق ۋە نۇرلۇق قۇرئانى كەرىم يادرولوغىدىكى ئىسلامىيەت بىلەنلا مۇمكىندۇر.

چۈنكى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسىدىن ئايانكى، «ئىسلام بەش پەرز ئۈستىگە قۇرۇلغان: الله تىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله نىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش، روزا تۇتۇش.» (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس)

مانا بۇ ھەقىقەتنى ئېتراپ قىلىش ــ ئىككى ئالەملىك مىسلىسىز بەخت ـ سائادەتكە ئېرىششىنىڭ يولىنى بىلىش دېمەكتۇر.

************************************************************

## (10) ھىكمەتلىك زەم زەم

جەنابى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە شاپائىتى بىلەن يارىتىلغان زەم زەم سۈيى ئۈستىدە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىملار ھەيئىتى ئۇزۇن مەزگىل تەتقىقات

ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە باشقا سۇلاردا تېپىلمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىغان.

بۇنىڭدا، سەئۇدى ئەرەبىستان ھەج تەتقىقات مەركىزى ھەم زەمزەم سۈيى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، زەمزەم سۈيىنىڭ باشقا سۇلارغا ئوخشىمايدىغان ئاجايىپ سىر ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ھەج تەتقىقات مەركىزىنىڭ رەئىسى ئىنژېنېر سامى ئەنقاۋى مۇنداق دەيدۇ: «ھەرەم شەرىپنى يېڭىدىن كېڭەيتىش خىزمىتى جەريانىدا زەمزەم بۇلىقىنى قېزىپ، ئۇنىڭ سۈيىنى تارتقانسېرى ئۇنىڭ سۈيى تېخىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئۇلىنى قويۇش ئاسان بولسۇن، دەپ ئۈچ دانە سۇ تارتىش ماشىنىسىنى ئىشقا سالغاندۇق. ئاندىن ئەسلى مەنبەدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان زەمزەم سۈيىدىن ئېلىپ، ئۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق مىكروب ۋە بۇلغىنىشلارنىڭ يوقلۇقىنى، بەلكى زەمزەم سۈيىدە باشقا سۇلاردا تېپىلمايدىغان سۈزۈكلۈك، پاكىزلىق ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىدۇق. ئەگەر زەمزەم سۈيىدە بۇلغىنىش يۈز بەرسە چوقۇم ئۇنى قاچىلاش جەريانىدا توڭ ياكى تۇرۇبىلارنىڭ پاكىزلىقىغا دىققەت قىلمىغانلىقتىن بولغان بولىدۇ.

زەمزەم سۈيىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ يەنە بىرى، ئۇنىڭ زامانىمىزغىچە ئۆزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىدۇر. زەمزەم بۇلىقىدىن باشقا بۇلاقلار قانچىلىك داۋام قىلار؟! ئەللىك يىل، يۈز يىل. زەمزەم بۇلىقىنىڭ سۈيى نېمە ئۈچۈن تۈگىمەيدۇ؟ بۇنىڭدا قانداق سىر بار؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «زەمزەم سۈيى نېمە مەقسەتتە ئىچىلسە شۇ مەقسەت ھاسىل بولىدۇ». (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى)

شەيخ ئابدۇلمەجىت زىندانى مۇنداق دەيدۇ: «يەمەندە ياشىنىپ قالغان بىر دوستۇم بار بولۇپ، ئۇ داۋاملىق كىچىك قۇرئاننى يانچۇقىغا سېلىپ يۈرۈپ ئوقۇيتتى، كېيىن ئۇنىڭ كۆزى ئاجىز بولۇپ قېلىپ، يانچۇقىغا سېلىپ يۈرىدىغان بۇ كىچىك قۇرئاننى ئوقۇيالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. كېيىن ئۇنى زىيارەت قىلىپ بارغىنىمدا ئۇ ھېلىقى كىچىك قۇرئاننى ئوقۇۋېتىپتۇ، مەن ھەيران قېلىپ ئۇنىڭدىن قانداق داۋالانغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ: «مەن زەمزەم سۈيىنىڭ نېمە مەقسەتتە ئىچىلسە شۇ مەقسەت ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھەرەم شەرىپكە بېرىپ، زەمزەم سۈيىدىن ئىچىپ، ئاللاھ تائالادىن كۆزۈمگە شىپالىق بېرىشنى تىلىگەنىدىم، ئاللاھ تائالا دۇئايىمنى ئىجابەت قىلدى»، دەپ جاۋاپ بەرگەنىدى.

قېرىنداشلار! بۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدۇر. دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىنىڭ بىر شەرتى دۇئانىڭ ئىجابەت بولىشىغا چىن قەلبتىن ئىشىنىشتۇر. ئاللاھۇ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **«بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن**

ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن)» («بەقەرە» سۈرىسى، 186 ـ ئايەت).

## يۇسرىيە ئابدۇراخماننىڭ كۆزىنىڭ زەمزەم سۈيى بىلەن شىپا تاپقانلىقى توغرىسىدا

ھەرەمدىن پەرز ھەجنى ئادا قىلىپ قايتقان قېرىنداشلارنىڭ بىرى مۇنداق دەيدۇ: «سەئۇدى ئەرەبىستان ھەج مىنىستىرلىگىنىڭ مېھمىنى بولۇپ بىز بىلەن بىرگە ھەج قىلغان يۇسرىيە خانىم بىزگە، ئۆزۈن يىللاردىن بېرى سول كۆزىگە قىزىل چاقا پەيدا بولۇش نەتىجىسىدە كېچە ـ كۈندۈز بېشىنىڭ يېرىمى ئاغرىش كېسىلىگە مۇپتىلا بولغانلىقىنى، ئاغرىق پەسەيتىش دورىلىرىنىڭمۇ كار قىلمىغانلىقىنى، نەتىجىدە كۆزىگە ئاق چۈشۈپ، كۆزىدىن تولۇق ئايرىلىشقا تاس قالغانلىقىنى، ئەڭ مەشھۇر كۆز دوختۇرلىرىنىڭمۇ بۇ كېسەلنى داۋالاشتىن ئاجىز كەلگەنلىكىنى ۋە دوختۇرلارنىڭ باش ئاغرىقىنى ئوكۇل ئۇرماي توختىتىش مۇمكىن ئەمەس، دېگەنلىكىنى، ئوكۇل سالغاندا يېرىم كۆرىدىغان بۇ كۆزىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئىنتايىن قورققانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، ھەرەم بەيتۇللاھقا بېرىپ، ئاللاھۇ تەئالادىن شىپالىق تەلەپ قىلىشنى ئويلاپ، مەككە ـ مۇكەررەمەگە كېلىپ، كەبە شەرىپنى تاۋاپ قىلىپ، ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيۈپ، ئاغرىق كۆزىنى ئۇنىڭغا سۈرتكەندىن كېيىن زەمزەم سۈيى بىلەن يۇغانلىقىنى، ئاندىن كېيىن ساپا ـ مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىپ، ئۆزى چۈشكەن مېھمان كۈتۈشكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت ئاغرىق كۆزىنىڭ ساقىيىپ، قىزىل چاقىنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا كېچە ـ كۈندۈز ئارام بەرمىگەن باش ئاغرىقىنىڭمۇ ئۈزۈل ـ كېسىل يوقالغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن.

بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان دوختۇرلار مۇنداق دېيىشتى: «ئاللاھ ھەممىدىن كاتتىدۇر، دوختۇرلار داۋالاشتىن ئاجىز كەلگەن بۇ بىمارنى ئەڭ كاتتا دوختۇر بولغان ئاللاھ تائالا ئۆزى داۋالاپتۇ، ھەقىقەتەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «زەمزەم سۈيى نېمە مەقسەتتە ئىچىلسە، شۇ مەقسەت ھاسىل بولىدۇ»، ئەگەر سىز ئۇنى شىپالىق تىلەپ ئىچسىڭىز ئاللاھ سىزگە شىپالىق بېرىدۇ، قوساق تويغۇزۇش ئۈچۈن ئىچسىڭىز ئاللاھ قورسىقىڭىزنى تويغۇزىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىچسىڭىز، ئاللاھ ئۇسسۇزلىغىڭىزنى قاندۇرىدۇ، زەمزەم سۈيى ئاللاھ ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ھەزرىتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى سۇغارغان مۇبارەك سۇدۇر»، دېگەن. «ئىمام دارقۇتنى رىۋايىتى».

بۇ ھېكايە ۋە زەمزەم سۈيى ھەققىدە بىز ئاڭلاۋاتقان باشقا ھېكايىلەر ئەگەر بىر شەيئىگە دالالەت قىلىدىغان بولسا چوقۇمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۇبارەك زەمزەم سۈيى ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ راستلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

نۆۋەتتە د. فارۇق ئەنتەرنىڭ ھېكايىسى بىلەن بۇ ھەقتىكى سۆزىمىزنى ئاخىر ـ لاشتۇرىمىز.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر قانچە يىلدىن بىرى سۈيدۈك يولىغا تاش چۈشۈش كېسىلىگە مۇپتىلا بولغانىدىم، دوختۇرلار ئۇنى ئوپېراتسىيىسىز چىقىرىش مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، ئاخىرى ئوپېراتسىيە قىلىشنى قارار قىلدى. مەن قەستەن ئىككى قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىش ۋاختىنى ئارقىغا سۈردۈم ۋە مەككە ـ مۇكەررەمەگە بېرىپ، ئۆمرە قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن بۇ تاشنى ئوپېراتسىيە قىلماستىن چىقىرىپ بېرىشنى تىلەش نىيىتىگە كەلدىم.

مەن مەككە ـ مۇكەررەمەگە يېتىپ كېلىپ، ئۆمرە پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ بولۇپ، زەمزەم سۈيىدىن ئىچىپ، ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيۈپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ، ئۇ زاتتىن شىپالىق تىلىدىم. مەن تېخى ھەرەمدىن چىقماستا سۈيدۈك يولىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، دەرھال تاھارەتخانىغا يۈگۈردۈم، ئۇشتۇمتۇت بىر مۆجىزە پەيدا بولدى، ئوپېراتسىيىخانىغا كىرمەستىن ھېلىقى يوغان تاش چىقىپ كەتتى!

ھەقىقەتەن بۇ تاشنىڭ ئوپېراتسىيىسىز چىقىپ كېتىشى د. فارۇق ئەنتەرنى ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈۋتۇپ، ئۇنى داۋالاۋاتقان دوختۇرلارنى ھەيران قالدۇردى.

## (11) يەر تەۋرەش ئاپىتى تەسىر كۆرسىتەلمىگەن مەسجىدلەر

### تۈركىيىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتى يىقىتالمىغان مەسجىد

1999 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۈركىيە ـ ئىستانبۇلغا 60 مىل كېلىدىغان گۆلچۈك يېزىسىدا يەر تەۋرىگەن ۋە ئەتراپتىكى بىنالار ۋەيران بولغان. ئەمما بۇ يەردىكى مەسجىتكە ھېچ قانداق زەخمە يەتمىگەن.






## ھىندونوزىيەدە يەر تەۋرەش ۋە ۋە دېڭىز شاۋقۇنى يىقىتالمىغان مەسجىد

2004 ـ يىلى 26 ـ دېكابىر كۈنى ھىندونوزىيەدە شىددەتلىك يەر تەۋرەش ۋە سۇ ئاپىتى پەيدا بولۇپ، 150 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئۆلۈپ كەتكەن. ئەمما مەسجىدلەرگە ھېچ قانداق زىيان يەتمىگەن.









## (12) غەيرى مۇسۇلمان ئائىلىدىكى مۆجىزە

تانزانىيىدە كاتولىك دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ئاتا ـ ئانىدىن دۇنياغا كەلگەن شەرىپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىدى.

چۈنكى ئۇ تۆت ئايلىق بولغاندا تۇنجى قېتىم قىلغان سۆزى «ئاللاھۇ ئەكبەر!» بولدى. ئالتە ئايلىق بولغاندا ئەزاننى كەم ـ كۈتىسىز توغرا ئوقىغان ئىدى.

بۇ كۈنلەردە سېنىگالنىڭ پايتەختى داكاردا ۋە ئافرىقىدىكى ھەرخىل دۆلەتلەردە دىنىي تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شەرىپ ئۈچۈن ، «بۇ ھادىسىنى غەلىتىلىك ھېس

قىلمايلى، چۈنكى ئاللاھنىڭ بۈيۈكلىگى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەر قىيامەتكىچە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ» دېيىلمەكتە.





ئۇت ئايلىق بولغاندا قىلغان ئۇنجى ئىشىلىق گېپى« ئاللاھۇ ئەكبەر » بولىدۇ . ئىككى ئاي ئۆتۈپ ،كەم ـ كۆتىسىز ھالدا ئىزان ئوقۇدى ...

شەرىف تانزانىيىلىك بەش ياشلىق بالا. بۇ كۈنلەردە ئۇ ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن سىرت ئەرەپچە، ئىنگلىزچە ۋە فرانسۇزچە سۆزلىيەلەيدۇ.

بۇ جەلىپ قىلارلىق خەۋەر لوندوندا ئەرەپ تىلىدا نەشر قىلىنغان «ئەل ـ مەجەللە»(ئائىلە تەبابىتى) ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن پۈتكۈل دۇنيادىكى نەشر ـ ئەپكارلارنى زىلزىلىگە كەلتۈرىۋەتتى.

شەرىف :

**1) خەلققە دىننى تەشۋىق قىلماقتا.**

بۇ ئاجايىپ بالا شەرىف قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئىنسانلارغا نەسىھەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلىتىپ ئىسلامغا دەۋەت قىلماقتا. سورىغان سوئاللارغا بەرگەن جاۋاپلىرى بىلەن خەلقنىڭ دىققىتى ۋە ھەۋىسىنى قوزغىماقتا. تاغىسى بىلەن بىرلىكتە كەلگەن سېنىگالنىڭ پايتەختى داكاردىكى كاتتا مەسچىتتە 15 مىڭ كىشىگە دىننى تەشۋىق قىلدى.

**2 ـ ئۈچ خىل چەتئەل تىلىنى بىلىدۇ.**

بەش ياشلىق شەرىف ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەپچە، ئىنگلىزچە ۋە فرانسۇزچىنى بىلىدۇ. شەرىفنىڭ مەشھۇر فرانسۇز خەۋەر ئاگېنتى سىگمانىڭ مۇخبىرى بىلەن فرانسۇزچە سۆزلەشكەنلىگى بىلدۈرۈلمەكتە. ئۇ لىبىيە، بېنىن ۋە سېنىگالنى زىيارەت قىلىپ ئىنسانلارغا ئىسلامنى چۈشەندۈرمەكتە.

شەرىق. خەۋەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك «ئەل - مەجەللە»(ئائىلە تەبابىتى) ناملىق ژۇرنالنىڭ قاھىرەلىك مۇخبىرى فاراج ئىسمائىل، ئەزھەر ئۇنىۋېر- ستىتىنىڭ ئاقائىد دەرسىنى ئوقۇتۇش گورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى پروفېسسور دوكتۇر مۇھەممەد ئابدۇل مۇئمىن ئەل بەررى بىلەن كۆرۈشتى. ئەل بەررى مۇنداق دېدى: «ئىسلامدا ئىلىم تەھسىلى بىلىملىك كىشىلەر بىلەن قىلىنىدۇ. چۈنكى دىن بىرگە نەسىلدىن - نەسىلگە كەڭ دائىرىلىك سۆزلەش يولى بىلەن يېتىپ كەلگەن. قۇرئانى كەرىمنى ياخشى قىرائەت ئالىملىرىدىن ئۆگىنىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلامنىڭ ئەمرلىرىگە خىلاپ ۋە ئىپتىدائىي بولغان بىر نەرسە سۆزلەنمىگەن ۋاقىتقىچە مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ ھېچ قانداق توسالغۇسى يوق. بىزگە تەرجىمە قىلىنغان ۋە بۇ مەزمۇندا سۆزلەنگەن نەرسىلەر توغرا بولسا بەك غەلىتىلىك ھېس قىلمايلى. چۈنكى ئاللاھنىڭ بۈيۈكلىگى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەرنىڭ كۆرۈلىشى قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ.» **(ئابدۇللاھ يالچىن خەۋىرى)**

تۈركىيە «ئاقىت» گېزىتىنىڭ 1999-يىلى 26-ئىيۇن سانىدىن تەرجىمە قىلىندى

## (13) قۇرئانى كەرىمنىڭ تەلىماتلىرى بىلەن مۇسۇلمان بولغانلار

### فرانسىيىنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر دوختۇرى مورىس بوكايىنىڭ مۇسۇلمان بولىشى



سەئۇدى ئەرەبىستاندا چىقىدىغان «ئەل نەدۋە» ژۇرنىلىنىڭ 2011-يىلى 9-ئايلىق سانىدا فرانسىيىنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر دوختۇرى مورىس بوكايىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى توغرىسىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ يېزىلغان: «مورىس بوكاي 20-ئەسىردە دۇنياغا تونۇلغان فرانسىيىلىك مەشھۇر ئوپېراتسىيە دوختۇرىدۇر.»

1980-يىللىرى فرانسىيە ھۆكۈمىتى مىسىر ھۆكۈمىتىدىن پىرئەۋننىڭ جەسىتىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن فرانسىيىگە ئەۋەتىپ بېرىشىنى سورايدۇ. مىسىر ھۆكۈمىتى بۇ تەلەپنى مۇۋاپىق كۆرۈپ پىرئەۋننىڭ جەسىتىنى فرانسىيىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. فرانسىيە رەئىسى ۋە مىنىستىرلىرى پىرئەۋننىڭ جەسىتىنى پارىژ ئايرودرومىدا خۇددى تىرىك بىر پادىشاھنى كۈتىۋالغاندەك چوڭ تەنتەنە بىلەن قىزغىن كۈتىۋالىدۇ. جەسەتنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ مەسئۇلى پروفېسسور دوكتۇر مورىس بوكاي ئىدى.

مورىس بوكايىنىڭ تەتقىق قىلماقچى بولغىنى باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. چۈنكى ئۇ پىرئەۋننىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى بىلمەكچى ئىدى. شۇ كۈنى

ئاخشىمى تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىققان بولۇپ، پىرئەۋننىڭ جەسىتىدە تۇزنىڭ قالدۇقلىرى بايقالغان ۋە ئۇنىڭ چوقۇم دېڭىزدا غەرق بولۇپ ئۆلگەنلىكى ئىسپاتلانغان ئىدى. لېكىن مورىس بوكاي جاۋاب تاپالمىغان بىر مەسىلە بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، بۇ جەسەت مۇمىيالانمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مۇمىيالانمىغان جەسەتنىڭ 3000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى باشقا مۇمىيالانغان جەسەتلەردىنمۇ ساق تۇرغانلىقى ئىدى. شۇ ئارىدا نۆۋەتتىكى تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا قاتناشقانلاردىن بىرى مورىس بوكاينىڭ قاتتىق ئويغا چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قۇلىغىغا «مۇسۇلمانلار پىرئەۋننىڭ دېڭىزدا غەرق بولۇپ ئۆلگەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىدۇ» دەيدۇ. ئەمما مورىس بوكاي بۇ خەۋەرنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىدۇ ۋە مۇنداق بىر كەشپىياتنىڭ پەقەت ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلغان ئىلىم-پەن سايىسىدىلا ئەمەلگە ئاشالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا يەنە بىرى ئۇنىڭغا «مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئانىدا پىرئەۋننىڭ سۇدا غەرق بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ سالامەت ساقلاپ قېلىنغانلىقى سۆزلىنىدۇ» دېگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پىكىر-خىيالى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ ۋە ئۆز-ئۆزىدىن سوراشقا باشلايدۇ.

بۇ جەسەت ئەمدىلا تېخى مۇندىن بىر ئەسىر ئىلگىرىلا 1898-يىلى بايقالغان تۇرسا، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئانى بۇ ۋەقەنى مۇندىن 13 ئەسىردىن بېرى سۆزلەۋاتقان تۇرسا، بۇ قانداق گەپ؟ ئەرەپلەرلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت مىسىردا پىرئەۋنلەرنىڭ جەسەتلىرىنىڭ مۇمىيالىنىپ ساقلىنىدىغانلىقىنى، پەقەت بىر قانچە ئون يىللار ئىلگىرى بىلگەن تۇرسا، مۇسۇلمانلار پىرئەۋننىڭ جەسىتىنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلدى؟

مورىس بوكاي شۇ كۈنى پىرئەۋننىڭ جەسىتىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بىر كېچە خىيال سۈرىدۇ. ئىنجىلدىكى پىرئەۋن ھەققىدىكى تېكىستلەرنى خىيالىغا كەلتۈرىدۇ. ئەمما ئىنجىلدا پىرئەۋننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى قوغلاش جەريانىدا دېڭىزدا غەرق بولۇپ ئۆلگەنلىكى سۆزلەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ جەسىتى ھەققىدە ھېچ قانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن ئىدى.

ھەمراھلىرىدىن تەۋراتنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ ئۇنىڭدىن ئىزدىنىشكە باشلىغان مورىس بوكاي تەۋراتنىڭ «چىقىش» بۆلۈمىدە: «سۇ ئەسلىگە قايتتى، پىرئەۋن بىلەن جىمى ئەسكەرلىرى سۇدا غەرق بولۇپ تۈگەشتى، ئۇلاردىن بىرمۇ ئادەم ھايات قالمىدى» دېگەن تېكىستتىن باشقىسىنى تاپالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنىلا پىرئەۋننىڭ جەسىتى ھەققىدە توغرا ۋە تولۇق مەلۇماتقا ئېرىشەلمەيدۇ. پىرئەۋننىڭ جەسىتىنىڭ سالامەت ساقلىنىپ قالغانلىقىدىكى سىر مورىس بوكاينىڭ كاللىسىدا يېشىلمىگەن سىر ياكى ئايغى چىقمىغان تېپىشماق بولۇپ قالىدۇ.

بۇ ۋەقەدىن بىر قانچە يىل كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستاندا چاقىرىلغان تېببىي تەتقى-قات قۇرۇلتىيىغا مورىس بوكايمۇ تەكلىپ قىلىنىدۇ. مورىس بوكاي دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمان ئالىملىرى توپلانغان بۇ قۇرۇلتايدىن پايدىلىنىپ، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىدىغان سۆزىنىڭ ئەۋۋەلى پىرئەۋننىڭ جەسىتى ھەققىدە بولىدۇ. مۇسۇلمان ئالىملىرىدىن بىرى ھېچقانداق تەكەللۇپ قىلماستىن دەرھال ئۇنىڭغا قۇرئانى كەرىمنى

ئىچىپ: «سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى قۇتقۇزىمىز (يەنى سېنىڭ جەسىتىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز)» دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بېرىدۇ. ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئاڭلىغان مورىس بوكاي بىردىنلا ئۆزگىرىدۇ ۋە قۇرۇلتاي ئىشتىراكچىلىرى ئالدىدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «مەن ھازىردىن باشلاپ ئىسلام دىنىغا كىردىم، بۇ قۇرئانغا ئىمان ئېيتتىم» دەيدۇ.

مورىس بوكاي فرانسىيىگە باشقا بىر يۈز بىلەن قايتىپ بارىدۇ ۋە ۋاقتىنىڭ كۆپرەكىنى ئىلمىي تەتقىقاتلارغا، بولۇپمۇ يەھۇدىي، خرىستىئان ۋە ئىسلام دىنلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات ئىشلىرىغا بېغىشلايدۇ. بىر قانچە يىللىق ئىزچىل ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە «تەۋرات، ئىنجىل، قۇرئان ۋە ئىلىم» ناملىق دۇنيادا مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى نەشرى بىر قانچە كۈن ئىچىدە تۈگەپ كېتىدۇ ۋە قايتا بېسىشقا تەلەپ كۆپ بولىدۇ. ئىككىنچى نەشرى بىر قانچە يۈزمىڭ نۇسخا بولۇپ بېسىپ تارقىتىلىدۇ ۋە ئىنگلىز، ئەرەب، نېمىس، ھىندونېزىيە، ئۇردۇ، پارس، تۈرك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلىدۇ. ئارقىدىن دۇنيادىكى نوپۇزلۇق تىللاردىن 17 تىلغا تەرجىمە قىلىنىدۇ. مورىس بوكاي 1998-يىلى 18-فېۋرال كۈنى پارىژدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

## ئەنگلىيىلىك ئالىم ئاسىر ئېلىيسوننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

ئەنگلىيىلىك ئالىم، پروفېسسور ئاسىر ئېلىيسون لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىق بۆلۈمىنىڭ رەئىسى بولۇپ، ئۇ 1985-يىلى قاھىرىدە قۇرئانى كەرىمنىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىرى توغرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىسلام تىببى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن ۋە بۇ قۇرۇلتايدا يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ دىققىتىگە سۇنۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىممەتلىك تەتقىقاتىنى بىرگە ئېلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ بۇ قېتىم سۆزلىمەكچى بولغان لېكسىيىسى ئاساسەن قۇرئانى كەرىم نۇرىدا نەپسىي-روھانىي كېسەللەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قۇرئانى كەرىمدە بايان قىلىنغان ئايەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۇيقا بىلەن ئۆلۈمنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت ئېدى. ئۇ ئايەت بولسا «زۇمەر» سۈرىسى 42-ئايىتىدۇر: **« ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغلىرىدا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ، ئۆلمىگەنلەرنىڭ جانلىرىنى ئۇخلىغان چاغلىرىدا ئالىدۇ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان (يەنى ئەجىلى يەتكەنلەر) نىڭ جانلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغانلارنىڭ جانلىرىنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى يەتكۈچە (قويۇپ بېرىدۇ، بۇنىڭدا پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىـ-ـدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار.»**

ھەيران قالارلىق ئىش شۇكى، ئۇ ۋاقىتتا پروفېسسور ئاسىر ئېلىيسون ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ تۇيغۇلىرى پەقەت ئىسلام دىنىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، جەمئىيەت-شەخسلەرنىڭ ھايات يۆلىنىشىدىكى ئاساسى يېتەكچىسى بولغان بىر دىن

ئىكەنلىكىدىن ھەيران قېلىشى ئىدى.

ئۇ لېكسىيىسىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن قۇرئۇلتاينىڭ تەرتىپى بويىچە باشقىلارنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىرى توغرىسىدىكى نۇتۇقلىرىنى تىڭشاشقا باشلىدى.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىرى توغرىسىدىكى نۇتۇقلارنى ئاڭلىغانسىرى ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقى بىر دىن ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىسى كۈچەيدى، ھەر-بىر سۆزنى ئاڭلىغان ۋاقتىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم-مەرىپەت ۋە ئەقىل-پاراسەتنىڭ بۇلىقىدىن ئىبارەت بىر دىن ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتى.

ئۇ ھەقىقەتەن قۇرئانى كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردە تولۇپ تۇرغان چەكسىز ھەقىقەتلەرنى كۆردى، ئۇ ھەقىقەتلەر كائىنات ۋە بۇ چەكسىز كائىناتتىكى مەخلۇقاتلار توغرىسىدا سۆزلەنگەن، ئىلىم-مەرىپەتلەر بۇ توغرىدىكى ھەقىقەتلەرنى كۈچلاندۇرغان. ئۇ شۇنى بىلدىكى، بۇ ئىشلارنىڭ بىر ئىنسان تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن 1400 يىل بۇرۇن ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن ھەقىقەتلىرى، ئۇ كىشىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى-پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى كۈچلاندۇرىدۇ.

ئۇستاز ئېلىيسۇن دۇنيادا ھاياتلىقنىڭ يۆلىنىشى بولغان تۈزۈم-پرىنسىپ ۋە ئەقىدە مەسىلىرىگە ئوخشاش ئۆزى ئىسلامدىن مۇھىم دەپ قارىغان بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئۆزى بىلەن بىرگە قۇرئۇلتايغا قاتنىشىۋاتقان ئالىملاردىن سوراپ چۈشۈنۈشكە باشلىدى، ھەتتا ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلىشتىن باشقا چارىسى قالمىدى.

قۇرئۇلتاي ئاخىرلاشقان كۈنى كەچتىكى يېپىلىش مۇراسىمى ئالدىدا پرفېسسور ئاسىر ئېلىيسۇن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇخبىرلار ۋە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تېلېۋىزور ئېكرانىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ھەممەيلەنگە ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانلارنىڭ تەبىئى قۇرۇلمىسىغا ئۇيغۇن بولغان ھەقىقى بىر دىن ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئاندىن ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «ئەشھەدۇئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ، ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» يەنى، ئاللاھنى بىر ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى ئېلان قىلدى.

شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەتراپىدە تۇرغان مۇسۇلمانلار خۇرسەنلىكتىن «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ تەكبىر ئېيتىشتى، بەزىلەر بۇ ئىمانى مەنزىرىدىن تەسىرلىنىپ كۆزلىرىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈشكە باشلىدى.

ئاندىن ئەنگىلىيلىك ئالىم ئاسىر ئېلىيسۇن ئۆزىگە ئابدۇللاھ ئېلىيسۇن دېگەن يېڭى ئىسمنى ئېلان قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن ھىكايىسىنى ئاڭلىتىشقا باشلىدى:

مەن ئۇزۇن مۇددەت ئەنگىلىيدىكى روھى ۋە نەپسى تەتقىقات جەمئىيتىنىڭ رەئىسى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا پسىخولوگىيە ئىلمى ۋە ئۇنىڭ ئارقا كۆرنىشى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ئىدىم. مەن دىنلارنى بىلىشنى

مەقسەت قىلدىم ۋە دىنلار توغرىسىدا دەرس كۆرۈشكە باشلىدىم. بولۇپمۇ ئەقدە مەسىلىلىرىگە ئالاھىدە ئېھتىمام بەردىم، بۇنىڭ ئىچىدىن ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئىنسان ئۆسۈپ يېتىلگەن تەبئى ئاڭغا ماسلىشىپ ماگىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم، ئەقىدىنىڭ كۆپ قىسمى ئەقىل بىلەن بىرگە تۇرىدىكەن. بۇنىڭدىن شۇ مەلۇم بولىدىكى، بۇ يەردە مۇشۇ مەۋجۇداتلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى تەرتىپلەپ ـ باشقۇرىدىغان بىرلا ئىلاھنىڭ بارلىقى ئىسپاتلاندى، بۇ ئىلمى ھەقىقەتلەرنى بۇنىڭدىن 14 ئەسىر ئىلگىرى قۇرئانى كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەر بايان قىلدى. ھازىرقى دەۋرىدىكى يېڭى ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىمۇ بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلىدى. بىز شۇنى تەكىتلەيمىزكى، بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ بىر ئىنسان تەرىپىدىن مەيدانغا كېلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

ئاندىن ئابدۇللاھ ئېلىيسۇن ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا سۆزلەپ ئۆتكەن لېكسىيە نۇتقىنىڭ:« ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغلىرىدا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ، ئۆلمىگەنلەرنىڭ جانلىرىنى ئۇخلىغان چاغلىرىدا ئالىدۇ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان (يەنى ئەجىلى يەتكەنلەر) نىڭ جانلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغانلارنىڭ جانلىرىنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى يەتكۈچە) قويۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار.» دېگەن ئايەت توغرىسىدا توختالدى. ئېلىيسۇن ئايەتتە زىكىر قىلىنغان ۋاپات تاپتۇرۇشتىن ئۆلۈم يەنى ئۇيقا مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. چۈنكى ھەقىقى ئۆلۈم بىلەن روھ قايتمايدۇ، ئەمما ئۇيقا بىلەن بولسا روھ قايتىدۇ. بۇ ئۇزۇن يىللىق باراسىكلوگىيە ۋە ئېلىنكېلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، مېڭىنىڭ ۋە قەلبىنىڭ شەكلىنى تەكشۈرۈش بىلەن ئىسپاتلاندى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئىنساننىڭ نەپسى توختىغاندا دوختۇر تەكشۈرۈپ، بۇ كىشىنى ئۆلۈپتۇ ياكى ئۆلمىگەندە ھوشىنى يوقىتىپتۇ ياكى ئۇيقىغا كېتىپتۇ دەپ ئېلان قىلىدۇ.

ئىلىم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇيقا بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئەمەلي كۆرۈنىشى ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، يەنى نەپەس ياكى روھ بەدەندىن چىقىپ كېتىپ ئۇيقۇلۇق ھالەتتە قايتىدىكەن، ئۆلگەن ۋاقىتتا قايتمايدىكەن.

ئاندىن ئابدۇللاھ ئېلىيسۇن ئىسلام دىنى ئىسپاتلىغان ئىلمى ھەقىقەتلەرنىڭ ئىسلام دەۋىتى يولىدىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ـ چارە ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ ئىلىم بىلەن ئەقلىنى دەلىل قىلىپ تونۇۋالىدىغانلار ئۈچۈن بەك مۇھىم ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

پروفېسسور ئابدۇللاھ پات پۇرسەتتە لوندوندا قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپ نۇرى ئاستىدا ئىسلام پسىخولوگىيە تەتقىقات ئىنىستىتۇتى قۇرىدىغانلىقىنى ۋە بۇ ئارقىلىق ئىسلامدىكى تىببى مۆجىزىلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئىسلام دىنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان غەرب دۇنياسىغا قۇرئانى كەرىم ھەقىقەتلىرىنى يەتكۈ ـ زۈشكە ۋەسىلە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇ يەنە ئىسلام نۇرى ئاستىدا ئىلمى تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ياردىمى بولىدىغان ئەرەپچە ـ ئىنگلىزچە چوڭ قاموسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىسلامى كىتاپخانا قۇرۇپ

چىقىشقا ۋەدە قىلدى.

## گوللاندىيىلىك ئالىم ئىسمائىل ۋېسلوْنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

نائىپ مۇنىر پارىسى«ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئالىملار ۋە مەشھۇر كىشىلەر» دېگەن كىتاۋىدا گوللاندىيىلىك ئىسلاھاتچى، تەتقىقاتچى، جەمئىيەتشۇناس ئالىم ئىسمائىل ۋېسلوْنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ھېكايە قىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

«مەن 1900 ـ يىلى پولشانىڭ كاركاۋ شەھرىدە يۇقىرى تەبىقىدىكى ئاق سۆڭەكلەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدىم. دادام ھېچ قانداق دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان مۇلھىد بولسىمۇ لېكىن پەرزەنتلىرىنىڭ رىمىلارنىڭ كاتولىك چىركاۋلىرىغا بېرىپ شۇ ۋاقىتتا پولشا خەلقى ئومۇمەن ئېتىقاد قىلىۋاتقان خىرىستىئان دىنىنى ئۆگىنىشىگە رۇخسەت قىلاتتى. مەن كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ ئانام ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىنى ئۆگەندىم ۋە قەلبىمدە دىنلارنى ھۆرمەت قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن ئۆسۈپ يېتىلدىم. ھەقىقەتەن مېنىڭ ئېتىقادىمدا دىن ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ھەر ـ بىر كىشىنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم بولغان بىر ئىلمىنىت دېگەن قاراش شەكىللەندى.

بىزنىڭ ئائىلىنىڭ يەنە بىر كۆرۈنىشى، دادام ياشلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ياۋروپانىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىگە كۆپ سەپەر قىلىدىغان كىشى بولۇپ، ئۇ دائىم بىزگە سەپەر جەريانىدىكى قورقۇنۇچلۇق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ قەلبىمىزدە دۇنيانى ئاچ كۆزلەر ئالىمى ئىكەن، دېگەن بىر تۇيغۇنى پەيدا قىلدى.

مېنىڭ پىكىر ـ قارىشىم پەن ـ مەدەنىيەت، دۆلەتچىلىك ياكى مىللەتچىلىك قارىشىدىكى ئىختىلاپلارنى قوبۇل قىلالمايتتى، بەلكى دائىم ھېس قىلىدىغىنىم، مېنىڭ ۋەتىنىمنىڭ ئۆزى ئۇ بىر ئالەمدۇر!

بىزنىڭ ئائىلىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۆچ كۆرۈش بىلەن چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىشنىڭ ئارىسىدىكى ئوتتۇرا ھاللىق روھىدىن ئىبارەتتۇر. گەرچە دادام ئاق سۆڭەكلەر ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىلەرنى تۆرگە ئايرىپ مۇئامىلە قىلىشنى ياقتۇرمايتتى، ھەر خىل شەكىلدىكى ئىستىبداد ۋە ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنى ئۆچ كۆرەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ، ئومۇمى پىرىنسىپنىڭ قارشىسىدىكى ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلەرگە ئىشەنمەيتتى. بەلكى ئۇ بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالغان تەقلىد ـ ئادەتلەرنى ئەڭ ياخشى بىر شەكىلدە تۈرغۇزۇپ، ئۇنى تەرەققى قىلدۇرۇشنى ھەممىدىن ئارتۇق بىلەتتى. ئۇ ئەمەلىيەتتە ئوتتۇراھال يول تۇتۇپ ھەرىكەت قىلىشقا ئىشەنچ قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۈلگىسى ئىدى.

مەن شۇنداق ئائىلىدە ئۆزۈمنىڭ پىكىر ـ قارىشىم بويىچە، جەمئىيەتشۇناسلىق دەر ـ سىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر شەكىلدە ئۆسۈپ يېتىلدىم. مەن ھاياتىمىزدا دائىم دۇچ كېلىپ تۇرىدىغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، پەن ـ مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئارىسىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان تۈرلۈك شەكىلدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشتا ئوتتۇراھال

يول تۇتۇپ ماگدىم. مەن دائىم مەسىلىنى ھەل قىلىشتا چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىشنىڭ كۆپىنچە ئىنسانلار تەبىئىتىگە زىت كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە پەقەتلا ئوتتۇراھال يول تۇتۇشنىڭ ئۆزىلا ئىنسانلارنى دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا قادىر بولالايدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ئىنتىزاملاشتۇرۇشنىڭ ئەركىنلىك تۈزۈمىگە مەركەزلىشىدىغانلىقىغا ياكى باشقا بىر شەكىلدە ئىپادىلىگەندە، ھەر-بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلغاندا ياخشى بىر شەكىلدە تەرتىپلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىمىز ۋە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى تەرەققى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

مەن بالاغەتكە يېتىپ ئون ئالتە ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا رۇملۇقلارنىڭ خىرىستىئان چېركاۋلىرىدىكى ئوخشىمايدىغان تۈرلۈك ئەقىدە-قاراشلاردىن كۆپ شەكلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. مېنىڭ شەك قىلىشىم ۋە شۈبھىلىنىشىم خاتا ئەمەس ئىدى. ۋۇجۇدۇمدىكى مۇقەددەس ئۈچ ئىلاھلىق ياكى ئىلاھقا يېقىنلىق قىلىنىدىغان قۇربانلىقنىڭ مەسىھنىڭ قېنى بىلەن گۆشىگە ئۆزۈلىشى قاتارلىق سەپسەتىلەرگە بولغان ئىشەنچ يوقالدى. شۇنداقلا پاپالارنىڭ ئىنسانلا بىلەن ئىلاھ ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىق قىلىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ خاتالىقلاردىن پاك ئىكەنلىكىگە ھەم پاپالارنىڭ چېركاۋلاردا داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان سېھىرلىك ھەرىكەتلىرى ۋە تەسىرلىك سۆزلىرىگىمۇ ئىشەنمەس بولدۇم.

شۇنىڭدىن كېيىن سەيىدەتە مەريەمگە ياكى مۇقەددەس پاك روھقا ياكى ھەيكەل-سۈرەت، ئاسارى-ئەتىقىلەرگە ئىبادەت قىلىش، چوقۇنۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر قەلبىمگە پەقەت سىغمىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئىلگىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن بارلىق دىنى ئىشلارنى ئىنكار قىلدىم ۋە دىندىن بولغان ھېچ قانداق بىر نەرسىگە ئىشەنمەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتىم.

مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئېلان قىلىندى. شۇ ۋاقىتتا قەلبىمدە يېڭىدىن يەنە دىنى تۇيغۇلار پەيدا بولدى، ئاللاھ تائالا مېنىڭ ئەقلىمنى نۇرلاندۇردى. شۇ ۋاقىتتا مەن ئىنسانلارنىڭ ھەر ۋاقىت ئەڭ ئالى بىر يېتەكچىگە ئېھتىياجلىق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم.

ئىنسان دۇنيادا يوق بولۇش ۋە ۋەيران بولۇشتىن قۇتۇلۇشنى مەقسەت قىلىدىكەن، ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان يېتەكچىدىن ئايرىلالمايدىكەن، بۇ يېتەكچىنى ئىزدىگەن كىشى بۇنى چوقۇم دىندىن تاپالايدىكەن.

لېكىن بىزنىڭ مۇشۇ دەۋرىمىزدە ياشىغان ئىنسانلار ھېچ قانداق بىر دىننىڭ بارلىق ئەقىدە،قاراش ۋە ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان ھەممە پائالىيەتلىرىگە تولۇق ئىشەنمەيدۇ، مۇپەككىرلەرنىڭ ئەقىللىرى بۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىدۇ. مەن شۇنى بىلىپ يەتتىمكى، ئىنسانلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يەككە ۋە ئىجتىمائىي ھايات يۈلۈنىشىنى ھەممە تەرەپتىن تولۇق تەرتىپلەش، ئىنتىزاملاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇكەممەل قانۇن-تۈزۈم تەقدىم قىلغان بىرلا دىن ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋە يېتەكلەشكە قادىر بولالايدۇ.

تۈرلۈك دىنلار توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ باردىم، بولۇپمۇ كۇۋەيكىرنىڭ ئەسلى ۋە

تارىخى، خرىستىيانلار، بەھائىيى ۋە بۇددىستلارنىڭ تەۋھىد قارىشى توغرىسىدا كۆپ ماتېرىياللارنى كۆرگەن بولساممۇ، ئۇلارنىڭ ھېچ بىرى مېنى قانائەتلەندۈرەلمىدى.

ئاخىرىدا ئىسلام دىنىنى تونۇپ يەتتىم، ئەنگلىيىلىك مۇسۇلمان ئىسمائىل كولىن ئېيپانىزنىڭ بىر قانچە پارچە بروشۇر كىتاۋىنى كۆرۈپ قالدىم، كىتاپنى ئېچىپ ئاللاھنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سالدىم، بۇ 1949 ـ يىلىدا بولغان ۋەقە ئېدى. كېيىن مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدىكى ئىسلامنى يەتكۈزۈش مەركىزىدىن يەنە بىرقانچە كىتاپلار كەلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە مەۋلانا مۇھەممەد ئەلىينىڭ بەزى كىتاپلىرى بار ئىكەن.

مېنىڭ كىچىكىمدىن ئۆسۈپ يېتىلگەن تەبىئىتىم ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ پىرىنسىپلىرىغا تامامەن مۇۋاپىق كېلىدىكەن، ئىسلام دىنىدىن ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تولۇق قانۇن ـ تۈزۈملەرنى تاپتىم.

ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرى ھەر دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىپ بىر تۈزۈم بولۇپ، بۇ جەمئىيەت ۋە شەخسلەرنى زېمىندا ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە شۇ ئارقىلىق نىجاتلىققا يېتەكلەشكە قادىر بولالايدىغان بىردىن ـ بىر قانۇن ـ تۈزۈمدۇر.

مېنىڭ ئالاھىدىلىگىم جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرى توغرىسىدا دەرسلىك ـ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بولۇپ، ئىسلام دىنى بېكىتكەن ئىجتىمائىي تۈزۈم مېنى بەك ھەيران قالدۇردى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىدىكى زاكات پىرىنسىپى، مىراس قانۇنى، ئەسلى مەبلەغدىن ئارتۇق بولغان جازانىنى چەكلەش، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشنى چەكلەش، ھەجنىڭ پەرھىز قىلىنىشى، بەلگىلەنگەن دائىرىدە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش قاتارلىق ئاساسى مەسىلەلەر كوممۇنىزىم بىلەن كاپىتالىزىم تۈزۈلمىسى ئوتتۇرىسىدىكى توغرا يولدا مېڭىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇنداقلا دۆلەتلەر ئارىسىدا پەيدا بولغان تالاش ـ تارتىشلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن ھەل قىلىش، مۇقىم بولغان ھەقىقىي تىنچلىقنى روياپقا چىقىرىشتۇر. ئىسلام دىنى يەنە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا گەرچە ئۇلارنىڭ جىنسى، مىللىتى، تىلى، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارغا بىر ـ بىرىگە ھەقىقىي كۆيۈنىدىغان قېرىنداشلىقنىڭ ئالى ئۈلگە ـ مىساللىرىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئىسلام شەرىئىتى توي قىلىش توغرىسىدا ئاساسى قانۇن بېكىتتى، بۇ ئاساس مۇتلەق ئىلىم ـ پەن ۋە ئەزالارنىڭ ھەرىكىتى بېكىتكەن نەرسىلەرگە ياكى جەمئىيەتتىكى ھەقىقەتلەرگە زىت كەلمەيدۇ.

ئىسلام دىنى بېكىتكەن بۇ ئاساسى قانۇن بىلەن ياۋروپا خەلقى ۋاپا قىلماستىن پەقەت شەكلى تەرەپتىن ئىشىنىپ كېلىۋاتقان بىر ئاياللىق بولۇش پىرىنسىپى ئارىسىدا زور پەرق بار.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئىسلام دىنىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىمنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن شۇنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلايمەنكى، ئاللاھ تائالانىڭ مېنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغانلىقىدىن ئىبارەت كاتتا پەزىلىتى ۋە يۈكسەك ئۇلۇغلىقىغا كۆپلەپ رەھمەت ـ تەشەككۈر ئېيتىمەن.

ئۇنىڭ مەشھۇر سۆزلىرىدىن:«ئىسلام دىنى بىكىتكەن ئىجتىمائىي تۈزۈم مېنى بەك ھەيران قالدۇردى، بولۇپمۇ زاكات بەلگىلىمىسى، مىراس قانۇنى،جازانىنى چەكلەش، ھەجنىڭ پەرھىز قىلىنىشى، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ بەلگىلىگەن سان بويىچە يولغا قويۇلىشى قاتارلىق پىرىنسىپلار بىلەن ياۋروپا خەلقى ۋاپا قىلماستىن پەقەت شەكلى تەرەپتىن ئىشىنىپ كېلىۋاتقان بىر ئائىللىق بولۇش پىرىنسىپى ئارىسىدا زور پەرق بار.

بۇ سۆزلەر ئۇستاز د .ئەھمەد شىبلىنىڭ «ئىسلام» دېگەن كىتاۋىنىڭ **299** ـ بېتىدىن ئېلىندى.

## ئەنگلىيىلىك ئالىم خالد شىلدرېكنىڭ مۇسۇلمان بولىشى

**1903** ـ يىلى ئەنگلىيىدىكى مەشھۇر ئالىملارنىڭ بىرى بولغان خالد شىلدرېك ئەدەبىياتتا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى روشەنلەشتۈرۈپ دىلىنى ئىسلامغا ئېچىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىغىنى ئېلان قىلدى. ئۇ بۇ نەتىجىلەرنى ئۆز شەھرىدە ھېچ قانداق بىر مۇسۇلمان بىلەن ئۇچراشماستىن پەقەت ساماۋى ۋە غەيرى ساماۋى دىنلار توغرىسىدا ئۇزۇن مۇددەت دەرسلىك تۈزۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ھاسىل قىلدى، ھەم ئىسمىنى خالد دەپ ئاتىدى.

ئەنگلىيىلىك شەرقشۇناس مۇسۇلمان ئالىم خالد شىلدرېك ئىسلام دىنىنىڭ قارشىسىدىكى دەۋالارنىڭ قانداق قىلىپ ئۆزىنى ھىدايەتكە باشلىغانلىغى ۋە نۇرلۇق ھەقىقەت يولىنى ئېچىپ بەرگەنلىگىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«مەن بۇ مۇقەددەس دىننى دەسلەپتە ئۆزىنىڭ مەنھەج ـ پرىنسىپى بولغان كىتاپلاردىن قوبۇل قىلمىدىم، ئەكسىچە بۇ دىننى تەنە قىلىپ، شەنىنى چۈشۈرۈپ يازغان كىتاپلاردىن قوبۇل قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن مەندە باشقا دىنلارنى ئۆگىنىش ۋە ئۇ توغرىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش تۈرتكىسى پەيدا بولدى، بۇددىزم، بەرھەمىيە ۋە باشقا دىنلار توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ باردىم ۋە بۇ دىنلاردىن دەرسلىك تەييارلىدىم. ئەنگلىيىدە تېپىلىدىغان كىتاپلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئىسلام دىنىدىن باشقا بارلىق دىنلار توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ باراتتى. مەن كۆرۈپ چىققان كىتاپنىڭ ھەممىسى خرىستىئان دىنىدىن ئۆزگەرتىلگەن توقۇلما ـ يالغان سۆزلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ گۇمانىدا ئىسلام دىنى مۇستەقىل ئايرىم بىر دىن بولماستىن بەلكى كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان، قاتتىق قول بىر دىن، دېگەن سەپسەتىلەر خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان.»

مەن ئۆزۈمگە سوئال قىلىپ مۇنداق دېدىم:« ئىسلام دىنىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيتى بولمىسا، نېمە ئۈچۈن بۇلار بۇ دىنغا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرىدۇ ۋە تەنە قىلىپ، بۇ دىنىنىڭ ئورنىنى چۈشۈرۈشكە ئۇرنىدۇ؟ مەن ھېچ قانداق شەك ـ شۈبھىسىز شۇنى كەسكىن بايان قىلىمەنكى، ئەگەر مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنى ئېلان قىلىشتا ھەققى ئۈلگە بولالىسا، پۈتۈن ئۇممەتكە ئىسلامنى ئاغزاكى ئەمەس بەلكى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن تونۇتسا، ئۇ ۋاقىتتا ئىسلام دىنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىدۇ ۋە ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق

قىلىدۇ.»

ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىدەك كۆڭلۈمگە بىر ئىش كەلدى. ئەگەر ئىسلام دىنىنى ئۇلار ھەممە تەرەپتىن ئەنسىرەيدىغان-قورقىدىغان دىن بولمىغان بولسا ۋە ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك چەكسىز ھاياتى كۈچ-قۇۋۋىتى بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇلار بۇ دىننى بۇ دەرىجىدە تەنە قىلمايتتى، ئۇرنىنى چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنمايتتى ۋە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھەددى-ھېسابسىز ئىقتىساد سەرپ قىلمايتتى. شۇ سەۋەپتىن مەن ئەنۋەر جۇندىينىڭ«ئىسلام دەۋىتى ئۈچۈن يېڭى ئويغىنىش» دېگەن كىتاۋىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقتىم، ھەقىقەتەن ئىسلام تەنقىتچىلەرنىڭ تەنقىدىدىن قورقمايدۇ، لېكىن تەنقىت قىلغۇچى بىلەن تەنە قىلغۇچى ئارىسىدا ۋە كۆزگە ئىلمىغۇچى بىلەن ئۆچ كۆرگۈچى ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بولىدۇ.

«ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغان ھەقىقى تەۋھىد ئەقىدىسى بولسا، ئۇ ئىنسانلار تارىخىدا تونۇلغان ئەڭ توغرا، ساغلام ئەقىدىدۇر. بۇ «تەۋھىدىل ئۇلۇھىيە» ۋە «تەۋھىدىل رۇبۇبىيە» يەنى ئاللاھنى ئىبادەتتە يەككە-يېگانە، بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش، شۇنداقلا پەرۋەردىگارلىق ئىشلىرىدا يالغۇز دەپ ئېتىقاد قىلىشتا ۋە پۈتۈن كائىناتنى ياراتقۇچى زاتنىڭ تولۇق سۈپەتلىرىنى ئېلان قىلىشتا كامالەتكە يەتكەن دىندۇر. ھەقىقەتەن ئىسلام دىنى تەنقىت قىلغۇچىلارنىڭ تەنقىدىدىن قورقمايدۇ، ئەگەر بۇ پەردە قىلىچ-نەيزىلەر بىلەن تارقالغان بىر دىن بولغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇ ئىسلام دىنى بولماستىن بەلكى باشقا بىر دىندۇر»

## قانۇنشۇناس دوكتۇر پاندۇبېيك(مۇھەممەد مەھدىي)نىڭ مۇسۇلمان بولىشى

قانۇنشۇناس دوكتۇر پاندۇبېيك خەلقئارا ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ، مۇنداق دەيدۇ:«مەن ھەقىقەتەن قۇرئانى كەرىمنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن توقۇلغان بولماستىن بەلكى تەڭداشسىز بىر كىتاپ ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم، ئۇ شەخسلەر ۋە جەمئىيەتنىڭ ھاياتلىق يۆلىنىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ساماۋى پرىنسىپ بولغان بىر كىتاپتۇر، ئۇنىڭدا ھەممە نەرسىنىڭ ئاچقۇچى بار. ئىنساننىڭ شەخسى يۆلىنىشتىن باشلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ ھەممىسى تولۇق رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي پرىنسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇ ھەقىقەتلەرنى ھەقىقى تاپقانلىقىمنى تەكىتلەيمەن ۋە بۇنى يەنىمۇ زىيادە قىلىش ئۈچۈن دائىم قۇرئان ئوقۇيمەن.»

«ئىسلامنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بولغان دەرىسلىكىمنى داۋاملاشتۇردۇم. ھەقىقەتەن قۇرئانى كەرىمنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن توقۇلماستىن بەلكى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەككە-يېگانە تەڭداشسىز بىر كىتاپ ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەندىم، ئۇ ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمنى ھەمدە باشقا بارلىق سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل بىر كىتاپتۇر.»

ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:«مەن تولۇق ئىشەنچ بىلەن شۇنى تەكىتلەيمەنكى، مەن قۇرئانى كەرىمنى ئوقۇش ئارقىلىق ئاشۇ ھەقىقەتلەرنى بىلدىم، ھەر-بىر ئايەتتە ئىنساننىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن بولمايدىغان تولۇق -مۇكەممەل پىكىر-قاراشلارنى تاپتىم، شۇ سەۋەپتىن ئۆزۈمنىڭ كۈندىلىك ھاياتلىق يۈلىنىشىمدە قۇرئانى كەرىمدىن بىر ئايەت ئوقۇپ، ئۇنى ئويلىنىش-تەپەككۇر قىلىشنى ئادەت قىلدىم، ھەر ۋاقىت ئەقلىمنى تۈرلۈك شەك-شۈبھىلەردىن خالى قىلغان ۋاقتىمدا، ھەقىقەتەن مۇشۇ قۇرئانى كەرىمنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى بىلىدىغان ئەڭ ئالى بولغان يۈكسەك بىر زات تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن كىتاپ ئىكەنلىكىگە بولغان تۇيغۇلىرىم كۈچىيىدۇ. ئۇ ئىنسانغا خىتاپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئىنسان راۋۇرۇس بولغاندا ئۇنى ھاياتنىڭ توغرا يۈلىنىشىگە يېتەكلەيدۇ.»

## شۋىتسارىيىلىك ئالىم يوھان لودپىيل برۆكھاراتنىڭ مۇسۇلمان بولىشى

يوھان لودپىيل برۆكھارت 1784-يىلى شۋىتسارىيىنىڭ لوزان شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. گېرمانىيىدە خىمىيە كەسپىدە ئوقۇپ ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، 1806-يىلىدا ئەنگلىيىگە كېلىپ، ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتىدا تىبابەت ۋە ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەر بويىچە بىلىم ئاشۇرغان.

ئۇ بۇ بىلىملەرنىڭ ئەسلى مەنبەئى بولغان ئەرەپ تىلىنى ناھايىتى ياخشى كۆردى ۋە تىرىشىپ ئۆگەندى. شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان بۇ مىللەتنىڭ-خەلقىنىڭ تارىخي ئىش-ئىزلىرىدىن بەك ھەيران قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە ئەرەپ تىلىنى مۇكەممەل ئۆگىنىش ۋە ئۇلار ياشاۋاتقان دۆلەت-رايونلارغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، تۇرمۇش ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقىنى ئەمەلىي دەرىسلىك قىلىش ئارقىلىق چۈشىنىشكە بولغان چوڭقۇر بىر رىغبەت پەيدا بولدى.

ئەرەپ تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن سۇرىيىنىڭ ھەلەب شەھرىگە كېلىپ ئوقۇدى ۋە ئەرەپ تىلىنى پۇختا ئىگىلىدى، شۇ ئارقىلىق قۇرئانى كەرىمنى دەرىسلىك قىلدى، ئىسلام دىنى دەۋەت قىلىۋاتقان پرىنسىپ-تەلىماتلارنى بىلدى، بولۇپمۇ ئۇ قۇرئانى كەرىمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىلىملەرنى تولۇق ئىگىلەپ، مەنىلىرىنى چۈشەنگەندە ئۇنىڭ ھەيرانلىقى يەنىمۇ ئاشتى.

1809-يىلى تەتقىقاتچى بۈيۈك ئالىم يوھان برۆكھارت ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىش، دەرىسلىك قىلىش ۋە ئەمەلىي ۋەقەلىكنى كۆرۈش ئارقىلىق، ئىسلام دىنىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئىنساننىڭ تەبىئىتى، تۇرمۇشىغا مۇۋاپىق شەكىلدە مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى ۋە ئۆزىنى "ئىبراھىم ئەل مەھدى بىن ئابدۇللاھ" دېگەن يېڭى ئىسىم بىلەن ئاتىدى.

1814-يىلى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بېكىتكەن پەرھىز-ۋاجىپلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش يەنى ئىسلامدىكى ئاخىرقى كاتتا ئىبادەت ۋە بەش ئاساسنىڭ بىرى بولغان

ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مۇقەددەس زېمىن مەككە مۇكەررەمىگە كەلدى ۋە بۇ يەردە ئۈچ ئايدىن ئارتۇق تۇردى.

ئاندىن مۇسۇلمانلار بىلەن ھەممە تەرەپتە ھەم-نەپەس بولۇپ بىرگە ياشاش مەقسىتى بىلەن مىسىر ئەرەپ جۇمھۇرىيەتىگە كەلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق سەپەرلىرىدە كۆپلىگەن ئىلمى ھەقىقەتلەرنى توپلىدى، نۇرغۇن خەتەرلىك ئىشلارنى بېشىدىن كەچۇردى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ سەۋىرچانلىقى ۋە يۈكسەك شجائىتى ــ باتۇرلىقى بىلەن بۇنىڭدىن غالىپ كېلىپ ئەتراپتىكىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى.

ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن زېمىندا ، يەنى مىسىردا بىرقانچە يىل ياشىدى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆلۈم پەرىشتىسى مۇشۇ زېمىندا ئامانەتنى ئالغىلى كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1917-يىلى مىسىردا ۋاپات بولدى . ئۇنىڭ تاپشۇرىقىغا بىنائەن جەسىدىمۇ شۇ يەرگە دەپنە قىلىندى. (يەنى ئۇنىڭ جەسدى ۋەسىيتى بويىچە، مىسىردا بابۇن نەسر دېگەن جايغا يېقىن بىر يەرگە دەپنە قىلىندى، ئۇنىڭ قەبرىسىگە:«بۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى تەرىپىگە يۈزلەنگەن مەرھۇم شەيخ ھاجى ئىبراھىم ئەل مەھدى بىن ئابدۇللاھ بىرۇكھارت ئەل لوزانىينىڭ قەبرىسى . ئۇ كىشى ھىجرىيىنىڭ 1199-يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10-كۈنى دۇنياغا كۆز ئاچقان، 1232-يىلى زىل ھەججە ئېيىنىڭ 16-كۈنى مىسىر شەھرىدە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە يۆتكەلدى» ،دەپ يېزىلغان ئىدى.)

ئۇ كۆپ قېتىملىق سەپەر قىلىش جەريانىدا ئەمەلىي كۆرگەن ۋە توپلىغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ «شام شەھرىگە سەپەر»، «ئەرەپ يېرىم ئارىلىغا سەپەر» ۋە «ئەرەپ كۆرۈنۈشىنىڭ توپلانمىسى» قاتارلىق كىتاپلىرى بار.

ئۇنىڭ ئىسلام جەمئىيىتىدە ياشاپ قىلغان سۆزلىرى ۋە مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنكى تەسىراتلىرىدىن:«ھەقىقەتەن ساغلام-ساپ بولغان ئىسلام جەمئىيتى ــ مېھرى-مۇھەببەت، ئۆز-ئارا كۆيۈنۈش، ياردەملىشىش ۋە سەممى بولغان بىر جەمئىيەت بولۇپ، بۇنداق جەمئىيەتنىڭ سايىسىدا مۇھتاجلىق ياكى باشقىلارنى ئۆچ كۆرۈش ياكى ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ئورنى بويىچە باشقىلارنى چەتكە قېقىش قاتارلىق ئاتالغۇلار بىلىنمەيدۇ . بۇ جەمئىيەتتە پېقىرلار، ئاجىزلار، مىسكىنلەر بايلار ۋە كۈچلۈكلەرنىڭ غەمخورلىقى، ھېسداشلىقى ۋە خەير-ئېھسانىدىن ئۆز نېسىۋىسىنى تاپىدۇ، ياردەم بېرىشكە قادىر بولغانلار كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ، بايلار ئۆزلىرىنى ئۇلاردىن يۇقىرى تۇتۇپ، چوڭچىلىق قىلمايدۇ، بۇنداق جەمئىيەتتە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي پەرقلەر يوقىلىدۇ، ئەمما ياۋروپا جەمئىيتى دوچ كېلىۋاتقان نەپسى كۈرەشلەر كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاقە ۋە يېقىنچىلىقلا ئالاھىدە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ ۋە كىشىلەرنى ئەڭ خە-تەرلىك بىر يۆلۈنۈشكە ئېتتىرىۋاتىدۇ.»

## ئەنگلىيىلىك پروفېسسور جون مۇنرۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

جون مۇنرۇ لىۋاننىڭ پايتەختى بېيرۇت شەھىرىدىكى ئامېرىكا ئۇنىۋېرستىنىڭ ئىنگىلىز ئەدەبىياتى توغرىسىدا دەرس بېرىدىغان ئالى دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇ دۇنياغا داڭلىق بولغان جەنۇبى كارولىنا ، لوندون ۋە  تورونتو ئۇنىۋېرستىلىرىدىمۇ دەرس بەرگەن.

ئۇ ئۆزى دەرس ئۆتكەندە  سۆزلىگەن نۇقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابلاردىن ئون بەشنى يازغان، ئۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا شەرق رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ئالاقىدار تۈرلۈك ماۋزۇدا بىر قانچە كىتاپ يازغان.

ئۇ ئاخىرقى قېتىم «ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى ئىسلام ۋە تىجارەت» دېگەن ماۋزۇدىكى مەشھۇر كىتاۋىنى يازغان.

ئۇ بېيرۇتتىكى ئامېرىكا ئۇنىۋېرستىنىڭ ئىنگىلىز ئەدەبىياتى پاكۇلتىتىنىڭ رەئىسلىك خىزمىتىنى ئۆتەش مۇناسىۋىتى بىلەن لىۋاندا 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ياشىدى. بۇ جەرياندا مۇسۇلمانلارنىڭ تەبىئىتى، ئەدەپ ـ ئەخلاقى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تونۇپ يەتتى. لىۋانغا كەلگەندە ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدىكى بەزى خاتالىقلار ئاشكارا بولدى. بولۇپمۇ غەرب دۆلەتلىرىدە كەڭ تارقالغان، ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان توقۇلما، بۆھتان ۋە يالغان سۆزلەر ئۇنىڭ خىيالىنى ئىگىلىۋالغان ئىدى. بۇنىڭ مىساللىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدە: «مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ مۇقەددەس ئۆرۈش ئىسلام ئەقىدىسىگە ئىشەنمەيدىغان ھەرقانداق كىشىنى دۈشمەن تۇتۇشتىن ئىبارەت»، دېگەن قاراش بار ئىدى. لېكىن ئۇ ئىسلام تارىخىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن شۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتتىكى،ئىسلام ئەقىدىسى كەڭ قورساق بولۇشنى ئاساس قىلىدىغان، ئۆز ئەقىدىسىنى باشقىلارغا مەجبۇرى تېڭىشنى ياقتۇرمايدىغان دىن ئىكەن.

ئۇ 20 يىل مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە ياشاش جەريانىدا بۇ ھەقىقەت ئەمەلىي ئىسپاتلاندى. ئۇ بۇ ھەقىقەتنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ:«مەن ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەنمەن، چۈنكى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە ياشاش پۇرستى ماڭا كۆپ دەرسلىك ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى بىلدۈردى، بۇنى بىلىش ئۇنىۋېرستىتىكى دەرس بىلەن ئەمەس بەلكى، ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ھەقىقى تەبىئىتىنى ئىنگىلىز تىلى ئارقىلىق باشقىلارغا يورۇتۇپ بېرىشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىۋالغان بىر بۆلەك كىشىلەر بىلەن دوستلۇق ئالاقىسى ئورنىتىش ئارقىلىق ھاسىل بولدى. ئۇنىڭدىن سىرت، مەن قولۇمدا بار بولغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىقتىم، شۇنداقلا بىرگە خىزمەت قىلىدىغان بەزى كەسپداشلىرىم بىلەن غەرپ دۆلەتلىرىدە جېدەل قوزغىغان بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇنازىرە ئېلىپ باردىم. شۇ ئارقىلىق ئىسلام ھەقىقىتىنىڭ تەبىئىتىنى تولۇق چۈشەندىم. ھەقىقەتەن ئىسلام كۆپلىگەن غەرپلىكلەرنىڭ قارىشى بويىچە پەقەت دەرس قىلىپ بىلىش زۆرۈر بولغان بىر تۈزۈلمە بولماستىن بەلكى، ھەربىكەتچان بىر ئەقىدە، ھايات يۆنىلىشىدىكى پىروگرامما ۋە يېتەكچىدۇر، مەنمۇ دەسلەپتە پەقەت دەرسلىك قىلىشقىلا كۆڭۈل بۆلگەن ئىكەنمەن. ئەمما ھازىر مەن ئىسلام دىنىنى بارلىق ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىم

بىلەن ئۇلۇغلايمەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن مېھرى ـ مۇھەببەت ھاسىل قىلىمەن........».

ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھاياتىغا بولغان تەسىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئورتاق تەجرىبىلىرىم مېنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك كەڭ قورساق ۋە ئەپۇچان قىلدى، شۇنداقلا بۇ تەجرىبىلەر ئۆتكەن ۋاقىتلاردىن بېرى ئەتراپىمنى ئوراپ تۇرغان نۇرغۇن ئىشلارنى بىلدۈردى. ئۇنىڭدىن سىرت، ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىنى تولۇق چۈشەندىم، ئەمما غەربلىكلەر ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىنى بۇنىڭ ئەكسىچە چۈشىنەتتى. يەنى مۇسۇلمانلار ئاياللارنى ئەڭ تۆۋەن ۋە ئېتىبارسىز دەپ قارايدۇ دېگەن خاتا چۈشەنچىدە ئىدى. ھەقىقەت شۇنى ئاشكارىلىدىكى، ئاياللار ئىسلام تۈزۈمىدە ئۆزلىرى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بارلىق ھەق ـ ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلاردىن تولۇق بەھرىمان بولالايدىكەن، بۇنىڭغا قۇرئانى كەرىمدە مۇشۇ نۇقتى ـ نەزەرنى بېكىتكەن بىرقانچە سۈرە يېتەرلىك ئىسپات بولىدۇ.

ئاخىردا مېنىڭ ئىسلامدىن ئۆگەنگەن مۇھىم دەرسلىرىمنىڭ بىرى، ئىسلامنىڭ ئىنساننى ئۆزىنىڭ تاقىتى يەتمەيدىغان، ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولمايدىغان قىيىن ئىشلارغا بۇيرىمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بولدى. گەرچە ئىنسان ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئەقىل ـ پاراستى، كەشپىياتلىرى ۋە باشقا سۈپەتلىرى بىلەن بارلىق جانلىقلاردىن ئالاھىدە پەرقلەنسىمۇ لېكىن ئۇ ھەممە ئىشقا قادىر بولالمايدۇ. لېكىن ئۇ ئۆز تاقىتىنىڭ سىرتىدىكى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە بويسۇنۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلەلەيدۇ، شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان غۇدۇراش ئىنساننى مەغلۇبىيەت، ئۈمىدسىزلىك ۋە ئارامسىزلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ مۇشۇ كائىناتتىكى ھەقىقىي ئورنىنى بىلگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭدا تىنچ ـ خاتىرجەملىك ئومۇملىشىدۇ، ئۆزىدىن ۋە ئەتراپىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن راھەت ھېس قىلىدۇ».

ئۇ سۆزىنى تەكرارلاپ : ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىش پەقەت دەرسلىك قىلىش بىلەنلا بولماستىن بەلكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىلىشىپ بىرگە ياشاش ئارقىلىق بولىدۇ، ياۋروپالىقلار مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە ياشاپ باقمىغاندىن كېيىن، ئىسلامنى پەقەت پىكرى تەرەپتىن چۈشىنىش باسقۇچىغا ئىگە، ئۇلار بۇنىڭغا ئاكادېمىيە يولى ئارقىلىق يېتەلەيدۇ، شۇ سەۋەپتىن بۇ ئارقىلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان غەرب ئالىملىرىنىڭ كۆپچىلىكىنى ئۇلارنىڭ خىزمەتداشلىرى تەرتىپسىز دەپ قارايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكى ياۋروپالىقلار ئىسلام دىنىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەقىدە ـ پرىنسىپلىرىنى چۈشەنمەستىن بۇنى پەقەت شۇنداقلا سىڭىپ كىرگەن بىر دىن دەپ قارايدۇ.

جون مۇنرۇنىڭ قارىشىدا، ئىنسان ئىسلامنىڭ پەۋقۇلئاددە يۈكسەك بولغان توغرا پرىنسىپلىرىنى چۈشەنگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ قەلبىدە ئىسلامى مېھرى ـ مۇھەببەت شەكىللىنىدۇ ۋە ئىسلامنى تارقىتىش تۇيغۇسى ھەرىكەتلىنىدۇ.

### ۋېنگېرىيىلىك مەشھۇر ئالىم ئابدۇكەرىم گېرمانۇسنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

ھاجى ئابدۇكەرىم گېرمانۇس ۋېنگىرىيىلىك شەرقشۇناس ئالىم بولۇپ، ئۇنىڭ نام ـ

شۆھرىتى دۇنياغا تونۇلغان ئىدى. ئۇ بۇداپېشت شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئەرەپ، يۇنان، لاتىن، ئىنگلىز، فرانسۇز، ئىتالىيان ۋە ۋېنگرىيان، پارس ۋە ئوردۇ تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. تۈركىي ۋە ئەرەپ تىللىرىنى فامبىرىي ۋە غول زەھىير قاتارلىق ئۇستازلاردىن ئۆگەنگەن بولۇپ، شەرقنىڭ ئىسلام تەلىماتىنىمۇ ئۇلاردىن ئالغان. بۇ ئۇستازلىرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن 1905 ـ يىلى ئىستانبۇل ۋە ۋېنا ئۇنىۋېرسىتلىرىدا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان. 1906 ـ يىلى نېمىس تىلىدا «ئوسمانىيە ئەدىپلىرى» ۋە «17 ـ ئەسىردىكى تۈركلەر تارىخى» دېگەن كىتاپنى يېزىپ، كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. مەلۇم ۋاقىت لوندوندا تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ دەرسلىگىنىڭ داۋامىنى ئەنگلىيە موزىيخانىسىدا تولۇقلىغان.

ئۇ 1912 ـ يىلى بۇداپېشتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ يەردە ئەرەپ، تۈركىي ۋە فارس تىللىرىدىن، شەرقنىڭ ئالى مەكتەپلىرىدە ئىسلام تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا دەرس بېرىدىغان ئۇستاز قىلىپ تەيىنلەنگەن. كېيىن ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتىنىڭ شەرقشۇناسلىق قىسمىدا ۋە 1948 ـ يىلى بۇداپېشت ئۇنىۋېرسىتىنىڭ ئەرەپ تىلى پاكۇلتىتىدا بۆلۈم باشلىقى ۋە ئۇستاز بولغان.

ئۇ 1965 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر ئەرەپ تىلى، ئىسلام مەدەنىيەت تارىخى، ئۆتكەنكى ۋە ھازىرقى دەۋرىدىكى ئەرەپ ئەدەبىياتى توغرىسىدا دەرس ئۆتكەن.

ئۇ كىشىنى تاگور ھىندىستانغا كېلىپ ئىسلام تارىخى توغرىسىدا دەرس ئۆتۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. ئۇ دېھلى ۋە لاھۇردىكى ئۇنىۋېرسىتلاردا شۇنداقلا 1929 ـ يىلدىن 1932 ـ يىلغىچە ھەيدەر ئاباد ئۇنىۋېرسىتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇ ھىندىستانغا كېلىپ دېھلىدىكى چوڭ مەسچىتتە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان. جامائەتكە جۇمە خۇتبىسى سۆزلىگەن ۋە ئىسمىنى < ئابدۇكەرىم> دەپ ئۆزگەرتكەن. ئىسلام دەرسلىكلىرىنى پۇختا ئىگىلەش ئۈچۈن قاھىرەگە كېلىپ ئەزھەرنىڭ شەيخلىرىدىن بىلىپ ئالغان، ئاندىن ھەج قىلىش مەقسىتى بىلەن مەككە ـ مۇكەررەمىگە كەلگەن، مەدىنە ـ مۇنەۋۋەرە شەھرىگە كېلىپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ رەۋزىلىرىنى زىيارەت قىلغان.

ئۇ ھەج قىلىش جەريانىدا «ئاللاھۇ ئەكبەر»، يەنى «ئاللاھ بۈيۈكتۇر» دېگەن كىتاپنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاپ 1940 ـ يىللىرى بىرقانچە تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلغان. 1939 ـ يىلدىن 1941 ـ يىلغىچە قاھىرە ۋە ئەرەبىستان قاتارلىق جايلاردا ئىلمى خىزمەت ۋە تەھرىرلىك بىلەن شۇغۇللانغان، خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى 1952 ـ ۋە 1954 ـ يىللىرى مەشھۇر ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

1955 ـ يىلى باھار پەسلىدە ۋېنگرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىۋى بىلەن قاھىرە، ئالېكساندىر ۋە دەمەشق شەھەرلىرىدە ھازىرقى دەۋرىدىكى ئەرەپ پىكرى ۋە ۋېنگرىيە ئەدەبىياتىنىڭ كۆرۈنىشى توغرىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەرەپ تىلىدىكى ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشقاچ بىر قانچە ئاي يازلىق تەتىل قىلغان. شۇ يىلى قىش پەسلىدە ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ مۇشۇ ئەسىردىكى ئەدىپلەر توغرىسىدىكى يېڭى كىتاۋىنىڭ مەنبەسىنى تولۇقلاشقا باشلىغان. ئۇ كىتاپنىڭ بەزى بۆلەكلىرى بېسىلغان. ئۇنىڭدا مۇشۇ

ئەسىردىكى يازغۇچىلارنىڭ ۋەقەلىكلىرى يېزىلغان ئىدى. ئۇ **1952**-يىلى ئىتالىيە ئاكادېمىيىسىگە ئەزالىققا تاللانغان، **1956**-يىلى قاھىرەدىكى ئەرەپ تىلى ئاكادېمىيىسىگە ماقالە يوللاشقا باشلىغان، **1962**-يىلى ئىراق ئىلمىي ئاكادېمىيىسىگە ئەزا بولغان.

د. ئابدۇكەرىم گېرمانۇس ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن ئىبارەت توغرا نىشانغا يېتىشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بالىغ بولۇش باسقۇچىدا تۇرىۋاتقان كۈنلەردىن مەلۇم بىر كۈنى ئەسىر ۋاقتى ئىدى، ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. مەن كونا بىر ژورنالنى ۋاراقلاپ ئۇنىڭدىكى سۈرەتلەرنى كۆرۈۋاتاتتىم، ژورنالدا ھازىرقى ۋەقەلەر خىيالى قىسسىلەرگە ئارلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئىدى، يەنە بەزى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان، مەن ئانچە دىققەت قىلماستىن ژورنالنى ۋاراقلاپ مەلۇم ۋاقىتنى ئۆتكۈزدۈم. ئۇشتۇمتۇت ئالاھىدە ئىشلەنگەن بىر تاختايغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭغا تازا دىققەت قىلدىم. بۇ ئۈستى تەكشى يېپىلغان، گۈمبەزلىرى ئايلىنىپ ئاسمانغا تۇتىشىپ تۇرىدىغان بىر ئۆيىنىڭ سۈرىتى ئىكەن. بۇ سۈرەت مېنىڭ خىيالىمنى ئىگىللىدى، قەلبىمدە تاختايدىكى زۇلمەتتىن غالىپ كەلگەن بۇ يورۇقلۇق ئاتا قىلغۇچى نۇرنى بىلىشكە بولغان كۈچلۈك بىر ئىشتىياقنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم... تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم، ئۇنىڭدىن كېيىن پارس ۋە ئەرەپ تىللىرىنى ئۆگەندىم، مەن بۇ خىل تىلنى پۇختا ئۆگىنىپ، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن ئىنسانلار جەمئىيىتىگە يورۇقلۇق بەخش ئەتكۈچى مۇشۇ نۇرنى تارقاتقان روھىي دۇنياغا چوڭقۇر چۆكۈشكە تىرىشتىم. شۇ يىلى يازلىق تەتىل مەزگىلىدە بوسنە-ھەرسەككە سەپەر قىلىش شەرىپىگە ئېرىشتىم. ئۇ شەرقتە بىزنىڭ دۆلىتىمىزگە ئەڭ يېقىن بىر دۆلەت ئىدى، مەن ئۇيەرگە كېلىپ مېھمانخانىغا چۈشۈپلا ئارامму ئالماستىن دەرھال سىرتقا چىقىپ بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىي ھاياتىنى كۆرۈشكە ئالدىرىدىم. بۇ مېنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشىم ھېساپلىناتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سەپەر قىلىش ۋە دەرسلىك بىلەن ھاياتلىقتا نۇرغۇن يىللار ئۆتتى، يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن كائىناتتىكى تۈرلۈك يېڭىلىق ۋە ئاجايىپ-غارايىپلارنى كۆرۈپ كۆزۈم ئېچىلدى.

مەن ئاللاھ ياراتقان كەڭرى ئالەمنىڭ كۆپ جايلىرىنى ئايلىنىپ، ئاسىيا ۋە سۈرىيە قاتارلىق جايلاردىكى نۇرغۇن گۈزەل ئاسارى-ئەتىقىلەرنى كۆرۈپ، تارىخى ۋەقەلىكلەرنى تىڭشاپ، نۇرغۇن تىللارنى ئۆگىنىپ، ئالىملارنىڭ تۈرلۈك كىتاپلىرىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىققان بولسامۇ لېكىن ئاشۇنىڭ ھەممىسى مېنىڭ مەنىۋىيىتىمدىكى چاڭقاشنى قاندۇرالمىدى.

ھىندىستانغا كەلگەن ۋاقتىمدا بىر كېچىسى مۇنداق چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ماڭا ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن: «نېمىگە ھەيران بولىسەن، ئالدىڭدا خۇددى يەر يۈزىدەك مۇستەقىم توغرا يول بار، سەن كۈچلۈك ئىمان ۋە تەۋەككۇل بىلەن بۇ يولدا ماڭغىن» دېدى.

شۇ ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنىدە ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاشكارا قىلغاندا، دېھلىدىكى چوڭ مەسچىتتە ئالاھىدە بىر ۋەقە

يۈزبەردى...

ھاجى ئابدۇكەرىم گېرمانۇس ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىياتقا تولغان مىنۇتلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «قىزغىنلىق بىلەن تەسىرلىنىش پۈتۈن مەسچىتنى ئورىۋالغان، مەن شۇ ۋاقىتتا نېمە بولغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ، مېنى قىزغىنلىق بىلەن قۇچاقلاپ كۆرۈشتى، نۇرغۇن كىشىلەر مەندىن ئېزنى سوراپ باشلىرىمغا سۆيۈشكە ئۇرۇندى، شۇ ۋاقىتتا مەن ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ماڭا تەلمۈرۈپ قاراۋاتقان مۇشۇ پاك كىشىلەردىن ئۆزۈمنى قىلچىلىك يۇقىرى ياكى ئۈستۈن كۆرمەيدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم، چۈنكى مەن پەقەت زېمىندىكى ھاشارەتلەردىن بىر ھاشارەت ياكى ھەقىقى يورۇقلۇق ئاتا قىلغۇچى نۇرنى ئىزدەپ ھەيرانلىقتا قالغۇچى، مەنمۇ باشقا زىيانكارلىقتا قالغان جانلىقلارغا ئوخشاش ھېچ قانداق ئارتۇق كۈچ-قۇۋۋىتى بولمىغان بىر مەخلۇق. مەن ئاشۇ پاك كىشىلەرنىڭ مەندىن كۈتكەن ئارزۇ-ئارمانلىرىدىن كۆپ خىجىل بولدۇم، ئەتىسىدىن باشلاپ كىشىلەر توپ-توپ بولۇپ كېلىپ مېنى تەبرىكلەشكە باشلىدى، مەن ئۇلاردىن ھاياتىمدا يەتكۈدەك مېھرى-مۇھەببەت ۋە كۆيۈمچانلىقنى ئېرىشتىم.

**ئۇنىڭ ئەسەرلىرى:**

ئۇ بىرگە ئەدەبىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان تۈرلۈك ئىلمى ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. 1925-يىلى «تۈرك تىللىرى قائىدىسى»، 1931-يىلى «يېڭى تۈرك تىلى ئەدەبىياتى»، 1932-يىلى «ئىسلامدىكى يېڭى كۈچلەر»، 1940-يىلى «ئەرەپ يېرىم ئارىلى، سۈرىيە، ئىراقنى تېپىپ چىقىش ۋە ئۇ جايلارنى بېسىۋېلىش»، 1944-يىلى «ئەرەپ مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى»، 1954-يىلى «ئەرەپ تىلىنىڭ قوراشتۇرۇلىشى توغرىسىدىكى دەرسلىك»، 1956-يىلى «ئىبنى رۇمى»، 1958-يىلى «مۇپەككىرلەر ئارىسىدا»، 1961-يىلى «شەرق نۇرلىرى ۋە ئەرەپ شائىرلىرىدىن تاللانما»، 1964-يىلى «ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ماراكەش ئەدەبىياتى» دېگەن كىتاپلارنى، 1928-يىلى «تۈرك ئىنقىلاۋى ۋە ئەرەپ مىللەتچىلىكى» دېگەن ئەسەرنى يازدى. ئۇنىڭ «ھىجرەت ئەدەپلىرى»، «ئەرەپلەرنىڭ يۈتكىلىشى» ۋە «ئىبنى بەتتۇتە» دېگەن ئۈچ كىتاۋى ئەرەپ ئەدەبىيات تارىخى ھېسابلىنىدۇ.

## ئەنگلىيىلىك جەمئىيەت ئىسلاھاتچىسى ھۇسەيىن رۇپنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

ئامېرىكا، ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ تارقىلىشى مۇلاھىزە قىلىنىۋاتىدۇ. مۇشۇ دۆلەتلەردە ئىسلام دەۋىتىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئالىملار، جەمئىيەت ئىسلاھاتچىلىرى. ئۇلار دائىم جەمئىيەتتە مەزھەپ ۋە ئەقىدە قاراشلىرىغا دۇچ كەلگەچكە، بۇ توغرىدا تۈرلۈك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. بولۇپمۇ جەمئىيەتكە تەسىرى كۈچلۈك بولغان، شەخسلەر ۋە ئومۇمى جەمئىيەت دۇچ كەلگەن

قىينچىلىقلارنى ھەل قىلالايدىغان، دەرد ـ ئەلەملەرنى يېنىكلىتىدىغان ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق ـ پەزىلەتنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ئەقىدە، پىكىرلەر توغرىسىدا ئالاھىدە ئىزدەندى.

مۇشۇ تۈردىكى تەتقىقات، تەھلىل، سېلىشتۇرۇش ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ يۈكسەك نىشانى ئالاھىدە ئاشكارا بولدى، ئۇنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى ئەقىللىق كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، ساغلام قەلب ئىگىلىرى بۇنىڭغا يۈزلەندى.

ھۈسەيىن رۇپمۇ ئەنگلىيىدە كۆزگە كۆرۈنگەن جەمئىيەت ئىسلاھاتچىسى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئەقىدە، مەزھەپ ۋە دىنلارنى تەتقىق قىلىشقا قاتناشقان تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىنچىكە تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىشى نەتىجىسىدە ئىسلام دىنىنىڭ كاتتىلىقى، پرىنسىپى، نىشانلىرىنىڭ يۈكسەكلىكى، جەمئىيەت ـ شەخسلەر دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ ـ قۇدرىتى، تۈرلۈك مۇھىت، ھەر خىل مەدەنىيەت ۋە ئوخشىمىغان ئورۇنلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئالاھىدە ماسلىشىشچانلىقى ئاشكارا بولدى.

ئەلۋەتتە، ئېزىدىن مۇشۇ توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ئالدىراش، پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇنىڭغا دەۋەت قىلىش، ئالىي نىشان، توغرا پرىنسىپلىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ توقۇلما، باتىل، يالغانچىلىقلىرى ۋە تۆھمەتلىرىگە قارشى تۇرۇش كېرەك. ھۈسەيىن رۇپ دەسلەپتە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەقىدىسىنى دەرسلىك قىلىشقا باشلىدى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرى يەھۇدىي يەنە بىرى خرىستىئان ئىدى. كېيىن ئۇ ھىندىلارنىڭ ئەقىدىسى ۋە پەلسەپىلىرىنى دەرسلىك قىلىشقا يۈتكەلدى. بولۇپمۇ «يوبانىيشادۇ فىيدانتا»نىڭ قارىشىدىكى يېڭى تەلىماتلارغا بەك دىققەت قىلدى. كېيىن بۇددا دىنىنى دەرسلىك قىلىپ، ئۇنى يۇنانىنىڭ بەزى قەدىمقى قاراشلىرى بىلەن سېلىشتۇردى. شۇنداقلا بەزى يېڭى ئىجتىمائىي مەزھەپ ـ قاراشلارنى تەتقىق قىلدى. بولۇپمۇ روسسىيە پەيلاسوپى ل. تولستوينىڭ پىكرىدە ئالاھىدە توختالدى. ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، ھۈسەيىن رۇپ بەزى ئەرەپ دۆلەتلىرىدە تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىپ دەرسلىك قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈشى باشقا دىن ـ ئەقىدىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشىدىن خېلى كېيىن بولغان. ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىنى تونۇشى رودىئېل يازغان قۇرئانى كەرىمنىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇش ئارىسىدا بولغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭغا ئالاھىدە تەسىر قىلمىغان، چۈنكى بۇ تەرجىمە سەممىيلىك بىلەن قىلىنمىغان، ئويدۇرمىلاردىن خالىي بولمىغان ئىدى.

دىن دۈشمەنلىرى خەلقنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى جەۋھىرىنى تونۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ مەلۇم غەرەزلەر ياكى جاھىللىقتىن قۇرئانى كەرىمنىڭ يۈكسەكلىكىنى چۈشۈرۈپ ئۇنى تۈرلۈك تىللارغا تەرجىمە قىلىپ تارقاتقان.

ھۈسەيىن رۇپ يۇقىرى سەۋىيىلىك بىر ئىسلام دەۋەتچىسى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ كىشى پۈتۈن ئىخلاسى ۋە قىزغىنلىقى بىلەن كىشىلەرگە دىنىنى يەتكۈزەتتى. ئۇ كىشى ھۈسەيىن رۇپقا دىنىنىڭ بەزى ھەقىقەتلىرىنى تونۇشتۇردى. مۇسۇلمان ئالىملىرىدىن بىرى تەرجىمە قىلغان قۇرئانى كەرىمنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىدىن بىرنى ۋە ئىنگلىز تىلىدا ئىپادىلەش قېيىن بولغان ھەقىقى مەنىلەرنى ئەقلى ـ مەنتىقى ئاساسىدا ئۇچۇق،

چۈشۈنۈشلۈك چۈشەندۈرگەن تەپسىردىن بىرنى سوغا قىلدى. شۇنداقلا ئۆتكۈر ھۆججەت، كۈچلۈك دەلىللەر بىلەن مۇجەسسەملەشكەن بەزى ئىسلامى كىتاپلارنى بىلدۈردى. بۇنىڭ ھەممىسى ھۇسەيىن رۇپ ئۈچۈن ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىدىن دەسلەپكى پىكىر شەكىللەندۈرۈش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەردى ۋە غەرەزسىز ھالدا بايان قىلىنغان ئىلمى مەنبەلەر ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ ئالى نىشانى ۋە بۈيۈك پرىنسىپىنى يەنىمۇ كۆپرەك چۈشىنىشكە بولغان رىغبىتىنى ئاشۇردى. ئۇنىڭ بەزى مۇسۇلمان جامائەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈچەيدى، ئىسلامنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى ۋە ئەخلاق-پەزىلەتلىرىدىكى تەسىرىنى كۆپ دەرسلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىسلامنىڭ كاتتىلىقى توغرىسىدىكى دەسلەپكى قارىشى كۈچەيدى ۋە تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئىمان ئېيتتى.

ئەمدى ئۇنى مۇشۇ توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولغان تەجرىبە-ساۋاقلارغا ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالايلى:

- «1945-يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ھېيت نامىزىغا قاتنىششقا چاقىرىلدىم، نامازدىن كېيىن تاماق تارتىلدى، مۇشۇ مۇبارەك بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بۇ يەرگە تۈرلۈك سەۋەپلەر بىلەن كېلىپ نامازغا توپلاشقان كىشىلەرنى كۆردۈم، ئۇلار رەڭگى، ئىرقى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى پەرقلىق بولغان كىشىلەر ئىدى. بۇ جايدا تۈركىيىنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشتۇم، ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن ئىشچىلار تۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكە باشلىدى، بۇ سورۇندا بايلار ۋە يوقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ چرايىدىن كەمبەغەللەر ۋە تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىدىغان، كەمسىتىدىغان ھالەتلەر ياكى ياسالما باراۋەرلىك ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئاق تەنلىك كىشى ئۆزى بىلەن بىللە ئولتۇرغان قارا تەنلىك كىشى بىلەن دوستلارچە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، ئۇلارنى ئايرىۋېتىدىغان ھېچ قانداق ئىجتىمائىي پەرق يوق ئىدى، شۇنداقلا ئۇلار ئارىسىدا پەردە ئارقىسىغا يوشۇرۇلغان ياسالما باراۋەرلىك ۋە ئايرىمچىلىق تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر ئالامەتمۇ كۆرۈنمەيتتى»،

«ئىسلام تۈزۈمىدەك ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تەپسىلى بايان قىلىپ بېرىدىغان ھېچ بىر تۈزۈم يوق ئىدى، مەن دۇنيادا تونۇلغان نۇرغۇن دىنلارنى دەرسلىك قىلىپ، تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭ ھېچ بىرىگە قانائەت قىلمىغان، ئەمما كۆپ ئويلىنىپ، پىكىر قىلىپ ئۆزۈمنىڭ ھەممىدىن توغرا بولغان مۇشۇ ئىسلام دىنىغا ئىشىنىش يولىنى تاللىغانلىقىمنى كۆردۈم».

ھۇسەيىن رۇپ ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىش سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

- «مەن يوقىرىدا ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى سۆزلەپ ئۆتكەن بولساممۇ، بۇ مېنىڭ مۇشۇ دىنىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئىززەتلىنىشىم، پەخىرلىنىشىمنى مۇتلەق بايان قىلىش بىلەن كۇپايە قىلمايدۇ، ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى ۋە تەجرىبىلىرىمنىڭ كۆپىيىشى بىلەن مېنىڭ بۇ تۇيغۇلىرىممۇ زىيادىلەشتى. مەن ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېدا ئىسلام مەدەنىيىتىنى دەرسلىك قىلدىم، تارىخى ۋەقەلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق تۇنجى قېتىم تولۇق

ئىشەنچ بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ياۋروپانى قاراڭغۇ ـ زۇلمەت، جاھالەتتىن تارتىپ چىقارغانلىقىنى تەكىتلىدىم، نۇرغۇن ئىمپىرىيەلەرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى، يېڭى ئىلىملەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئىسلام ئالىملىرى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغانلىقىنى بىلدىم..... بەزى كىشىلەر يېنىمغا كېلىپ ماڭا: «مەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش بىلەن قالاقلىق يولىدا ماڭغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن»، دېدى. مەن ئۇلارنىڭ جاھىللىقى، تەرەققىيات بىلەن نەتىجىلەرنىڭ ئارىسىنى ئارىلاشتۇرىۋەتكەنلىكىگە قاراپ مەنسىتمەسلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدۇم».

كېيىن ئۇ سوئال قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: « بىرەر ئالىم ئۇچۇن سىرتقى ئەھۋاللار سەۋەبىدىن يەتكەن ئاجىزلىقىغا قاراپ ئىسلامغا ھۆكۈم قىلىشى توغرىمۇ؟ مۇشۇ كۈنلىرىمىزدە قەۋەتلىك ئىمارەتنىڭ بىر تەرىپىدە ئۆچۈرۈۋېتىلگەن ماركا سەۋەبىدىن، ياۋروپانىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە تۇرۇپ كاتتا ئىلىم ـ پەننىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈۋېتىش توغرىمۇ؟ شۇنىڭ ئۆزى كۆپايە قىلىدۇكى، ئەقىللىق كىشىلەر ھەر دەۋرىدىكى بارلىق تەرەققىياتنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن بولغانلىقىغا قارايدۇ، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ نۇرغۇن ئېسىللىكلىرى تېخىچە ئېچىلمىغان بولۇپ، غەرب دۆلەتلىرى ھازىرغىچە بۇنىڭغا يېتەلمىدى».

ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقىقى ئەخلاق ـ پەزىلىتى، سېخىلىقىنى، ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى پەرقلىق بولغان بارلىق قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ:

ـ «دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كۆپ دۆلەتلەرگە سەپەر قىلدىم، ھەرقانداق بىر جايدا غېرىپ ـ يات كىشىلەرنىڭ قانداق كۈتۈۋېلىنىدىغانلىقى، قانداق مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەندىن كېيىن ئېرىشىدىغان پايدا ـ مەنپەئەت قاتارلىقلارنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم، غېرىپ ـ يات كىشىلەرگە بەدەلسىز كۆيۈنىدىغان، ئىززەت ـ ئىكرام قولىنى سۇنىدىغان كىشىلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ غەيرىدىن تاپالمىدىم...».

## مەشھۇر دوختۇر دوكتۇر ئەلى سالمان بىنۋانىڭ مۇسۇلمان بولىشى

مەن تىببى دوكتۇر، فرانسىيەدە خرىستىئان ئائىلىسىدە ئۆسۈپ يېتىلدىم، مېنىڭ دوختۇرلۇق كەسپىنى تاللىشىم قەلبىمنىڭ ئىلمى تەتقىقاتقا بولغان مايىللىقىدىن بولدى، بۇ كەسىپ مېنى روھى تەرەپتىن كۆپ لاياقەتسىز قىلىپ قويمىدى.

بۇ مېنىڭ ھېچ قانداق بىر ئىلاھنى مەۋجۇد دەپ ئېتىقاد قىلمايدىغانلىقىمنى بىلدۈرمەيدۇ. مەن پەقەت ئومۇمەن خرىستىئانلارنىڭ دىني بايراملىرىنى بولۇپمۇ كاتولىك ئېقىمىدىكىلەرنىڭ مۇراسىملىرىنى مەقسەت قىلىمەن، قەلبىمدە ئىلاھنىڭ مەۋجۇتلىقىنى بىلدۈرىدىغان ھېس ـ تۇيغۇلارنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن. شۇنداقتىمۇ مېنىڭ تەبىئىي تۇيغۇلىرىم مېنىڭ بىر ئاللاھقا ئىشىنىشىم بىلەن ئۈچلۈك ئەقىدىسىگە ئىشىنىشىمنىڭ ئارىسىنى شۇنىڭدەك مەسىھ ئىسانى ئىلاھ دەپ چوقۇنىدىغان ئەقىدىنىمۇ توسۇپ تۇراتتى.

مەن ئىسلام دىنىنى تونۇپ، چۈشۈنۈپ مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇنمۇ شاھادەت كەلىمىسىنىڭ بىرىنچى قىسمى بولغان (لا ئىلاھە ئىللەللاھ) دېگەنگە، يەنى «ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق» دېگەن سۆزگە ۋە قۇرئانى كەرىمدىكى «ئىخلاس سۈرىسى» دېگەن ئايەتكە ئىشىنەتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن غەيب ئالىمگە ۋە ماددىلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىشىنىش مېنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدىغان كىشىلەردىن قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا سەۋەپلەرمۇ مېنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىمنى تېزلەتتى، ئۇنىڭ مىساللىرىدىن: مەن خرىستىئان پوپلارنىڭ دەۋىتىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ۋاكالىتەن بەندىلەرنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىشىغىمۇ قۇلاق سالمايتتىم، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ مەسىھ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ جەسىتىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئىلاھى تاماق ۋە مۇقەددەس نانلىرىغىمۇ ئىشەنمەيتتىم. ئاۋالقى ئەسىردە مۆمىن بولغانلارغا سىمۋول قىلىنغان توتۇمي بايرىمىمۇ بۇنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى، ئۇلار ئۈچۈن مۇقەددەس پارۇللار قىلىنغان، ئۇلارغا يېقىنلىشىش چەكلەنگەن، ئاندىن بۇ مۇقەددەس جەسەتنىڭ روھي سۇغۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنى يالماشقا باشلايدۇ!!!

مەن بىلەن خرىستىئانلار ئارىسىنى يىراقلاشتۇرىدىغان يەنە بىر ئىش: خرىستىئان تەلىماتلىرى بەدەننىڭ تازىلىقى ۋە پاكىزلىقىغا ئالاقىدار بولغان بىرەر نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، بولۇپمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نامازدىن ئىلگىرى قىلىدىغان پاكىزلىقىغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، بۇ ئىش ماڭا خۇددى پەرۋەردىگارنىڭ ھۆرمىتىنى ئاياق-ئاستى قىلغانلىقىنى خىيال قىلدۇرىدۇ، چۈنكى پەرۋەردىگار بىزنىڭ روھىمىزنى ياراتقاندەك جەسەدىمىزنىمۇ ياراتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن بەدەننىڭ تازىلىقىغا سەل قارىماسلىق كېرەك.

مۇلاھىزە قىلىپ باقساق، خرىستىئانلار پسىخولوگىيە تەرەپتىن ئىنسانىي ئارزۇلار توغرىسىدا ھېچ نەرسە دېمىگەن بىر دىن بولسا، ئىسلام دىنى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن بىردىن-بىر دىن ھېسابلىنىدۇ.

مېنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىمگە تۈرتكە بولغان ئاساسلىق ئامىل قۇرئانى كەرىمدىن ئىبارەت. مەن مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى قۇرئانى كەرىمنى دەرسلىك قىلىپ ئۆگىنىشكە باشلىغان ئىدىم. مەن مالىك ئىبنى نەبى يازغان «قۇرئانى كەرىمنىڭ تاشقى كۆرۈنىشى» دېگەن كىتاۋىنى كۆپ ئوقۇيتتىم، ئاخىرىدا مەن قۇرئانى كەرىمنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ئىلاھى ۋەھيىدىن ئىبارەت مۇقەددەس كىتاپ ئىكەنلىكىگە قانائەت ھاسىل قىلدىم.

ئاللاھۇ تەئالا تەرىپىدىن 14 ئەسىر ئىلگىرى ۋەھيي قىلىنغان مۇقەددەس قۇرئانى كەرىم ئىچىدىكى بەزى ئايەتلەر ھازىرقى يېڭى ئەسىردىكى ئىلمى تەرەققىياتلار جەريانىدا كەشىپ قىلىنغان نەزەرىيىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىكەن.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ شاھادەت كەلىمىسىنىڭ ئىككىنچى تارمىقى بولغان «مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ»(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى) دېگەن سۆزگە قانائەت قىلىشىم ۋە ئىشىنىشىمگە كۆپايە قىلىدۇ.

مەن 1953 ـ يىلى 20 ـ فېۋرالدا فرانسىيىدىكى چوڭ مەسچىتكە بېرىپ ئۆزۈمنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى ئېلان قىلىپ ئىمان كەلىمىسىنى ئوقۇدۇم. فرانسىيىدىكى بۇ مەسچىتنىڭ باش مۇپتىسى مېنى مۇسۇلمانلارنىڭ تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ، «ئەلى سالمان» دېگەن يېڭى ئىسىم بىلەن مۇبارەكلىدى.

مەن يېڭى دىنىمنىڭ ساپ ئەقىدىسىدە تولۇق خۇرسەنلىكنى ھېس قىلىۋاتىمەن، مەن يەنە بىر قېتىم «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ»، يەنى «ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەن سۆزنى ئېلان قىلدىم.

## مۇسۇلمان بولغان خرىستىئان پوپ

مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنكى ئىسمى يۈسۈپ ئەستەس (Yusuf Estes) بولغان ئامېرىكىلىق تەقۋادار خرىستىئان پوپ ئۆزىنىڭ نېمىشقا ئىسلامنى تاللىغانلىقى ھەققىدىكى كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

ـ «مېنىڭ دادام تەقۋادار خرىستىئان ئىدى. مەنمۇ شۇنداقتىم. بىزنىڭ دوكانلىرىمىز بار ئىدى. دائىم چىركاۋلاردا باشقىلارغا ياردەم قىلاتتۇق. بىر كۈنى دادام ماڭا مىسىرلىق بىرى بىلەن تىجارەت قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى. مەن «ئەمدى خەلقئارالىق تىجارەت قىلىدىغان بوپتۇق» دەپ خۇشال بولدۇم. بىراق ئۇ كىشىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، «ئۇنداق كىشىلەر بىلەن تىجارەت قىلمايمەن!» دېدىم. مۇسۇلمان دېگەندە «ئەرەبىستاندىكى بىر قارا تاشقا ئىبادەت قىلىدىغانلار، تېرورچىلار، تەڭرىنىڭ دۈشمىنى كاپىرلار» دەپ بىلەتتىم. چۈنكى، تېلېۋىزورلاردىن بىز مۇشۇنداق تەربىيە ئالغانىدۇق. دادام: «بۇ مىسىرلىق ياخشى ئادەم، بىر كۆرۈشكىن» دەپ تۇرىۋالدى. مەن كۆڭلۈمدە «مەيلى، كۆرۈشسەممۇ كۆرۈشەي، بۇ مۇسۇلماننى خرىستىئان دىنىغا كىرگۈزۈپ ئادەم قىلاي» دەپ ئويلىدىم ۋە يەكشەنبە كۈنى كۆرۈشمەكچى بولدۇق.

ئۇ كۈنى ئەتىگەندە بىر قولۇمدا ئىنجىلنى ئېلىپ دىندار خرىستىئان ئايالىم بىلەن بىللە چىركاۋغا باردىم. قىززىق يېرى شۇكى، ئۇ كۈنى چىركاۋدا پاپا «كونا ئەھدە» (تەۋرات)تىكى داۋۇدنىڭ نىجاتلىققا ئېرىششى ھەققىدە تەبلىغ قىلىۋاتقان ئىكەن. بۇلارنى ئاڭلاپ بىر ئاز قايمۇقۇپ قالدىم. چۈنكى ھازىرقى خرىستىئان دىنىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە ئىنسانلارنىڭ نىجاتلىققا ئېرىششى ئەيسا مەسىھكە ئىمان ئېيتىشقا باغلىق ئىدى. ئەمما نېمىشقا بۇ پاپا ئەيسادىن ئىلگىرىمۇ نىجاتلىقنىڭ (قۇتۇلۇشنىڭ) بولغانلىقىنى سۆزلەيدۇ؟ ئاجايىپ ئىش.

چىركاۋدىن چىقىپ دادامنىڭ يېنىغا باردىم. مىسىرلىق ئەرەپ بىلەن بۇ يەردە كۆرۈشمەكچى ئىدىم. خىيالىمدا ئاپپاق يەكتەك كەيگەن ھۆمەينىگە ئوخشاش بىرسى بىلەن كۆرۈشەرمەنمىكىن دەپ ئويلىغان، ئەمما قارىسام، بۇ مىسىرلىق ئىنتايىن ئادەتتىكىچە، نورمال بىر ئادەم ئىكەن. سىلىق ـ سىپايە سالاملىشىپ كۆرۈشتۇق. ئۇنىڭدىن سورىدىم:

- تەگرىگە ئىشىنەمسىز؟
- شۇنداق، ئىشىنىمەن.
- مۇسانىڭ تەگرىسىگە ئىشىنەمسىز؟
- ھەئە، ئىشىنىمەن.
- ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭكىگىچۇ؟
- ئىشىنىمەن.
- داۋۇد بىلەن سۇلايمانىنىڭكىگىچۇ؟
- شۇنداق، ئىشىنىمەن.

بۇ مىسىرلىقنىڭ بۇلارغا ئىشىنىدىغانلىقى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. بەلكىم ئاغزىدا شۇنداق دەپ قويغاندۇ، دەپ ئويلىدىم.

- ئەيسا مەسىھكە ئىشىنەمسىز؟ - دەپ سورىدىم.

- ھەئە، ئىشىنىمەن. - دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئىلگىرى مۇسۇلمانلارنى ھىندى دىنى مۇخلىسلىرىغا ئوخشىتاتتىم. بۇ مىسىرلىق ئادەم ئىنجىلدىكى بەزى مەزمۇنلارغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتقىنىدا بۇ مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلارغا بىر ئاز ئوخشايدىكەن، دەپ ئويلىدىم. ئەمدى بۇ ئادەمنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىش (يەنى مۇسۇلماننى خرىستىئان قىلىش) ئاسان بولىدىغان بولدى، دەپ خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىشقا قوشۇلدۇم.

ئۇنى بىللە چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدىم. چايدىن كېيىنلا ئۇنىڭغا ئىنجىلدىن دەرس ئۆتۈشكە باشلىدىم. قولۇمدىكى ئىنجىلدىكى «ئاللەنىڭ يارىتىلىشى» بابىنى ئېچىپ:

- ئىبراھىم پەيغەمبەر ھەققىدە سۆزلىشەيلى. ئۇنىڭغا دائىر نېمىلەرنى بىلىسىز؟ ئىبراھىمنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى... - دەپ تەبلىغ قىلىشقا باشلىدىم. ئۇ جىمجىت ئولتۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ «ھەئە» دېگەچ ئاڭلايتتى.

رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە بۇ مىسىرلىقنىڭ بىر مەسجىدتە ئېتىكاپقا كىرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. دادامغا دېدىم:

- بۇ مىسىرلىق ئادەم بارغىلى - كەلگىلى يېرى يوق مەسجىدنى ماكان قىلىۋاپتۇ. ئۇنى بىزنىڭ ئۆيگە ئەكىلىۋالايلى.

- ياق، ئۇنىڭ پۇلى بار. بىز نەدە تۇرۇشقا ئارىلاشمايلى. - دەيتتى دادام.

ئادەتتە خرىستىئانلار ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالمىغۇچە چىركاۋنى ماكان تۇتمايدۇ. مەن دادامنى ۋە ئۇنى تەستە قايىل قىلىپ ئۆيگە ئەكىلىۋالدىم. بۇنداقتا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش پۇرسىتىمۇ كۆپ بولۇپ، خرىستىئان دىنىنى ئۇنىڭغا بىۋاستە ئۆگەتكىلى بولاتتى. بىز بىللە بېرىش-كېلىش قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە ئۇ بىزنىڭ دۇكاندا ماللىرىمىزنى سېتىشىپ بېرەتتى. بىر قېتىم، بىر خېرىدار پوكەينىڭ ئالدىدىكى مالنى ئالماقچى بولۇۋىدى، ئۇ ئارقىدىكىسىنى ئېلىپ بەردى. يەنە بىر قېتىمدىمۇ ئۇنىڭ يەنە شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم:

- ئەي مۇھەممەد، بىز كونا ماللارنى ئاۋۋال سېتىش ئۈچۈن ئالدىغا تىزىپ قويۇپ، يېڭىلىرىنى ئارقىغا تىقىپ قويىمىز. ئاۋۋال كونىلىرىدىن قۇتۇلمىساق بولمايدۇ.

- مەن بۇنداق قىلالمايمەن. مېنىڭ دىنىم بويىچە خېرىدارغا مالنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى بەرمىگىچە ساتقىلى بولمايدۇ.

- ماقۇل، ماقۇل. سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن، پۇل تاپمىساقمۇ مەيلى.

ۋاقىت ئۆتكەنسىرى مەن مۇھەممەدتىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەندىم. ئۇ بەكلا كەمتەر ئىدى. ئەزھەر ئۇنىۋېرستىنى پۈتتۈرگەن، ياخشى تەربىيە كۆرگەن بولغاچقا ھەر ساھە ئىلمىلەردىن خەۋىرى بار ئىدى. مۇنازىرىلىشىپ قالساق، ھەمىشە ئۇ مېنى يېڭىۋالاتتى.لېكىن بەزىدە يەنە مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى دەرھال بىلىۋېلىپ مۇنازىرىدە مېنىڭ ئۇتۇپ چىقىشىمغا شارائىت ھازىرلاپ بېرەتتى. مۇنازىرىدە مېنىڭ يېڭىش يېڭىلىشىم ئۇنىڭغا باغلىق ئىدى. ئۇ خالىسا يېڭەتتىم، خالىسا يېڭىلەتتىم.

بۇ يەردە مەن تونۇيدىغان بىر كاتولىك تەبلىغچى پاپا بار ئىدى. قولىدا چوڭ كرىست بەلگىسىنى كۆتۈرىۋېلىپ ئۇچرىغانلىكى كىشىلەرگە دىن تەبلىغ قىلاتتى. ئاڭلىسام ئۇ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ. ئۇنى يوقلاپ بارغىنىمدا تونىيالمىغىلى تاسلا قالدىم. ئۇ ماڭالماس بولۇپ قالغاچقا چاقلىق ئورۇندۇققا مەھكۇم بوپتۇ. بۇ پاپانىڭ بىر دەردى بار ئىدى. ئەمما ھېچكىمگە گەپ قىلىشنى خالىمايتتى. مەن ئۇنى سۆزلىتىش ئۈچۈن: «ساڭا شاھادەت ئېيتىپ، ئىيسا مەسىھنىڭ خوشخەۋىرىنى سەندىن ئاڭلىغۇم بار» دېدىم. قولۇمدىكى ئىنجىلنى ئېچىپ يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قىسسىسىنى ئوقۇدۇم. «ماڭا قارا، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بېلىقنىڭ قورسىقىدا كۆپ جاپا تارتتى. سەن ھەر قانچە بولسىمۇ ئۇ تارتقانچىلىك جاپا تارتمىدىڭ. ئۇنى بېلىقنىڭ قورسىقىدىن قۇتۇلدۇرغان تەڭرى سېنىمۇ قۇتۇلدۇرىدۇ» دېدىم. ئۇ پاپا يەنە لام-جىم دېمىدى. ئۇنىڭغا گەپ قىلىش خوشياقمايتتى.

- ئىسمىڭ نېمە؟ سەن قەيەرلىك؟ - دېسەم،« ۋېنۇستىن!» - دەيدۇ.

تېكساس شتاتىدا ۋېنۇس دەيدىغان بىر يەر بار. ئەمما بۇ پاپا ھازىر ئۆزىنى «ۋېنۇس ناملىق باشقا بىر پىلانىتتىن كەلدىم»، دەۋاتاتتى.

شۇنداق قىلىپ داۋاملىق دوختۇرخانىغا كېلىپ ئۇنى يوقلايدىغان، تەسەللىي بېرىدىغان بولدۇم.

بىر كۈنى ئۇنىڭ چاقلىق ئورۇندۇغىنى ئىتتىرىپ ئەتراپتا ئايلاندۇرىۋاتاتتىم. ئۇ يىغلاشقا باشلىدى، «مەن ساڭا گۇناھىمنى ئىقرار قىلماقچى» دېدى. كاتولىكلەرگە نىسبەتەن «ئىقرار قىلىش» دېگەنلىك پاپانىڭ ئالدىدا گۇناھ چىقىرىش دېگەنلىكتۇر. بارلىق گۇناھلىرىڭنى پاپاغا ئىقرار قىلدىڭمۇ، ئۇ سېنى ئەپۇ قىلىدۇ-دە، گۇناھتىن قۇتۇلىسەن.

مەن ئۇنىڭغا دېدىم:

- قارا، مەن كاتولىك ئەمەسمەن. كاتولىك پاپامۇ ئەمەسمەن. مەن پەقەت بىر خرىستىئان تەبلىغچى خالاس.

- مەن بۇنى سەندىن ياخشى بىلمەن. چۈنكى مەن بىر كاتولىك پاپامەن.

«ئامان تەڭرىم، بۇ ئادەم بىر پاپا. ئىنجىلنى مەندىن ياخشى بىلىدۇ» دېدىم كۆڭلۈمدە.

- مەن ھازىر ئېغىر كېسەلمەن. يۈرەك كېسىلىم قوزغىلىپ قالدى. ھەممە جەھەتتىن قىينچىلىق ئىچىدە قالدىم. دەردىمنى ساڭا تۆككەنلىكىم ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن. - دەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ قاتتىق ئىچىم ئاغرىدى-دە، ئۇنى قۇچاقلاپ كۆڭلىنى ياسىدىم. كېيىن ئۇنىڭ دوختۇرخانىدىن چىققانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئىزدەپ سوراپ ئۇنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىگە باردىم. ئۆيۈمگە ئەكەلدىم.

بۇنچە ئۇزۇن تەپسىلاتلارنى ئىزىپ سۆزلىشىمدىن بىر نەرسە ھېس قىلدىڭلارمۇ؟ ھازىر ئۆيۈمدە ئىككى مېھمان بار. بىرى كاتولىك پاپا، يەنە بىرى مىسىرلىق مۇسۇلمان. مەن بۇ كاتولىك پاپانى پروتەستان قىلىشنى، مۇسۇلماننى بولسا خرىستىيان قىلىشنى نىيەت قىلغان ئىدىم. نېمە دېگەن ئۇلۇغۋار غايە-ھە!

لېكىن ئىشلار مېنىڭ ئويلىغىنىمدىكىدەك بولمايۋاتاتتى. ئاجايىپ ئىشلار يۈز بېرىۋاتاتتى. ھەر كۈنى ئاخشام ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئىنجىلنى ئېچىپ قويۇپ ئىنسانلارنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشىشى توغرىسىدا سۆزلىشەتتۇق. دادامنىڭ قولىدىكى ئىنجىل «King James» نۇسخىسىدىكى ئىنجىل ئىدى. مەن بولسام 1953-يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ بېسىلغان ئۆلچەملىك نۇسخىدىكى ئىنجىلنى ئوقۇيتتىم. مېنىڭ قولۇمدىكى ئىنجىلدا يېزىلىشىچە كىڭ جەيمز نۇسخىسىدىكى ئىنجىلدا ئېغىر خاتالىقلار، كەمچىلىكلەر بار ئىدى. شۇڭا مەن دادامنىڭ قولىدىكىگە ئوخشىمايدىغان ئىنجىل بىلەن تەبلىغ قىلىشقا باشلىدىم. دادام قايىل بولماي: «ياق، ئۇنداق ئەمەس، مۇنداق!» دەيتتى. مەن: «ياق، سېنىڭ خاتا! ئەسلى توغرىسى مۇنداق!» دەيتتىم. ئايالىم بولسا « Jimmy Swagger» گە ئائىت «زامانىۋى ئىنسانلارغا خۇشخەۋەر» نامىلىق باشقا بىر ئىنجىل بىلەن سۆزىمىزگە قوشۇق سېلىپ ئولتۇراتتى. بۇ ئىنجىل پۈتۈنلەي زامانىۋى ئېغىز تىلى بويىچە يېزىلغان بولۇپ، خالىغانچە تەرجىمە قىلىغلى، چۈشەندۈرۈپ تەپسىر قىلغىلى بولىدىغان بولغاچقا مۇقەددەس ئىنجىلغا ئوخشىماي قالغانىدى. كاتولىك پاپانىڭ قولىدىكىسى بولسا 73 كىتاپچىدىن تەركىپ تاپقان بىر قەدىمىي ئىنجىل بولۇپ، ئۇنىڭكى بىزنىڭ قولىمىزدىكى 66 كىتاپچىدىن تۈزۈلگەن ئىنجىلغا پەقەت ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭكىدەك ئىنجىلنى مەن ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. مەن قولۇمدىكى ئىنجىلغا قاراپ سۆزلەيتتىم. دادام، ئايالىم ۋە ئۇ كاتولىك پاپا يەنە ئۆزىنىڭ قوللىرىدىكى پەرقلىق ئىنجىللارغا قاراپ سۆزلىشەتتى. دېگەنلىرىمىز بىر بىرىمىزنىڭكىگە پەقەتلا ئوخشىمايتتى. بىز ئوخشاشمايدىغان تۆت خىل ئىنجىلنى تۇتۇپ مۇنازىرىلىشىپ تۈۋلىشىپ كەتسەك، مىسىرلىق مۇھەممەد بىزگە تەئەججۈپ ئىلكىدە جىمجىت قولاق سېلىپ قاراپ ئولتۇراتتى.

ئۇنىڭدىن سورىدىم:

- سىلەرنىڭ قۇرئاننىڭ قانچە نۇسخىسى بار؟

- قۇرئاننىڭ مانچە نۇسخىسى يوق. پەقەت بىرلا ئەرەپچە قۇرئانىمىز بار. - دەپ بەقەرە سۈرىسى 2 ـ ئايەتنى ئوقىدى: «بۇ كىتاپ، يەنى قۇرئاندا ھېچ شەك يوق، ئۇ تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر.» ھازىرغىچە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشۇ ئەسلى نۇسخىدىكى بىرلا قۇرئاننى ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن ئۇنى يالغان سۆزلەۋاتىدۇ، چۈنكى بىزدىكى مەسىلىنى كۆرۈپ بۇنىڭغا ئاساسەن گەپ قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدىم. لېكىن مەن ئۇ چاغدا ئەرەپچە بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم. بۇ مىسىرلىق ئەرەب بىزگە كۆپ تەبلىغ قىلمىدى، ئەمما كاللامدا بىر سوئال پەيدا بولدى. بىز خرىستىيانلارنىڭ بىر مۇنچە كىتاۋىمىز بار، ئەمما ئۇنىڭ «ئىچىدە ھېچقانداق شەك ـ شۈبھە بولمىغان» پەقەت بىرلا كىتاۋى بار ئىكەن.

باشقا كۈنى بىز باشقا تېمىلاردا مۇنازىرە قىلىشتۇق. بۇ قېتىم مەن خرىستىئانلارنىڭ ئۈچلۈك تەڭرى (trinity) ئەقىدىسىنى ئاممىباپ ھالدا ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن يول ئىزدىدىم ـ دە، كرىست بەلگىسى ئېسىۋالغان بىر پاپانىڭ يېنىغا باردىم.

- ئۈچلۈك ئەقىدىنىڭ نېمىلىگىنى تېخىچە بىلمەمسەن؟

- بىلمەن، بىلمەن. ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇللىقىنىمۇ بىلمەن. لېكىن كىشىلەرگە ئاددى ئۇسۇلدا بۇنى قانداق چۈشەندۈرۈشنى ئۆگىنىپ قويغان بولسىڭىز.

- ماقۇل. بۇنى بىر ئالمىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. ئالمىنىڭ سىرتىدا پوستى، ئۇنىڭدىن كېيىن بىز يەيدىغان يېرى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇرۇقچىسى بار. بىر ئالمىنىڭ ئىچىدە ئۈچ نەرسە بار. بۇنى مۇشۇنداق چۈشەندۈرسەڭ بولىدۇ.

مەن بۇ مىسىرلىق مۇسۇلمانغا ئۈچلۈك ئەقىدىنى مۇشۇنداق ئىزاھلاشنى ئويلاپ ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. لېكىن بۇ گەپمۇ قاملاشمايدىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى ئالمىنىڭ ئىچىدە بىر تال ئۇرۇقچا بولماسلىقى، تۆت ـ بەش، ھەتتا يەتتە ـ سەككىز تال ئۇرۇقچە بولۇشى، بەزىدە ھەتتا ئىچىدىن قۇرت چىقىشى مۇمكىن. بۇنداقتا تەڭرىلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتمەمدۇ؟! بۇ مىسال بولمايدىكەن. پوپنىڭ يېنىغا قايتىپ باردىم.

- ھە ماقۇلە، ئالمىنى ئۇنتۇپ كەت. تۇخۇمنى مىسال قىلغىن. تۇخۇم شاكىلى، ئېقى، سېرىقى ئۈچ نەرسە بىر تۇخۇمنى تەشكىل قىلىدۇ.

- بۇ مىسالمۇ بولمىغۇدەك. چۈنكى بەزى تۇخۇملارنىڭ 2 تال سېرىقى بار. بۇ چاغدا ئۈچ تەڭرى تۆت بولۇپ قالمامدۇ؟!

- .............

بۇ پوپتىن بۇ ھەقتە سوئال سوراشنى بولدى قىلدىم.

بىر كۈنى دۇكاندا ئۇچرىشىپ قالغان بىر خرىستىئانغا دېدىم:

- ئۈچلۈك تەڭرى ئەقىدىسىدىن گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالدىم.

- نېمە دەۋاتىسەن؟! سەن بىر پاپا تۇرۇپ ئۆز ئەقىدەڭدىن گۇمانلىنىۋاتامسەن؟

- شۇنداق، گۇمانلىنىۋاتىمەن. ئۈچ قانداقمۇ بىرگە تەڭ بولسۇن؟

- توختا، مەن چۈشەندۈرۈپ باقاي. مەن بىر ئەر كىشىمەن. ئايالىم بىر ئايال

كىشى. بىر ئوغلۇم بار. ئۈچىمىز بىر ئائىلە. بۇ تەڭرىنىڭ ئائىلىسى. بۇنى مىسال قىلغىن.

- توغرا دەيسەن. تەڭرىنىڭ ئائىلىسى. لېكىن بۇنى مىسال قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئائىلىنىڭ يەنە بىر پەرزەنتى دۇنياغا كېلىشى مۇمكىن. ئېھتىمال يامىنى شۇكى، ئەر-خوتۇن ئاجرىشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ئاجرىشىدىغان تەڭرى لازىممۇ ساڭا؟ ئېكساستا ئەرلەر خوتۇنىدىن ئاجرىشىدىغان بولسا خوتۇن ئەرنىڭ بارلىق مۈلكىنى ئېلىپ كېتىپ قاقسەنەم قىلىپ قويىدۇ... ماڭا بۇنداق ئاجرىشىدىغان تەڭرى لازىم ئەمەس. ئۈچلۈك تەڭرى ئەقىدىسىنى زادى لوگىكىلىق چۈشەندۈرگىلى بولامسۇ؟

مىسىرلىق مۇھەممەدتىن سورىدىم:

- سېنىڭ تەڭرىڭ قانداق تەڭرى؟ سىلەر ئۇنى قانداق چۈشەندۈرۈسىلەر؟

- «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىررەجىيىم، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم. ئېيتقىنكى، ئاللاھ بىردۇر، ھەممە ئاللاھقا مۇھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.» (112-سۈرە) يەنە قۇرئاندا «خرىستىئانلارغا ئېيتقىنكى، ئاللاھ ئۈچتۇر دېمىسۇن» دېيىلگەن.

بۇ يەردە مەن بىر نوقتىنى تەكىتلەپ ئۆتەيكى، ھازىرقى «كونا ئەھدە» (تەۋرات)، «زەبۇر»، «يېڭى ئەھدە» (ئىنجىل)دا ھېچقانداق يەردە «ئاللاھ ئۈچ»( trinity ) دېگەن سۆز يوق. پەقەت قۇرئاندا «ئاللاھنى ئۈچ دېمەڭلار» دېگەندە «ئۈچ» دېگەن سۆز بار. قۇرئان ھەقىقەتەن ئىنجىلنى ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىۋاتاتتى.

مىسىرلىق مۇھەممەد بىلەن سۆزلەشكەنسىرى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ راستلىقىغا ئىشەندىم، توغرىلىقىنى بىلدىم. ئەمما ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايۋاتاتتىم. ئىنجىلدا چۈشەنمىگەن مەسىلىلەر قۇرئان بىلەن چۈشىنىشلىك بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئىنساننىڭ نىجاتلىقىغا ئېرىشىشى ھەققىدە ئىنجىل تەڭرىدىن باشقا قۇتقۇزغۇچى يوقلىقىنى ئېيتىپ ئېنىق بىشارەت بېرىدۇ. ئىيسا مەسىھ قۇتقۇزغۇچى ئەمەس. پەقەت تەڭرىلا قۇتقۇزغۇچىدۇر. مەن مۇشۇنداق چۈشەندۈرسەم ئاڭلىغۇچىلار ئاغزىنى ئوتتۇرۇپلا قالىدىغان بولدى. مىسىرلىق مۇھەممەدتىن يېڭى ئۆگەنگەنلىرىمنى تەدبىقلاپ تەبلىغلىرىمگە قوشۇپ ماڭدىم. لېكىن كۆڭلۈم يەنىلا بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ تەڭرىنىڭ يەككە-يېگانە يالغۇز ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىدىغان بولدۇم. «ئۈچلۈك تەڭرى (trinity) ئەقىدىسى»نى تامامەن ئۇنۇتتۇم. داداممۇ بىرلا تەڭرىگە ئىشىنەتتى.

بىر كۈنى ئۆيۈمدىكى مېھمان كاتولىك پاپا مىسىرلىق مۇھەممەدكە:

- سىلەرنىڭ چىركاۋىڭلارغا (مەسجىدىڭلارغا) كىرىپ باقسام بولامدۇ؟ - دەپ سورىدى. مۇھەممەد:

- ئەلۋەتتە! - دەپ ئۇنى مەسجىدكە ئېلىپ كەتتى.

قايتىپ كەلگەندە كاتولىك پاپادىن سورىدىم:

- مۇسۇلمانلار مەسجىدتە نېمە ئىش قىلىدىكەن؟

- ئۆرە تۇرۇپ ۋە ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىكەن. مانا مۇنداق، مۇنداق ... - دەپ

دورىدى.

- نېمە؟! ئۇلار جىمجىت ئىبادەت قىلىدىكەن دېدىڭما؟ بىزنىڭكىدەك تەگكەش قىلىدىغان مۇزىكا دېگەندەك نەرسىلىرى بارمىكەن؟

- يوقكەن، مۇزىكا چالمايدىكەن.

- يوق؟! توۋا، مۇزىكا يوقمىكەن؟ دۇنيادا تەگرىگە مۇزىكىسىز ئىبادەت قىلىدىغان ئىشمۇ بارمىكىنا؟

مۇھەممەدتىن سورىدىم:

- مەسجىدتە مۇزىكا يوقمۇ؟

- يوق.

كۆڭلۈمدە ئويلىدىم: «مەن ئەمدى دەرھال پىئانىنو تىجارىتىنى باشلاي».

- دۇنيادا قانچىلىك جامە، مەسجىد بار؟

- نەچچە مىليون جامە مەسجىد بار.

- ھېچقايسىسىدا پىئانىنو، گارمون دېگەندەك سازلار يوقمۇ؟

- يوق.

- ئەرەپلەرنىڭ مۇزىكىسى يوقمۇ؟

- بار. ناخشا ـ مۇزىكىسى بار.

خىيالىمدا بۇ مەسجىد جامەلەرگە پىئانىنو سېتىپ پۇل تېپىشنى ئويلاپ كەتتىم.

كېيىن يەنە بىر كۈنى كاتولىك پاپا مىسىرلىق مۇھەممەد بىلەن يەنە جامەگە كەتتى. تەلۋە كېچىگىچە ساقلىساقمۇ قايتىپ كەلمىدى. ئەتىسى قايتىپ كەلدى. مۇھەممەدنى تونىدىم. ئەمما ئۇنى تونىيالماي قالدىم. ئۇزۇن ئاق كۆينەك كىيىپ، بېشىغا سەللە يۆگەپ قايتىپ كەپتۇ.

- ھوي سەن مۇسۇلمان بولدۇڭمۇ؟ - دەپ سورىدىم ھەيرانلىق بىلەن. ئۇ:

- ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللاللاھ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ! - دېدى.

ئۇنىڭدىن سوئال سوراپ تۇرسام، ئۇنى مۇگدەك بېسىپ ئۇخلاپ قالدى. نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

مەن بۇ كاتولىك پاپانى پروتېستان قىلىمەن دەپ تىرىشىپ يۈرۈۋاتسام، ئەمدى ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ قالدى. دادامغا ئېيتسام، «ياخشى بوپتۇ» دېدى. بىر كىمگە دەردىمنى تۆكمىسەم بولمىدى.

ئايالىمغا دەپ باقاي.

- خوتۇن، بىزنىڭ ئۆيدىكى كاتولىك پاپا مۇسۇلمان بوپتۇ. ئۇنىڭ قۇرئان ھەققىدە سۆزلىگەنلىرىنى بىر ئاڭلىغان بولساڭ. كاللام ئېلىشىپ كەتتى...

ئايالىم توْيۇقسىزلا:

- مەن سەندىن ئاجراشماقچى! - دېدى.

- نېمە دەۋاتىسەن؟! توختا، نېمە دېدىڭ؟ مەن باشقا گەپ قىلسام، سەن باشقا

گەپ قىلىۋاتىسەن.

- ئىسلام ۋە دىن توغرىسىدىكى گەپلىرىگىدىن كېيىن شۇنى چۈشەندىمكى....

- توختا، توختا. سەن خاتا چۈشىنىپ قاپسەن. مەن مۇسۇلمان بولمەن دېمىدىم. بۇندىن كېيىن مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىلاشمايمەن. ماڭا ئىشەنگىن.

- ياق، مەن سەندىن ئاجراشمىسام بولمايدۇ.

- زادى نېمە ئىش بولدى؟

- بىر مۇسۇلمان بىر خرىستىئان بىلەن توي قىلسا بولمايدۇ.

- نېمە؟! مەن ساڭا مەن مۇسۇلمان دېدىممۇ؟ ماڭا قارا، مەن قەسەم قىلاي، مەن مۇسۇلمان بولمايمەن. ئەمدى ماقۇلمۇ؟

- مۇسۇلمان ئەر كىشى خرىستىئان ئايال بىلەن توي قىلسا بولىدۇ.

- مەن دېدىمغۇ ساڭا، مەن مۇسۇلمان بولمەن دېمىدىم. ئەر-خوتۇن مۇناسىۋىتىمىزنى بۇزغۇدەك بىر مەسىلە يوقلۇقىنى چۈشەندۈرىۋاتىمەن.

- مەسىلە بار. مۇسۇلمان ئايال كىشى خرىستىئان ئەر بىلەن بىر ئۆيدە ئولتۇرسا بولمايدۇ. مېنىڭ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغۇم بار. شۇڭا سەندىن ئاجراشماقچىمەن.

بۇلارنى ئاڭلاپ ئارقامغا ئۆرۈلۈپ چۈشكىلى تاسلا قالدىم.

-خوتۇن، ماڭا قارا، راست گەپنى قىلسام مېنىڭمۇ مۇسۇلمان بولغۇم بار ئىدى.

- ياق، مەن ساڭا ئىشەنمەيمەن.

- مەن ساڭا راست گەپ قىلىۋاتىمەن. ساڭا دېمەكچى ئىدىم، راستىنلا مۇسۇلمان بولغۇم بار. ئىككىمىز تەڭلا مۇسۇلمان بولساق، بەك گۈزەل ئىش بولىدۇ، ئەلھەمدۇلىللاھ.

- سەن يا هازىر يالغان گەپ قىلدىڭ، ياكى بولمىسا بەش مىنۇت ئىلگىرى مۇسۇلمان بولغۇم يوق دېگىنىڭدە. ... ھەر ئىككى خىل ئېھتىمالدا بىر يالغانچى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرغۇم يوق. يوقال كۆزۈمدىن!

ئۆيدىن چىقتىم. دادامنىڭ ئۆيى تەرەپكە كېتىۋېتىپ «تىۋۋا، ئۆز ئۆيۈمدىن قوغلاندىم. بۇ قانداق بولغىنى؟!» دەپ ئويلاشقا باشلىدىم. مىسرلىق مۇھەممەدنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭغا پاراڭلىشايلى دېدىم. سىرتقا چىقتۇق. تاڭ يورىغىچە پاراڭلاشتۇق. مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەكلىكى، قانداق ئىمان ئېيتىش، قانداق ئىبادەت قىلىش قاتارلىقلارنى سورىدىم:

- مەن بۇلارنى چاخچاق ياكى مۇنازىرە قىلىپ سورىمىدىم. بۇلارنى بىلگۈم بار.ئۇ ماڭا تەپسىلي، قايىل قىلارلىق چۈشەندۈرۈپ سۆزلەپ بەردى. توغرا يولنىڭ مۇشۇ ئىكەنلىكىنى بىلدىم. قەتئىي قارارغا كەلمىسەم بولمايتتى. مۇھەممەد ماڭا:

- ئىمان ئېيتىش ئېيتماسلىق ئۆزەڭنىڭ ئىختىيارى. قانداق قىلىشنى ئۆزەڭ تاللا. مەن ساڭا ياردەم قىلالمايمەن. - دېدى.

مۇھەممەد پەرز ناماز ئوقۇۋاتقاندا كەينىدە تۇرۇپ ئۇنى دىققەت بىلەن كۆزەتتىم. ئۇ قىبلە تەرەپكە قاراپ يۈزىنى يەرگە قويۇپ سەجدە قىلىپ ئالەملەرنىڭ رەببى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، ئۇنىڭغا ئىتائىتىنى بىلدۈرۈپ ئىبادەت قىلاتتى. مەنمۇ ئۇنى تەقلىد

قىلماقچى بولدۇم. ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم كۆرمەيدىغان مەخپى بىر يەرگە باردىم. بىر تاختىنىڭ ئۈستىگە چىقتىم ـ دە، سەجدىگە باش قويدۇم: «ئەي رابىىم! مېنى توغرا يولغا باشلىغىن!» دەپ دۇئا قىلدىم. ئۇ كۈنى ئايالىم ۋە دادام بىلەن كۆرۈشتۈم. مۇنچىغا چۈشتۈم (تاھارەت ئالدىم)، مىسىرلىق مۇھەممەد بىلەن كاتولىك پاپادىن مۇسۇلمان بولۇپ ئىسمىنى يەھيا قويغان كىشىنىڭ ئالدىدا «ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللاللاھ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ» دېدىم. ئارقىدىنلا ئايالىم، بىر ئايدىن كېيىن دادام كەلىمەئى شەھادەت ئېيتتى. بىزدىن كېيىن نۇرغۇن ئامېرىكىلىق مۇسۇلمان بولدى...»

ئەگەر ئىنگلىزچە ياكى تۈركچە بىلسىڭىز تۆۋەندىكى سىن (ۋىدىئو) مەنبەسىنى ئېچىپ كۆرۈڭ:

http://www.tubeislam.com/video/8189/Turkish-subtitled-Priest-and-Preachers-Entering-Islam

## يەھۇدى ئالىم روبېرت گىلھىمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

تۆرەلمەشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇتەخەسسىسى روبېرت گىلھىم ئېرىدىن تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددىتى توغرىلىق كەلگەن قۇرئانى كەرىم ئايىتى سەۋەبلىك ئىمان ئېيتىپ ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

ئالىم روبېرت گىلھىم نەچچە ئون يىللىق ئۆمرىنى ئەرنىڭ ئايالدا قالدۇرىدىغان ئىزى ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتقا بېغىشلىغان بولۇپ، ئەرنىڭ ئايالدىكى ئىزى ئايال ئېرىدىن ئايرىلىپ 3 ئايدىن كېيىن تولۇق يوقىلىپ بولىدىغانلىقىنى دۇنيادا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلغان.

مىسىردا چىقىدىغان «مىسىرلىقلار» گېزىتى مىسىر تېببىي ئانالىز مەركىزىنىڭ ئۇستازى دوكتور ئابدۇلباسىت مۇھەممەد سەييىدنىڭ تۆۋەندىكى باياناتىنى ئېلان قىلغان:

«ئالىم روبېرت گىلھىم ئالبېرت ئېينىشتېين ئىنستىتۇتىنىڭ تۆرەلمەشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى بولۇپ، قۇرئانى كەرىمنىڭ تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ 3 ئاي ئىددەت تۇتۇشى لازىملىقى ھەققىدىكى بەلگىلىمىسىنى بىلىش بىلەن تەڭ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. قۇرئانى كەرىمدە «تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكىچە ئىددەت تۇتىدۇ» ، دەپ كۆرسىتىلگەن.

بۇ ئالىمنى قايىل قىلغان ئىلمىي ھەقىقەت شۇكى، ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر تۆشەكتە بولۇشى جەريانىدا ئايالدا ئەرنىڭ مەخسۇس ئىزى قالىدىكەن. ئەر ـ ئايال يېقىنچىلىق قىلمىغان ھەر ئايدا بۇ ئىز يوقىلىشقا قاراپ يول ئالىدىكەن ۋە ھەر ئايدا 25 ياكى 30 پىرسەنتكىچە يوقىلىپ بېرىپ، ئاخىرى 3 ئايدا تولۇق يوقىلىپ بولىدىكەن، ئايالمۇ باشقا بىر ئەر بىلەن بىرگە بولۇشقا مۇناسىپ ھالغا كېلىدىكەن.

ئالىم روبېرت گىلھىم بۇ ھەقىقەتنى بىلگەندىن كېيىن، ئافرىقىلىق مۇسۇلمانلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ھەر-بىر مۇسۇلمان ئائىلىدا پەقەت ئۆزىنىڭ ئېرىنىڭلا ئىزى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. ئاندىن باشقا رايونلاردىكى مۇسۇلمان ئەمەس ئائىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ھەر - بىر ئائىلىدا ئىككىدىن ئۈچكىچە ئەرنىڭ ئىزى بارلىقىنى ۋە بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى بۇ ئائىلىلەرنىڭ ئۆز ئەرلىرىدىن باشقا ئەرلەر بىلەنمۇ بىرگە بولىدىغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان. ھەتتا بۇ ئالىم، ئۆزىنىڭ ئائىلى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىسىدە، ئائىلىدا ئۈچ ئەرنىڭ ئىزى تېپىلغان. ئاخىرى ئائىلىنىڭ ئېتراپ قىلىشى بىلەن، ئائىلىنىڭ ئېرىگە خىيانەت قىلىدىغانلىقى ۋە بالىلىرىدىن بىر ئوغلىدىن باشقا ھېچ قايسىسىنىڭ ئېرىگە ئائىت ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئالىم روبېرت گىلھىم ئىسلام دىنىنىڭ ئائىلىنىڭ ئىپپىتىنى ساقلاش، جەمئىيەتنىڭ ساپلىقىنى قوغداشتىمۇ ئەڭ ئىلغار دىن ئىكەنلىكىنى ۋە مۇسۇلمان ئائىلىلەرنىڭ يەر يۈزىدىكى ئائىلىلەرنىڭ ئەڭ پاكىزى ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان.»

## پوپ ۋە مۇسۇلمان يىگىت

سەئۇدى ئەرەبىستانلىق بىر بالا ئامېرىكىدا ئوقۇيدىكەن. ئامېرىكىدا بىر تەرەپتىن ئوقۇشنى ئوقۇغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىدىكەن. بۇ بالا بىر كۈنى بىر خرىستىئان بالا بىلەن تونۇشۇپ قېلىپتۇ، كۈن ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىسىمۇ خېلى قويۇقلىشىپتۇ. مۇسۇلمان بالا ئوتتۇرىسا-قوپسا خرىستىئان تونۇشىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلىدىكەن.

بىر كۈنى بۇ ئىككى بالا مەھەللە ئايلىنىۋېتىپ بىر چېركاۋنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قېلىپتۇ. بۇ ئەسنادا خرىستىئان بالا مۇسۇلمان ئاغىنىسىدىن ئۆزى بىلەن بىللە چېركاۋغا كىرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ، مۇسۇلمان بالا باشتا ئۇنىماپتۇ، لېكىن ئاخىرى خرىستىئان ئاغىنىسىنىڭ قاتتىق تەلەپىگە ماقۇل بولۇپتۇ.

نەتىجىدە بۇ ئىككى بالا بىرلىكتە چېركاۋغا كىرىپ ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىدە ئولتۇرۇپتۇ، بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن پوپ كىرىپ چېركاۋدىكىلەرگە بىر قاراپ چىقىپ «ئارىمىزدا بىر مۇسۇلمان كۆرۈنىۋاتىدۇ، ئۇ چىقىپ كېتىشى لازىم» دەپتۇ. ھېلىقى مۇسۇلمان بالا مىدىرلىماي ئولتۇرىۋېرىپتۇ. پوپ سۆزىنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلاپتۇ، ئەمما مۇسۇلمان بالا ئاۋۋالقىدەكلا ئولتۇرىۋېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پوپ «ئۇ چىقىپ كېتىشى لازىم، ئۇنىڭ بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئېلىنىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم چېقىلمىسۇن» دەپتۇ.

مۇسۇلمان بالا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىۋېتىپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە توختاپ تۇرۇپ پوپتىن: «مېنى قانداق تونۇدۇڭ؟»دەپ سوراپتۇ.

پوپ: «مۇسۇلمانلارنىڭ يۈزلىرىدە نىشانى بار» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن

بۇ مۇسۇلمان بالا ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلۇپ چىقىپ كېتەمەكچى بولۇپتۇ.
بۇ ئارىدا پوپ بۇ مۇسۇلمان بالىدىن بىر قانچە سوئال سوراپ يىگۇۋېتەي، دېگەن مەقسەتتە ئۇنىڭغا :«توختا! مەن سەندىن سوئال سورايمەن» دەپتۇ .مۇسۇلمان بالا بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپتۇ.
پوپ «ئۇنداق بولسا مېنىڭ سەندىن سورايدىغان يىگىرمە نەچچە سوئالىم بار، سەن ھەممە سوئالىمغا جاۋاب بېرىشىڭ لازىم» دەپتۇ.بىزنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىمىز كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «خالىغىنىڭىزنى سوراڭ» دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ پوپ بىلەن مۇسۇلمان بالىنىڭ ئارىسىدا تۆۋەندىكى دىئالوگ بولۇپ ئۆتۈپتۇ :

ـ ئىككىنچىسى يوق بىر؟
ـ ئاللاھ !
ـ ئۈچىنچىسى يوق ئىككى؟
ـ كېچە بىلەن كۈندۈز.
ـ تۆتىنچىسى يوق ئۈچ؟
ـ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقان ئۆزرىلىرى.
ـ بەشىنچىسى يوق تۆت؟
ـ تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر ۋە قۇرئاننى كەرىم.
ـ ئالتىنچىسى يوق بەش؟
ـ بەش ۋاخ ناماز.
ـ يەتتىنچىسى يوق ئالتە؟
ـ ئاللاھ كائىناتنى ياراتقان ئالتە كۈن.
ـ سەككىزىنچىسى يوق يەتتە؟
ـ يەتتە قات ئاسمان.
ـ توققۇزىنچىسى يوق سەككىز؟
ـ ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان سەككىز پەرىشتە.
ـ ئونىنچىسى يوق توققۇز؟
ـ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ توققۇز مۆجىزىسى.
ـ كۆپەيتىشنى قوبۇل قىلىدىغان ئون؟
ـ ياخشى ئەمەل. ئاللاھ تەئالا ئۇنى كۆپەيتىدۇ.
ـ ئون ئىككىنچىسى يوق ئونبىر؟
ـ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تۇغقانلىرى.
ـ ئون ئۈچىنچىسى يوق ئون ئىككى؟
ـ مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسى بىلەن تاشقا ئۇرغاندا تاشتىن ئېتىلىپ چىققان ئون ئىككى بۇلاق.
ـ ئون تۆتىنچىسى يوق ئون ئۈچ؟

ـ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ 11 بىر تۇغقىنى ۋە ئاتا ـ ئانىسى.
ـ نەپەس ئالىدۇ جېنى يوق؟
ـ تاڭنىڭ يورۇشى.
ـ ئىگىسى بىلەن ماڭغان قەبىر؟
ـ يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى يۇتۇپ كەتكەن بېلىق.
ـ يالغان ئېيتقان ۋە جەننەتكە كىرگەن كىشىلەر؟
ـ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تۇغقانلىرى.بۇلار دادىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا يالغان ئېيتقان، كېيىن يەقۇب ئەلەيھىسسالام بۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلغان.
ـ ئاللاھ ئۆزى ياراتقان ۋە ئۆزى ياخشى كۆرمىگەن نەرسە؟
ـ ئېشەكنىڭ ئاۋازى.
ـ ئاللاھ ئاتا ـ ئانىسىز ياراتقان شەيئىلەر؟
ـ ئادەم ئەلەيھىسسالام، پەرىشتىلەر ۋە سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسى.
ـ ئوتتىن يارىتىلغان كىشى؟
ـ ئىبلىس.
ـ ئوت بىلەن ھالاك قىلىنغانلار؟
ـ ئەسھابۇلئۇخدۇد.
ـ ئوتتىن ساقلانغان كىشى؟
ـ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام.
ـ تاشتىن يارىتىلغان نەرسە؟
ـ سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسى.
ـ تاش بىلەن ھالاك بولغانلار؟
ـ ئەسھابۇلفىيل.
ـ تاش بىلەن ساقلانغانلار؟
ـ ئەسھابۇلكەھف.
ـ ئاللاھ ئۆزى يارىتىپ ئۆزى چوڭ سانىغان نەرسە؟
ـ ئاياللارنىڭ ھىيلىسى.
ـ بىر دەرەخ بار، ئۇ دەرەخنىڭ 12 پۇتىغى بار، ھەر پۇتاقتا 30 دىن شاخ بار، ھەر شاختا 5 دىن مېۋە بار، مېۋىنىڭ ئۈچى سايىدا، ئىككىسى ئاپتاپتا. بۇ نېمە؟
ـ دەرەخ بىر يىلدۇر، ئون ئىككى پۇتىغى ئون ئىككى ئايدۇر، ھەر پۇتاقتا 30 دىن شاخ دېمەك ھەر ئايدا ئوتتۇز كۈن بار دېمەكتۇر، ھەر شاختا بەشتىن مېۋە بار، ئۈچى سايىدا ئىككىسى ئاپتاپتا دېگەنلىك بىر كۈندە بەش ۋاخ ناماز بار، ئۈچى قاراڭغۇلۇقتا ئوقۇلىدۇ، ئىككىسى يورۇقلۇقتا ئوقۇلىدۇ، دېگەن بولىدۇ.

مۇسۇلمان بالا سوئاللارغا ھېچ دۇدۇقلاپ قالماستىن جاۋاب بەرگەندىن كېيىن پوپ ۋە چېركاۋدىكى پۈتۈن خىرىستىئانلار بۇ بالىنىڭ ھوشيارلىقىغا ھەيران قېلىپتۇ. بۇ بالا چىقىپ كېتەي دەپ تەمشىلىۋېتىپ پوپتىن بىر سوئال سوراشنى ئۆتۈنۈپ، پوپقا

مەقسىدىنى ئېيتىپتۇ. پوپ ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ياش مۇسۇلمان پوپتىن «جەننەتنىڭ ئاچقۇچى نېمە»،دەپ سوراپتۇ. پوپ بۇ سوئالنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ قېلىپتۇ ۋە تىلىنى چاينىغىلى باشلاپتۇ، رەڭگى ئۆزگىرىپتۇ ۋە قورقۇنچىسىنى يوشۇرالماپتۇ.

چېركاۋدىكىلەر پوپتىن بالىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىپتۇ ۋە:«سەن بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە سوئال سورىدۇڭ، بۇ بالا ھەممە سوئالىڭغا جاۋاب بەردى، ئەمدى بۇ سەندىن بىر سوئال سورىسا جاۋاب بېرەلمەمسەن؟»، دەپتۇ.

پوپ:

-«جاۋاب بېرەلەيمەن، لېكىن سىلەردىن قورقىمەن» دەپتۇ.

ئۇلار: «سېنى ھېچ نىمە قىلمايمىز، ئۇنىڭ سوئالىنىڭ جاۋابى نېمە بولسا قورقماي دېگىن»،دەپتۇ.

پوپ ئۇلاردىن ئامانلىق ۋەدىسى ئالغاندىن كېيىن سوئالغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ: جەننەتنىڭ ئاچقۇچى «ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ، ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ»دۇر،دەپتۇ ۋە مۇسۇلمان بولۇپتۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ چېركاۋدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولۇپتۇ.

## شەيخ خالىد ياسىن

شەيخ خالىد ياسىن (Shaykh Khalid Yasin) سابىق خىرىستىئان مۇرتى، ھازىر بولسا ئەنگلىيەدىكى ئىسلامى تەلىم-تەربىيە ئىنىستىتوتىنىڭ مۇدىرى (ITI) . بۇ ئىنىستىتۇت ئەنگلىيىدە ئىسلامى دەۋەت ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان ئالدىنقى قاتاردىكى ئورگاندۇر. شەيخ خالىد ياسىن ئەرەپچىنى مەدىنە ۋە مىسىردا ئۆگەنگەن بولۇپ، سۈننەت فىقھىسى (قانۇنشۇناسلىقى) ۋە سىيرە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخى) قانۇنشۇناسلىقى ۋە ئىسلام تارىخى




ھەمدە قۇرئان يادلاش-ئوقۇش بويىچە سەئۇدى ۋە مىسىردىكى داڭلىق ئۇستازلاردىن تەلىم ئالغان. ئۆتكەن 10 يىل ئىچىدە (ITI) ئىسلامى تەلىم-تەربىيە ئىنىستىتوتى 5000 دىن ئۇشۇق ئادەمنىڭ ئىمان كەلتۈرىشىگە ۋە 11-سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن 1476 كىشىنىڭ ھىدايەتكە ئېرىشىشىگە سەۋەپچى بولىدۇ.

شەيخ خالىد ياسىن سەئۇدى ئەرەبىستاندا 1994-يىلى «ھاياتنىڭ مەقسىدى» ناملىق مەشھۇر نۇتقىنى سۆزلىگەن مۇبارەك كۈندە، 43 كىشى نەق مەيداندا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولىدۇ. خالىد ياسىن توختاۋسىز ھالدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرگەن قىلمىشلارغا قارشى نۇتۇق سۆزلەپ،

ئىسلامغا دەۋەت قىلغۇچىلار ئۈچۈن كۇرسلارنى ئېچىپ، مەخسۇس يېڭىدىن ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تەربىيلەش پروگراممىسىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيتى بولغان دەۋەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھۇشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىشى ئۈچۈن بۈيۈك تۆھپىلەرنى قوشماقتا. ئاللاھ سۇبھانە ۋە تائالا ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن!

## قۇرئانى كەرىمگە جەڭ ئېلان قىلغان كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولىشى

( «ياخشىلار ئىسلام تورى» خەۋىرى )

كانادالىق مىسسىئونېر شۇنداقلا تورونتو ئۇنىۋېرستېتىنىڭ لوگىكا ۋە ماتېماتىكا پەنلىرى دوكتورى،پروفېسسور گېرىي مىللېر خرىستىئان دىنى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش ھەمدە ئۇ ۋە ئۇنىڭ دىن تارقاتقۇچى ھەمراھلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى خرىستىئان دىنىغا دەۋەت قىلىشىغا پايدىلىق بولىشى ئۈچۈن، «قۇرئانى كەرىم»نى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە تارىختا زىت تەرەپلىرىنى ئېچىپ تاشلاش قارارىغا كېلىدۇ. ھالبۇكى، خاتالىق تاپماقچى بولغان بۇ كىشىنىڭ قۇرئانغا ئائىت ئادىل ۋە ئوبيېكتىپ تەتقىقات،باھالىرى «قۇرئانى كەرىم»نى قوغداش مەقسىتىدە يېزىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرىنى بېسىپ چۈشىدۇ.

ئۇنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغىنى «قۇرئانى كەرىم»دىكى ئىنسانلارغا جەڭ ئېلان قىلىنغان ئايەتلەر بولغان. مەسىلەن:**«ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ئەگەر قۇرئان(مۇشرىكلار ۋە مۇناپىقلار گۇمان قىلغاندەك)ئاللاھتىن غەيرىنىڭ بولغان بولسا،ئەلۋەتتە،ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى»** (سۈرە «نىسا»، 82 ـ ئايەت).يەنە مەسىلەن: **«بەندىمىز (مۇھەممەد) ـگە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار،قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار،(قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا)ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار ، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا)راستچىل بولساڭلار.»** (سۈرە «بەقەرە»، 23 ـ ئايەت).

پروفېسسور مىللېرنىڭ تەتقىقاتى ئەڭ ئاخىرىدا ھەيران قالارلىق بايقاشلار بىلەن ئاخىرلاشقان.

تۆۋەندىكىسى پروفېسسور مىللېرنىڭ **«ھەيران قالارلىق قۇرئانى كەرىم»** دېگەن كىتاۋىدىكى بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرى:

1. پروفېسسور مىللېر مۇنداق دەيدۇ:«دۇنيادا ھېچقانداق بىر يازغۇچى ئۆزىنىڭ كىتاۋىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ كىتاپتا ھېچ قانداق خاتالىق يوق، دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ.لېكىن قۇرئانى كەرىم دەل بۇنىڭ ئەكسىچە،ئۇ سىزگە ئۇنىڭدا ھېچ قانداق خاتالىق يوقلىغىنى، ئەگەر بولسا تېپىپ چىقىشىڭىزنى ئېيتىدۇ، لېكىن سىز تاپالمايسىز .

2. «قۇرئانى كەرىم»دە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇچرىغان ئېغىر كۈنلىرى تىلغا ئېلىنمىغان. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئايالى خەدىچە ۋە باللىرىنىڭ ۋاپاتى. ئېھتىمال غەلىتە يېرى رەسۇلۇللاھنىڭ كىشىلەرنى دەۋەت قىلىپ ئوگۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ۋاقتىدا نازىل بولغان ئايەتلەردە غەلىبىدىن بىشارەت بېرىلگەن. غەلىبىدىن كېيىن چۈشۈرۈلگەن ئايەتلەردە بولسا مەغرۇرلىنىش، كۆرەڭلەشتىن ئاگاھلاندۇرۇلۇپ، قۇربان بېرىش ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىشكە چاقىرىلغان. ئەگەر بىر كىشى ئۆز تەرجىمىھالىنى يازسا، چوقۇم ئۆز غەلىبىسىنى كۆپتۈرۈپ، مەغلۇبىيەت ۋە خاتالىقلىرىغا باھانە ئىزدەيدۇ. بىراق «قۇرئانى كەرىم» دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. چۈنكى ئۇ ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر ئالاھىدە تارىخىي دەۋرنىڭ كارتىنىسى بولماستىن، بەلكى ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مىزانلىرى بەلگىلەنگەن دەستۇردۇر.

3. پروفېسسور مىللېر يەنە مۇنۇ ئايەتنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن: **«ئېيتقىنكى، مەن سىلەرگە بىر ئىشنى تەۋسىيە قىلىمەن، سىلەر خۇدالىق ئۈچۈن ئىككىدىن يا بىردىن تۇرۇڭلار (يەنى ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن يىغىلىپ ياكى يەككە ھالدا ھەقنى تىلەڭلار) ئاندىن پىكىر يۈرگۈزۈڭلار. ھەمراھىڭلاردا(يەنى مۇھەممەدتە) ھېچ مەجنۇنلۇق يوق، پەقەت ئۇ قاتتىق ئازاپ نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر»** (سۈرە «سەبەئ» ،46 ـ ئايەت). پروفېسسور بۇ يەردە تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر تەتقىقاتچىنىڭ «كوللىكتىپ مۇنازىرىنىڭ ئۈنۈمى» توغرىسىدىكى تەجرىبىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئۇ تەتقىقاتچى بۇ تەجرىبىدە ئوخشاش بولمىغان ساندىكى كىشىلەرنى گورۇپپىلاپ مۇنازىرە ئورۇنلاشتۇرغان. نەتىجىسىنى سېلىشتۇرغاندا، ئادەم سانى ئىككى بولغان گورۇپپىنىڭ مۇنازىرە ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى بولغان. مۇنازىرىلەشكۈچىلەرنىڭ سانى ئاشقانسېرى، مۇنازىرە ئۈنۈمى شۇنچە تۆۋەن بولغان.

4. «قۇرئانى كەرىم»دىكى مەخسۇس بىر سۈرە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى «مەريەم» ئىسمى بىلەن ئاتالغان. مەريەم «ئىنجىل»دىمۇ بۇنداق شەرەپكە نائىل بولالمىغان. ھالبۇكى «قۇرئانى كەرىم»دە ھېچ بىر سۈرىنىڭ ئىسمى رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى ئائىشە ياكى قىزى فاتىمەنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالمىغان. ئۇندىن باشقا «قۇرئانى كەرىم»دە ئىسا ئەلەيھىسسالام 25 يەردە تىلغا ئېلىنغان، لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەقەت بەش يەردىلا تىلغا ئېلىنغان.

5. بەزى كىشىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن ۋەھيي ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى شەيتان ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن دەپ قارايدۇ. «قۇرئانى كەرىم» بۇنىڭغا رەددىيە بەرگەن. **«قۇرئاننى شەيتانلار ئېلىپ چۈشكىنى يوق. بۇ ئۇلارغا لايىق ئەمەس، ئۇلارمۇ(ئۇنىڭغا) قادىر بولالمايدۇ»**(سۈرە «شۇئەرا»، 210،211 ـ ئايەتلەر). **«سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن»**(سۈرە «نەھل»، 98 ـ ئايەت). ئەجەبا شەيتانلار بىر كىتاپ يازغاندىن كېيىن «مەن بۇنداق قىلىشقا قادىر ئەمەس»، ياكى «سىلەر بۇ كىتاپنى

ئوقۇغاندا مېنىڭ زەھەر يەتكۈزۈشۈمدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەڭلار» دەرمۇ!؟

**6.** ئەگەر سىز رەسۇلۇللاھ تۇرغان شارائىتقا ئۇچرىسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟ ئەينى ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەبۇبەكرى رەدىيەللاھۇ ئەنھۇ سەۋر غارىغا يوشۇرۇنىۋالغان، ئەتراپىنى ئۇلارنى تۇتۇشقا كەلگەن مۇشرىكلار قورشىۋالغان ئىدى. ئۇلار پەقەت پۇتىنىڭ ئاستىغا قارىسىلا، ئۇ ئىككەيلەننى تېپىۋالاتتى. بۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ئەسلى ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە ئوخشاش ۋەھىمىگە چۈشۈش كېرەك ئىدىغۇ؟ «بىز باشقا چىقىش ئېغىزى تاپايلى!» ياكى «گەپ قىلما!ئۇلار ئاڭلاپ قالمىسۇن!» دېيىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ لېكىن رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خاتىرجەم ھالدا: **«...غەم قىلمىغىن،ئاللاھ ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە...»**(سۈرە تەۋبە،40 ـ ئايەت) دېدى. ئەجەبا بىر يالغانچى مۇشۇنداق دېيەلەمدۇ؟ ياكى ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ قوغدايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنگەن بىر پەيغەمبەرمۇ؟!

**7.** «قۇرئانى كەرىم»دىكى «سۈرە مەسەد» ،ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان، لەنەت قىلىنغان ئەبۇ لەھەب ئۆلۈشتىن ئون يىل بۇرۇن نازىل بولغان. ئەبۇ لەھەبنىڭ «قۇرئانى كەرىم»نىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان **365×10=3650** قېتىملىق پۇرستى بار ئىدى. ھالبۇكى ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۇفرىدا چىڭ تۇرغان،ھەتتا يالغاندىن بولسىمۇ ئىمان ئېيتمىغان. ئەگەر رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «قۇرئانى كەرىم»نىڭ ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنمىسە، قانداقمۇ بۇنداق كەسكىن ھالدا ئۇنىڭ ئاخىرىغىچە ئىمان كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى ئېيتالايدۇ؟

**8.** **«(ئى مۇھەممەد!) ئەنە شۇ (قىسسە) غەيبكە ئائىت خەۋەرلەردىندۇر، ساڭا ئۇنى ۋەھيي قىلدۇق، سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنى بىلمەيتتىڭلار...»** (سۈرە ھۇد،49 ـ ئايەت). پروفېسسور مىللېر بۇ ئايەتكە باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:«باشقا ھېچقانداق بىر دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى بۇنداق ئۇسۇلدا بايان قىلىنغان ئەمەس. بۇ كىتاب ئوقۇرمەنلەرگە بىر ئىشتىن خەۋەر بېرىپ، ئۇ ئىشنىڭ بۇندىن بۇرۇن ھېچ كىمگە بىلدۈرۈلمىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەجەبا بۇ ئىنسانلارغا جەڭ ئېلان قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟! ئەگەر مەككىلىكلەر ئۇنى ئىنكار قىلغان بولسا، ھەتتا بىز بۇرۇنلا بۇ ئىشتىن خەۋەردار ئىدۇق دەۋالسا، ياكى كېيىن بىرەر تەتقىقاتچى ئۇ ئىشنىڭ بۇرۇندىنلا مەلۇم ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلسا،ئۇ ۋاقىتتا قانداق قىلاتتى؟ لېكىن بۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ يۈز بەرمىگەن.

ئاخىرىدا پروفېسسور مىللېر تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:«ھازىرقى زامان كاتولىك دىنى قامۇسىدىكى قۇرئانى كەرىم تارمىقى ئاستىغا گەرچە ھۇجۇم خاراكتېرىدىكى تەتقىقات ۋە ماقالىلار ئۈزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ ـ مەسىلەن: ئۇ بىر كېسەل كىشىنىڭ خىيالىي تۇيغۇسى، ئىبلىسنىڭ نەپەسلىرى، ئاددىي بىر كىشىنىڭ توقىغان ئەسىرى...دېگەندەك، بىراق بۇ كۆز قاراشلارنى نورمال بىر ئەقىل ئىگىسى ئاسانلىقچە قوبۇل قىلالمايدۇ. دىنىي جەمىيەتتىكىلەر مەقسەتلىك ھالدا ئۇنىڭ ئىلاھىي ۋەھيي ئىكەنلىكىنى، ئىسلام دىنىنىڭ توغرا دىن ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ،شۇنداقلا ھەقنى قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

تەخمىنەن بۇندىن 30 يىل بۇرۇن، پروفېسسور مىللېر خىرىستىئان دىنىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە، ئىسلام ۋە خىرىستىئان دىنىي ئۆلىمالىرىنىڭ مەشھۇر بىر مۇنازىرە يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئىسلام دىنى ۋەكىلى ئەھمەد دىدات بىلەن مۇزىرە ئېلىپ بارىدۇ. پروفېسسور مىللېر ناھايىتى پىكرى ئۆتكۈر، سۆزلىرى راۋان كىشى بولۇپ ، ھەر قانداق بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلاردىن خالىي ھالدا، ھەقنى ئىزدەشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن مۇسۇلمان ياشلار بۇ كىشىنىڭ ئىسلامغا كىرىشىنى ئارزۇ قىلىشقان ئىدى .

پروفېسسور مىللېرنىڭ «قۇرئانى كەرىم»نى تەتقىق قىلىشى 1977 ـ يىلى باشلانغان. ۋەھالەنكى، ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلاپ، ئىسمىنى ئابدۇلئەھەد ئۆمەرگە ئۆزگەرتىدۇ. ئىسلام تەشۋىقات ئىشلىرىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىشتىن بۇرۇن، سەئۇدى ئەرەبىستان نېفىت ۋە كان بايلىقلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر نەچچە يىل خىزمەت قىلىدۇ. ئارقىدىنلا تېلېۋىزىيە،رادىئو ۋە لېكسىيە يىغىلىشلىرىدا ئىسلام ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلايدۇ.

ئاللاھ بۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن.ئامىن!

## پەيغەمبەرگە قارشى ھەجۋىي فىلىم ئىشلىگەن ئادەم مۇسۇلمان بولدى



گوللاندىيەلىك پارلامېنت ئەزاسى «ئاندوروۋان» ئىسىملىك بىر شەخس مۇندىن بىر يېرىم يىل بۇرۇن ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھاقارەتلەپ ھەجۋىي فىلىم ئىشلىگەن، ئاندىن يەنە شۇنداق بىر فىلىم ئىشلەش ئۈچۈن دىنىي ماتېرىياللارنى كۆرۈش جەريانىدا 3 ئاي بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

بۇ ھەقتە سەئۇدى ئەرەبىستان رادىئوسى تۈرك بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئابدۇل ئەھەد ھاجىم مۇنداق دېدى:«ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ تەكىتلىشىچە، مۇسۇلمانلار ئەگەر ئۆزىنىڭ دىنىغا سادىق بولۇپ، بۇ دىنىنىڭ ئەۋزەللىك تەرەپلىرىنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتەلەيدىغان بولسا، دۇنيادا نۇرغۇن كىشلەرنىڭ ئىسلامغا توغرا باھا بېرىدىغان ھالغا كېلىشىدە ۋە نۇرغۇنلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولىشىدا شەك يوق .

دېمەككى، بۇ مەسىلىدىكى يېتەرسىزلىك مۇسۇلمانلاردا. چۈنكى بۇ دىنىنىڭ ئەھلى بولغان مۇسۇلمانلار ئۇنى باشقىلارغا ياخشى تونۇشتۇرالمىغاندىلا، ئاندىن باشقىلار ئۇنى تونۇيدۇ ۋە ئەۋزەللىگىنى بىلىدۇ. ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلغان ۋە ساھەلىرى كۆپەيگەنسېرى ئىلاھىي ھەقىقەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىشى سەۋەبلىك ئىمان ئېيتقان بىلىم

ئادەملىرىمۇ دۇنيادا كۆپ.

سەئۇدى ئەرەبىستاندا چىقىدىغان گېزىتلەرنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، گوللاندىيەلىك پارلامېنت ئەزاسى ئاندوروفان ئىسسىلىك شەخس ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ئۆچمەنلىكى بىلەن تونۇلغان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھاقارەتلەپ ھەجۋىي فىلىم ئىشلىگەن ئادەم بولۇپ، يەنە شۇنداق بىر ھەجۋىي فىلىم ئىشلەش ئۈچۈن ماتېرىيال ئىزدەش جەريانىدا ئىسلام دىنى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ ئەۋزەللىكىگە قايىل بولغان ۋە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان. شۇنداقلا ئىلگىرىكى دىنىغا قارشى قىلمىشلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، مۇندىن كېيىنكى ئۆمرىنى ئاللاھنىڭ دىنىغا خىزمەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

گېزىتلەردە خەۋەر قىلىنىشىچە، ئاندوروفان مۇندىن 3 ئاي ئىلگىرى مۇسۇلمان بولغان ۋە 2013 ـ يىل 4 ـ ئاي 18 ـ كۈنى مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھىرىگە كەلگەن، ئاندىن مەككىگە بېرىپ ئۆمرە ئىبادىتىنى ئادا قىلغان. ئاندوروفان سەئۇدى ئەرەبىستانغا كېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى كاتتا ئۆلىمالار بىلەن ئۇچراشقان. سەئۇدى ئەرەبىستان مۇفتىسىنىڭ ئالاھىدە قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن ۋە مۇفتى بىلەن سۆھبەتلەشكەن شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ئىسلام ھەققىدە تەلىماتلارنى ئالغان.»

سەئۇدى ئەرەبىستاندا چىقىدىغان گېزىتلەردە يېزىلىشىچە، ئاندوروفان ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇش سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن ئىسلامغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى يەنە بىر ھەجۋىي فىلىم ئىشلەش ئۈچۈن ئىزدىنىپ ماتېرىيال كۆرۈش جەريانىدا نۆۋەتتىكى تەشۋىقات قورallىرىنىڭ مېنىڭ ئىدىيەمنى قانچىلىك بۇرمىلىغانلىقىنى بىلدىم، مەن 48 يىل ئىسلامنى بىلمەي ئۆتكەن ھاياتىمغا بەك ئۆكۈنىمەن، مەن نۆۋەتتە خىزمىتىمدىن ئىستىپا بەردىم، قالغان ھاياتىمنى ئىسلامنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئاتىدىم. چۈنكى مەن ئىزدەۋاتقان ئاسايىشلىق بىلەن خاتىرجەملىكنى ئىسلامدىن تاپتىم. كاشكى مۇندىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان بولسام نېمە دېگەن ياخشى بولار ئىدى. ئەمدى مەن قالغان ئۆمرۈمنى ئىسلامغا ئاتىدىم.»

ئاندوروفان يەنە مۇنداق دېگەن:«ناۋادا بىز مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنى پۈتۈن ئىش ھەرىكەت ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىمىزدا ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىسەك، ئالدى بىلەن دۇنيادىكى بەزى تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ ئىسلامغا قارشى تەتۈر تەشۋىقاتلىرىغا ئەڭ كۈچلۈك رەددىيە بەرگەن بولىمىز. ئاندىن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئىسلامغا تارتالىساق، شۇ سەۋەبلىك غەپلەتتىكى ئىنسانلار ئىسلام ھەققىدە ئاز تولا ئىزدىنىپ قالسا، بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا باشقىچە بىر دۇنياغا ئايلىنىشىغا ئىشەنچىم كامىل. قېرىنداشلىرىم، بىز ھەممىمىز ئۆز نۆۋىتىدە ئەمەلىيىتىمىز بىلەن قۇرئانچە مۇسۇلمان بولايلى، بىز ھازىرغىچە ئىسلامدىن پەخىرلىنىپ كەلدۇق، ئەمدى ئىسلامنىڭ بىز بىلەن پەخىرلىنىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلدى، بىز ئەمدى ئۆزىمىزنى ئىسپاتلايلى!»

## ئىسلام دىنىغا كىرگەن خىتاي ئوقۇغۇچىلار

### تەيۋەننىڭ تەيبېي شەھرى «تەيبېي مەسچىتىدىكى دىنىي ئەقىدىلەرنى ئۆگىنىش سىنىپىنىڭ نەتىجىسىنى ئېلان قىلىش يىغىنى»دىن كۆرۈنۈشلەر



دىنىي ئەقىدىلەر توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلەۋاتقان چوڭلار سىنىپى



كىچىكلەر سىنىپىدىكى كۇرسانتلار قۇرئانى كەرىم ئوقۇماقتا.



كۇرسانتلار بىلەن ئائىلە باشلىقلىرى.



مۇكاپاتلانغان كۇرسانتلار

## تۈركىيىدە ئىسلامغا كىرگەن چەتئەللىكلەر كۆپەيمەكتە

يېقىندا، تۈركىيە دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، 2000-يىلىدىن 2013-يىلىغىچە 8779 چەتئەللىك تۈركىيىدە ئىسلام دىنىغا كىرگەن. بۇ سانلىق مەلۇماتلار يەنە بۇ چەتئەللىك دىنغا كىرگۈچىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئەسلىدە خىرىستىيان دىنى مۇرىتلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ گېرمانىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردىن كەلگەنلىكىنى، كۆپ قىسمىنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى. بۇنىڭغا قارىتا تۈركىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى دىيارباقىر ئۆلكىسىنىڭ مۇفتىسى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى:

«دىن ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن ئىگەللەيدۇ.چۈنكى ئىنسانلارنىڭ تۇغما تەبىئىتىنىڭ ئېھتىياجى روھنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرۈش، ماددىي تۇرمۇش ۋە خىزمەت ئېلىپ كەلگەن ھەرخىل ئاۋارىچىلىق ۋە ئۈششاق-چۈششەك ئىشلاردىن قۇتۇلۇپ چىقىش.

تۈركىيەلىك ياش بىلەن توي قىلغان بىر ئەنگلىيەلىك قىز ستاسپىنىڭ دىيىشچە، ئۇ ئۆز رازىلىقى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەنىكەن. ئىسلامدا ئۇنىڭغا ئەڭ تەسىر قىلغىنى، شەخسىي تازىلىققا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن يولدىشىمنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە تۇرىمەن، ئۆزۈمنىڭ ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتالىغىنىمدىن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىمەن، مەن تۈركىيەنىڭ بۇنداق تۇرمۇشىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا مەن دىيارباقىر ئۆلكىسىدە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تاللىدىم. شۇنداقلا ئۆزۈمگە بىر ئىسلامچە ئىسىم قويدۇم».

ستاسپىنىڭ يولدىشى مۇنداق دېدى: «مەن ستاسپي بىلەن ئانتاكيادا تونۇشقان، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۇ يەرگە ئارام ئېلىشقا بارغانىكەن. مەن ئۇنىڭغا توي تەكلىپى قويدۇم، بىز 2011-يىلى توي قىلىشتىن بۇرۇن ئۇ ئىسلام دىنىغا كىرىشنى قارار قىلدى. ئۇ بىر تىرىشچان قىز، ئاپامنىڭ ياردىمىدە نۇرغۇن ئىسلامىي بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالدى».



## دۇبەيدە 1120 كىشى ئىسلام دىنىغا كىردى

ئەرەپ بىرلەشمە خەلىپىلىگى خەير ـ ساخاۋەت تەشكىلاتى ۋە ئىسلام ئىشلىرى ئورگىنى ئىجرائىيە مۇدىرى راشد جانىبىنىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا دېيىشىچە، رامىزان ئېيىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 230 كىشى دۇبەيدە ئىسلام دىنىغا كىر ـ گەن.

ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئىسلام دىنىغا كىرگەن بۇ كىشىلەر ئاساسلىغى، فىلىپپىن، ھىندىستان، روسىيە، سىرلانكا، پاكىستان، كانادا، ئامېرىكا، رومىنىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن. ئۇلار ئەرەپ بىرلەشمە خەلىپىلىگى خەير ـ ساخاۋەت تەشكىلاتى ۋە ئىسلام ئىشلىرى ئورگىنىدا كەلىمە شاھادەت ئېيتىپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن.

بۇيىل 1 ـ ئاينىڭ بىشىدىن باشلاپ رامىزان ئاياغلاشقىچە جەمئىي 1120 كىشى دۇبەيدە ئىسلام دىنىغا كىرگەن.

ئەرەپ بىرلەشمە خەلىپىلىگى خەير ـ ساخاۋەت تەشكىلاتى ۋە ئىسلام ئىشلىرى ئورگىنى رامىزان مەزگىلىدە كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى چۈشىنىشى ئۈچۈن جەمئىي 24214 پارچە ئىسلام دىنىنى چۈشەندۈرىدىغان كىتاپ «قۇرئان ھەم دىن قانۇنى» قاتارلىق كىتاپلارنى تارقاتقان ئىكەن.

## يېقىنقى 10 يىلدا ئەنگلىيەدە 40 مىڭ كىشى ئىسلام دىنىغا كىردى

ئىران خەلقئارا قۇرئان ئاگېنتلىغىنىڭ «letempsdz» ئاخبارات مەركىزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ بەرگەن خەۋەر، نۇر تورى تەرجىمىسى: فاتىخ تەتقىقات ئورگىنى 2011 ـ يىلى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە، ئەنگلىيەدە 40 مىڭ 200 نەپەر كىشى ئىسلام دىنىغا كىرگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپىنچىسى ئاياللار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، فاتىخ تەتقىقات ئورگىنىدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئەنگلىيەدىكى يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلار ياش بىر ئەۋلادتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېشى 27 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىدە ئەنگلىيە جەمئىيىتىدىكى مەنىۋىيەت كەمچىللىگى ۋە غەرىپنىڭ دىنغا ۋە ئەخلاققا قارشى پائالىيەتلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز كۈچىيىشى تۈپكى سەۋەب قالغان. يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە جەمئىيىتىدە نۇرغۇن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن. باشقا كىشىلەر ئۇلارنىڭ كىيىنىشى ۋە ھەرىكەتلىرىنى مەسخىرە قىلغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، گەرچە مۇشۇنداق بىر قاتار مەسىلىلەر ساقلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئەنگلىيە جەمئىيىتى ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلانماقتا ئىكەن.خەۋەرنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلدى: يېقىنقى 10 يىل



ئىچىدە، ئەنگلىيەدە يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ سانى � ئاشتى، بۇ سان دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## 5 ـ ئىبرەتلىك خاتىرىلەر

### (1) قۇرئانى كەرىمدىكى ئىبرەتلىك تارىخىي بايانلار

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەلۇماتلاردىن ئاللاھۇ تەئالانىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكى شۇنداقلا ئەبەدى ئىكەنلىكى، پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنى ياراتقۇچى، شەپقەتى، رەھمىتى، مەغپىرىتى چەكسىز ۋە تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ئۇلۇق زات ئىكەنلىكى، ئىسلامىيەتنىڭ دۈشمەنلىرى ھەرگىزمۇ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى، بەلكى ئەبەدىي ئىبرەت بولۇپ قالىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز، ئەلبەتتە. مۇنداق ھېس قىلالاش ـ ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى بارلىقىنى، ھەرگىزمۇ ھايۋاننىڭ نەسلى ئەمەسلىكىنى تەپەككۇر قىلالايدىغان ئىنسانغا خاس بىر خىل ئالاھىدىلىك.

ئەمما كۆپ ئەپسۇس، ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى بارلىقىنى ھېس قىلمايدىغان ۋە بىر ھايۋاننىڭ نەسلىدىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان ئەقىلسىز ئىنسان مۇنداق ھېسىياتقا كېلەلمەيدۇ ۋە ھاياتنىڭ ھوزۇرىنى مۇشۇ دۇنيادىلا بار، دەپ بىلىدۇ. ـ دە، كۆپىرىلىق پاتقىقىغا بېشى كۆرۈنمەس ھالەتكىچە چۆكۈپ كىتىپ ، پاجىئە بىلەن تۈگىشىدۇ.

بۇ يەردىكى ئاساسلىق مەسىلە، ئاللاھۇ تەئالانى تونىماسلىق، بۇتلارنى ئىلاھ بىلىپ

ئاللاھۇ تەئالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاللاھۇ تەئالانىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنى ئېتىراپ قىلماسلىق، شۇھالدا ئاللاھۇ تەئالانىڭ تەلىم - نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماسلىق، خىلمۇ - خىل بۇزۇق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش، ئۆزىدىن ئاجىز قارالغان - لارغا زورلۇق - زومبۇلۇق ئىشلىتىپ ، رەھىمسىز مۇئامىلىلەردە بولۇش كەبى شەيتانى قىلمىشلارنى ئەۋج ئالدۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ.

ئەنە، ئاللاھۇ تەئالاغا بويۇنتاۋلىق قىلىپ لەنەتكە ئۇچرىغان لەنتى شەيتاننىڭ جەننەتتىن قوغلىنىشى، ....

ئەنە، بۇتپەرەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ ئاللاھۇ تەئالاغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە قارشى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك تۇفان بالاسىدا ھالاك قىلىنغان راسىپ قەۋمى،......

ئەنە، بۇتپەرەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ ئاللاھۇ تەئالاغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە قارشى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك يەتتە كېچە - كۈندۈز شىددەتلىك بوران ئاپىتى بىلەن ئاد قەۋمىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى....

**ئەنە** ، بۇتپەرەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ ئاللاھۇ تەئالاغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان نەمرۇتنىڭ شەرمەندىلەرچە مەغلۇبىيىتى...

ئەنە، بۇتپەرەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ ئاللاھۇ تەئالاغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن، بۇلاڭچىلىق بىلەن كىشىلەرنى خانىۋەيران قىلغان، بەچچەۋازلىقتىن نومۇس قىلمىغان سودۇم قەبىلىسىنىڭ تاش ياغدۇرۇلۇپ ھالاك قىلىنغان پاجىئەلىك تەقدىرى....

ئەنە، بۇتپەرەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ ئاللاھۇ تەئالاغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن، كىشىلەرگە زورلۇق - زومبۇلۇق ئىشلىتىپ، تارازىدا ئالا كۆڭۈللۈك قىلىپ جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللانغان، پىتنە -پاساتچى مەديەن-ئەيكە ئاھالىسىنىڭ تۇرغان جايىدا قاتتىق زىلزىلە بىلەن تاشتەك قېتىپ ئۆلگەن پاجىئەلىك تەقدىرى.....

ئەنە، ئەنە، بۇتپەرەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ ئاللاھۇ تەئالاغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن، ئۆز ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ھەتتا بوۋاق باللارنىمۇ رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرگەن قاتىل فىرئەۋننىڭ دەسلەپتە سۇ، چېكەتكە، پىت، پاقا ۋە قاندىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك ئاپەتكە دۇچار قىلىنىشى، كېيىن بولسا ھۇشىنى تاپماي زورلۇق-زومبۇ - لۇقنى كۈچەيتكەندە دېڭىزدا بوغۇلۇپ ئۆلىشى.....

بۇ ھەقتە يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، « وَجَاوَزْنَا بِبَنِي إِسْرَائِيلَ الْبَحْرَ فَأَتْبَعَهُمْ فِرْعَوْنُ وَجُنُودُهُ بَغْيًا وَعَدْوًا حَتَّى إِذَا أَدْرَكَهُ الْغَرَقُ قَالَ آمَنتُ أَنَّهُ لا إِلَهَ إِلاَّ الَّذِي آمَنَتْ بِهِ بَنُو إِسْرَائِيلَ وَأَنَاْ مِنَ الْمُسْلِمِينَ» ﴿٩٠﴾ (بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلارنى فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلىش يۈزىسىدىن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان ۋاقىتتا : «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيرىي ئىلاھ يوقتۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېدى) ﴿90﴾ «آلآنَ وَقَدْ عَصَيْتَ

قَبْلُ وَكُنتَ مِنَ الْمُفْسِدِينَ» ﴿٩١﴾ (ئۇنىڭغا دېيىلدىكى) : «(ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە) ئەمدى (ئىمان ئېيتامسەن؟) ئىلگىرى اللهقا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ) ﴿91﴾) «فَالْيَوْمَ نُنَجِّيكَ بِبَدَنِكَ لِتَكُونَ لِمَنْ خَلْفَكَ آيَةً وَإِنَّ كَثِيرًا مِّنَ النَّاسِ عَنْ آيَاتِنَا لَغَافِلُونَ» ﴿٩٢﴾ ( سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى قۇتقۇزىمىز (يەنى سېنىڭ جەسىتىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز)» . « نۇرغۇن كىشىلەر، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر) ﴿92﴾ (سۈرە «يۇنۇس» )

شۇنداق قىلىپ مىڭلىغان بوۋاقلارنى بوغۇزلاپ، مىڭلىغان ئادەملەرنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەن زالىم پادىشاھ ئاخىر دېڭىزدا غەرق بولۇپ ئۆلدى.

قىسقىسى، قۇرئانى كەرىمدە مۇندىن 14 ئەسىر ئىلگىرى مانا شۇنداق ئاچچىق ساۋاقلىق ئىبرەتلىك ھادىسىلەر ئۈچۈق بايان قىلىنغان .

## (2) ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىمىگەن كىشىنىڭ ئىلمى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، قۇرئانغا ئەمەل قىلمىغان، ياكى ئەمەل قىلغاندىمۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولمىغان كىشىنىڭ ئىلمى قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ھەزرىتى ئەبى ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: « قىيامەت كۈنى ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋۋىلى شېھىد قىلىنغان بىر ئادەم بولۇپ، ( ئۇ سوت مەيدانىغا ) كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن (پەرۋەردىگارى ) ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ نېمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئاندىن ئۇ ( پەرۋەردىگارىنىڭ ) نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئاندىن پەرۋەردىگارى ئۇنىڭدىن ئۇ نېمەتلەرنى نېمىگە ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدە سورايدۇ، ئۇ، « سېنىڭ يولۇڭدا شېھىد بولغانغا قەدەر ئۇرۇشتۇم » دەيدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: « يالغان ئېيتتىڭ، لېكىن سەن ( دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ) باتۇر ـ جەسۇركەن دېيىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشتۇڭ، ھەقىقەتەن ( دۇنيادا ) شۇنداق دېيىلىپ بولدى»، ئاندىن ئۇنىڭغا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، يۈزىچە سۆرەپ ئاپىرىپ ئوتقا تاشلىنىدۇ. ( دۇنيادا ) ئىلىم ئۆگەنگەن، ئۆگەتكەن، قۇرئان ئوقۇغان بىر ئادەم بولۇپ، ( ئۇ سوت مەيدانىغا ) كەلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن (پەرۋەردىگارى ) ئۇنىڭغا بېرىلگەن نېمەتلەرنى تونۇتىدۇ، ئاندىن ئۇ ( پەرۋەردىگارىنىڭ ) نېمىتىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئاندىن ( پەرۋەردىگارى ) ئۇ نېمەتنى نېمىگە ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدە سۇرۇشتە قىلىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلىم ئۆگىنىپ ئۆگەتكەنلىكىنى ۋە پەرۋەردىگارى ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇغانلىقىنى ئېيتىدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: « يالغان ئېيتتىڭ، لېكىن سەن ( دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ) (ئالىم ئىكەن) دېيىلىش ئۈچۈن ئۆگەندىڭ، قۇرئاننى قارى ئىكەن دېيىلىش

ئۈچۈن ئۇقۇدۇڭ، ھەقىقەتەن (دۇنيادا ) شۇنداق دېيىلدى»، ئاندىن ئۇنىڭ ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلىپ يۈزىچە سۆرەپ ئاپىرىپ ئوتقا تاشلىنىدۇ. ( دۇنيادا ) جەنابى ئاللاھ كەڭرىچىلىك بېرىپ ھەر خىل مال ئاتا قىلغان بىر ئادەم بولۇپ، ( ئۇ قىيامەت كۈنى سوت مەيدانىغا ) كەلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن ( پەرۋەردىگارى ) ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ( ئاتا قىلغان ) نېمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئاندىن ئۇ ( پەرۋەردىگارىنىڭ ) نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئارقىدىن پەرۋەردىگارى ئۇنىڭدىن ئۇ نېمەتلەرنى نېمىگە ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدە سورايدۇ، سەن ئىنپاق قىلىنىشنى ياخشى كۆرگەن بىر يولنىمۇ تاشلاپ قويماي ھەممىسىگە سەن ئۈچۈن ئىنپاق قىلدىم، دەيدۇ. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: « يالغان ئېيتتىڭ، لېكىن سەن ئۇنى (دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ) ‹ئىنتايىن سېخى كىشى ئىكەن› دېيىشۇن دەپ قىلدىڭ.»، ھەقىقەتەن (دۇنيادا) شۇنداق دېيىلدى، ئاندىن ئۇنىڭ ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلىپ يۈزىچە سۆرەپ ئاپىرىپ ئوتقا تاشلىنىدۇ.» ( ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى ).

مەزكۇر كىشىلەرنىڭ جىھادى، ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن ئىلمى ۋە قىلغان سەدىقىسى ئاللاھ ئۈچۈن بولمىغان. بەلكى كىشىلەر ئالدىدا ئابرويغا ئېرىشىش ئۈچۈن بولغان. شۇ جەھەتتىن ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى ئۇلارنى جەننەتكە ئەمەس، ئەكسىچە يۈزىچە سۆرەپ ئاپىرىلىپ دوزاخقا تاشلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قۇرئانى كەرىمنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققىنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز لازىم ۋە شۇنى قەتئىي بىلىشىمىز كېرەككى، ھەقىقەتەن قۇرئانى كەرىم مازارلىقتا ئوقۇلۇشقا چۈشۈرۈلمىگەندەك، تاملارنى ۋە ئۆيلەرنى زىننەتلەشكە، ياكى شەخسى ماشىنى-لارنىڭ ئارقىسىدا قويۇپ قويۇشقا ياكى كۆز مونچاق قىلىپ بويۇنلىرىغا ئېسىۋېلىشقىمۇ چۈشۈرۈلمىگەن. شۇنىڭدەك ئۇنى تاشلاپ قويۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرۋەر-دىگارىغا شىكايەتتە بولۇشى ئۈچۈنمۇ چۈشۈرۈلمىگەن. بەلكى ئەمەلى ھاياتىمىزغا تەتبىقلىشىمىز ئۈچۈن نازىل قىلىنغان.

بىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت - سائادىتىمىز پەقەت بۇ ئىلاھى دەستۇرىمىزغا تەكرار قايتىشىمىز بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ شۇنداق مەڭگۈلۈك بىر ئىلاھى دەستۇركى، خارلىقتىن ئېزىزلىققا، تەقلىدچىلىكتىن كەشپىياتچى بولۇپ يېتىشكەن ئەجداتلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي ئاۋانگارت ئەۋلادلىرى بولىشىمىز ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن بەخشەندە قىلىنغان مۇبارەك دەستۇرىمىزدۇر.

قەتئىي ئۈنۈتمايلىكى، قەلبىمىزدە جانابى ئاللاھنىڭ «ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى: **«جىمى ھەمدۇ - سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر، دېيىشتىن ئىبارەت »** ( سۈرە «يۇنۇس»، **10** - ئايەتنىڭ بىر قىسمى ) دېگەن مۇبارەك سۆزى چوڭقۇر ئورۇنلىششى ۋە پۈتكۈل ياخشى ئىشلىرىمىزنى ئاللاھنىڭ رازى-رىزالىغى ئۈچۈن قىلىشتىن ئىبارەت پاك ۋە پاكىزە ھېس-تۇيغۇ بىلەن ياشىشىمىز كېرەك.

## (3) پارىخورلۇق

### پارىخورلۇق ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى

ئۆلىمالار پارىخورلۇقنىڭ ئەڭ يامان ئىجتىمائىي جىنايەت ئىكەنلىكىنى ، پارا بەرگەن ۋە ئالغان، ئۇنىڭغا سايە قىلغان، ۋاستە بولغان كىشلەرنىڭ ھەممىسى بۇ جىنايەتكە شېرىك ئىكەنلىكىنى سۆزلىمەكتە.

پارىخورلۇق - بىراۋنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش ياكى ئۇنىڭ خىزمەت ئورنىنى تارتىۋېلىش ياكى ئۇنىڭغا كەلگەن ئامەتنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش ياكى گۇناھسىز بىرىنى قارىلاش ياكى بىرەر جىنايەتكارنى ئاقلاش ياكى ئۇنىڭ جىنايىتىنى يېنىكلىتىش ياكى قانداقلا بىر دەۋا ئىشىدا قارشى تەرەپنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە قارىتىشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىش ئۈستىدىكىلەرگە مەلۇم مىقداردا پۇل ياكى پۇلغا توختايدىغان بىر نەرسە بېرىش دېگەنلىك بولۇپ، پارىنى بەرگەن ۋە ئالغان ھەر ئىككىسى ئاللاھنىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناھكار، ئىنسانىيەت ئالدىدا ئەيىپكار بولىدۇ.

### پارا بېرىش ياكى ئېلىشنىڭ گۇناھى ئېغىر

ئۆلىمالار پارىخورلۇقنىڭ باشقىلارنىڭ ھېساۋىغا ئىشلەنگەن جىنايەت بولۇپلا قالماستىن، ھەق - ھوقۇقلارنى دەپسەندە قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان خىيانەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پارىخورلۇق ئەڭ يامان خىيانەتچىلىك بولۇپ، ھەق - ھوقۇقلارنىڭ دەپسەندە بولۇشىغا، ئادالەتسىزلىك ۋە تەڭسىزلىككە، كىشلەرنىڭ مەنپەئەتىگە نامەرتلەرچە خىرس قىلىشقا، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلىشقا، تۆھمەتلەرنى ئارتىپ ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشكە، جەمئىيەت تەرتىۋىنى بۇزۇشقا، خاتىرجەملىك، ئامانلىق ۋە ئىشەنچنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىنتايىن قەبىھ ۋە رەزىل قىلمىشتۇر.»

پارا بېرىش ياكى ئېلىش ئىسلام دىنىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دىنلاردا ۋە پۈتۈن قانۇنلاردا قەتئىي هارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ پارا بەرگۈچىگە، ئۇنى ئالغۇچىغا ۋە ئۇنىڭغا سايە قىلىپ ۋاستە بولغۇچىغا لەنەت قىلدى» دېيىش ئارقىلىق پارىخورلۇق جىنايىتىنىڭ جازاسىنى بايان قىلغان. ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغانلىق ئاخىرەتلىك نېسىۋىدىن پۈتۈنلەي قۇرۇق قالغانلىقتۇر.

### پارىخورلۇقنىڭ خەتىرى كۆپ

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ئابدۇللا ئىبنى سالىھ ئەل قەسىر «مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇھىم ۋەزلەر» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان:«پارىخورلۇق رەزىل قىلىق

بولۇپ، ئۇنىڭ شۇملىقى ناھايىتى كۆپتۇر. چۈنكى ئۇ ھارام مالدۇر، پارىخورلۇق قىلىپ پۇل تاپقان ئادەمنىڭ قىلغان سەدىقىسى قوبۇل بولمايدۇ، دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ، ئۇ قەلبى قارىيىپ، گۇناھنى قورقماي ئىشلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، تەقۋالىقتىن يىراقلىشىدۇ، نەپسى شەيتانغا بەكرەك ئەگىشىدىغان، ھارامدىن قورقمايدىغان، ھالالنى ئىلغىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. پارىخورلۇقنىڭ مۇندىن باشقا شۇملۇقلىرى كۆپتۇر. پەيغەمبىرىمىز بىر ھەدىستە، «ھارامدىن ئۇزۇقلىنىپ ئۆسكەن بەدەن دوزاختا ھەقلىقتۇر» دېگەن. قۇرئان كەرىمدە«بىر ـ بىرىڭلارنىڭ پۇل ـ مېلىنى ناھەق يەۋالماڭلار» دېيىلگەن.

## (4) قەبرىدىكى ھاياتلىق ئەھۋالى

سوئال:

جەسەت قەبرىدە تىرىلىدۇ دېيىلسە، ئۇ بۇ دۇنيادىكى ھاياتلىققا ئوخشامدۇ؟

قانچىلىك تۇيغۇ بىلەن بولىدۇ، قەبرىدىكى ھاياتلىقنىڭ مۇددىتى قانچىلىك؟

قەبرىدە جەسەتتىن سوئال قىلىنىدىغان بولسا، ھىندى ۋە ياپونلۇقلاردەك جەسەتنى كۆيدۈرىۋېتىدىغانلار بار، ئۇلاردىن قەيەردە سوئال قىلىنىدۇ؟ دوختۇر بىمارنى ئوپېراتسىيە قىلىش جەريانىدا ناركوز قىلىش ئارقىلىق بىمارنىڭ تۇيغۇلىرىنى ۋاقتىنچە يىراقلاشتۇرىدۇ، ئەمما بۇ ئۆلۈمدە قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر.

ئالدى بىلەن ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىلىۋېلىشى مۇھىم بولغان بىر مەسىلە: ئاللاھۇ تەئالا قۇرئانى كەرىمدە خەۋەر بەرگەن ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىق بىلدۈرگەن قىيامەتكە ئالاقىدار بولغان، ھېساپ، جەننەت، دوزاخ، ئۆلۈمگە ئالاقىدار بولغان قەبرىدىكى سوئال ـ جاۋاپ، نېمەت ـ ئازاپلار ۋە باشقا غەيبى ئىشلارنىڭ ھەممىسگە ئىشىنىش، تەستىقلاش ۋە بويسۇنۇش ۋاجىپ بولىدۇ. بىز ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ۋە بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، ئاللاھۇ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھتىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار؟ يەنى ئاللاھتىنمۇ راست سۆزلۈك ھېچكىم بولمايدۇ.» (سۈرە «نىسا»، 122 ـ ئايەت). يەنە بىر ئايەتتە: «ئاللاھتىنمۇ توغرا سۆزلۈك كىم بار؟ يەنى سۆزىدە، ۋەدىسىدە ئاللاھتىنمۇ سادىق ھېچكىم يوق.» (سۈرە «نىسا»، 78 ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ سەممىي راستچىل كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئۇ ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدۇ بەلكى ئاللاھنىڭ ئىلھام قىلغان ۋەھىيلىرىنى سۆزلەيدۇ. غەيبى ئىشلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلمىسەكمۇ سەھىھ ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان ھەدىسلەرنى تەستىق قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ، بولۇپمۇ ئاخىرەت توغرىسىدا،

جەننەت، دوزاخ، جەننەت ئەھلىنىڭ نېمەتلىرى، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئازاپلىرى، ئىنساننىڭ قەبرىدە نېمەتلىنىدىغان ياكى ئازاپلىنىدىغانلىغى، روھنىڭ جەسەتكە قايتۇرۇلىدىغانلىغى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ھەقىقەت بولۇپ بۇ توغرىدا نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەر بايان قىلىنغان. مۇسۇلمان بەندىنىڭ قۇرئان بىلدۈرگەن ياكى سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان ياكى ئىسلام ئالىملىرى بىرلىككە كەلگەن ئىشلارغا ئىشىنىشى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنىشى ۋاجىپ بولىدۇ.

ئاللاھ مۇسۇلمان ئەر-ئاياللارنىڭ بىرەرسىگە بۇنىڭدىكى سىرى-ھېكمەتلەرنى بىلدۈرگەن بولسا بۇ ياخشىلىق ئۈستىگە ياخشىلىق، نۇر ئۈستىگە نۇر ۋە ئىلىم ئۈستىگە ئىلىم ھاسىل بولغانلىقتۇر. ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ بۇ چەكسىز نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئېيتىپ، بۇ ئىلىم-ھېكمەتلەر بىلەن چۈشەنچىسنى ئاشۇرۇپ غەيبى ئىشلارغا بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

قەبرىدىكى سوئال-سوراق ۋە جەسەتكە ئالاقىدار ئىشلارغا كەلسەك: قەبرىدە سۇئال قىلىنىش، جەسەتكە روھنىڭ قايتۇرۇلۇشى ھەق ئىش بولۇپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بۇ توغرىدا نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەر بايان قىلىنغان.

قەبرىدىكى ھاياتلىق دۇنيادىكى ھاياتلىقنىڭ باشقا تۈرى بولۇپ، قەبرىگە خاس بولغان بەرزەخ ھاياتىدۇر. بۇ ھايات يېمەك-ئىچمەك ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئېھتىياجلىق بولىدىغان دۇنيا ھاياتىنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ قەبرىدە قىلىنىدىغان سوئاللارنى بىلگۈدەك بىر ھاياتلىقتۇر. ئىككى پەرىشتە مېيىتتىن: پەرۋەردىگارىڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە؟ پەيغەمبىرىڭ كىم؟ دېگەن سوئاللارنى سورايدۇ. مۆمىن-مۇسۇلمان كىشى: پەرۋەردىگارىم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. بارلىق مۆمىن-مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن يۇقىرىقىدەك جاۋاپ بېرىدۇ. پەرىشتە: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قانداق بىلىسەن؟ دەپ سورىغاندا، مۇسۇلمان: ئۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بىزگە ھىدايەت يولىنى كۆرسەتتى، بىز ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدۇق، ئىشەندۇق ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشتۇق دەيدۇ. پەرىشتە: بىز سىنىڭ مۆمىن ئىكەنلىگىڭنى بىلەتتۇق، دەيدۇ ۋە ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتىن بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ، ئۇ يەردىن جەننەتنىڭ خۇش-پۇراقلىرى ۋە نېمەتلىرى كېرىپ تۇرىدۇ. ئۇ كىشىگە: ئاللاھ سىنى قەبرىدىن ھېساپ مەيدانىغا قوزغاتقانغا قەدەر بۇ سىنىڭ تۇرىدىغان ئورنۇڭ دېيىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ كىشىگە دوزاختىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ: ئەگەر ئاللاھقا ئىشەنمىگەن بولساڭ بۇ سىنىڭ ئورنۇڭ بولاتتى، ئەمما ئىمان ئېيتقانلىغىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سېنى دوزاختىن ساقلىدى ۋە جەننەتكە يول ئالدىڭ دېيىلىدۇ. ئەمما كاپىردىن پەرۋەردىگارى، دىنى ۋە پەيغەمبىرى توغرىسىدا سۇئال سورالسا، ھاھ، ھاھ، ھاھ بىلمەيمەن، كىشىلەرنىڭ بىرنەرسىلەرنى دەۋاتقانلىغىنى ئاڭلىغانتىم مەنمۇ شۇنى دېگەن، دەيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنى تۆمۈر توقماق بىلەن بىرنى سالىدۇ، ئاغرىق ئازابىدىن چىرقىراپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى

ئىنسان ـ جىندىن باشقا ھەممە جانلىقلار ئاڭلايدۇ. قەبرىسى ئۇنى سىقىپ قوۋۇرغىلىرىنى ئۆتەشتۈرىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ تەرىپىگە دوزاختىن بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ، ئۇنىڭ قەبرىسى دوزاخنىڭ ئوتلۇق ئورەكلىرىنىڭ بىرى بولىدۇ، ئۇنىڭغا دوزاخنىڭ زەھەرلىك ئاچچىق يۇراقلىرى ۋە ئازاپلىرى كېلىپ تۇرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: ئاللاھ سىنى قەبرىدىن ھېساپ مەيدانىغا قوزغاتقانغا قەدەر بۇ سىنىڭ تۇرىدىغان ئورنۇڭ دەيدۇ. ئاندىن كىيىن جەننەتتىن بىر ئىشىك ئېچىلىپ ئۇنىڭ جەننەتتىكى ئورنى كۆرسىتىلىدۇ ـ دە، ئاللاھ سىنى ھىدايەت قىلغان بولسا ئىدى، بۇ سىنىڭ ئورنۇڭ بولاتتى، دەيدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئىنسان ئۈچۈن قەبرە جەننەتنىڭ گۈزەل باغچىلىرىدىن ياكى دوزاخنىڭ ئوتلۇق ئورەكلىرىدىن بىرى بولىدۇ. نېمەت بىلەن ئازاپ قەبرىدە روھ ۋە جەسەت بىلەن بىرگە بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئاخىرەتتە جەننەت بىلەن دوزاختىمۇ روھ بىلەن جەسەت بىرگە بولىدۇ.

ئەمما سۇغا چۆكۈپ ياكى ئوتتا كۆيۈپ ياكى يىرتقۇچلارغا يەم بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر ۋە شۇنىڭ ئوخششىدا ۋاپات قىلغان ئىنسانلارنىڭ روھىغا نېمەت ياكى ئازاپتىن بولغان نېسىۋىسى يېتىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ جەستى قۇرۇغلۇقتا ياكى دېڭىزدا ياكى يىرتقۇچلارنى قارنىدا بولسۇن ئاللاھ ئۇنىڭدىن خالىغاننى كەلتۈرىدۇ. (يوقتىن بار قىلىشقا قادىر ئاللاھ ئىنساننىڭ ئۆلۈمى قايسى تۈردىكى ئۆلۈم بولسۇن، ئەگەر ئازابى ياكى نېمىتىنى تىتېتىشنى ئىرادە قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۈچۈن ئاساندۇر. ـ مۇھەررىر ـ) لېكىن نېمەت بىلەن ئازاپنىڭ كۆپرەكى روھقا بولىدۇ، روھ نېمەتلىنىدۇ ۋەياكى ئازاپلىنىدۇ، مۆمىننىڭ روھى جەننەتكە كېتىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن مۆمىننىڭ روھى جەننەتنىڭ باغچىلىرىدا ئۇچۇپ يۈرىدۇ، تۈرلۈك مېۋىلەردىن ھوزۇرلىنىدۇ، كاپىرنىڭ روھى دوزاخقا كېتىدۇ».

مۇسۇلمان ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى خەۋەر بەرگەن ئىشلارغا ئىشىنىشى ۋە بەزى سىرى ـ ھېكمەتلىرىنى بىلمىسىمۇ بۇنى ئاللاھ ئىرادە قىلغان يول بىلەن تەستىق قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. ئاللاھ ئەڭ ئالى ھىكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

شەيخ ئىبنى بازنىڭ تۈرلۈك ماقالىلار ۋە پەتىۋالار توپلىمى ناملىق ئەسىرى، 338 ـ بەتكە مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

مەنبە: http://www.islamhouse.com/p/228017

## (5) قەبرىدىكى فاجىئە

ئۆزبېكىستاننىڭ نەمەنگان ۋىلايىتىدە خاتىپلىق قىلىدىغان قابىل قارى ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ۋەقەنى ئېيتىپ بەرگەن :

1996 ـ يىلى دوستۇمنىڭ 21 ياشلىق ئىنىسى ناركوتىك (زەھەرلىك چېكىملىك)نى ئۇكۇل قىلىپ پەيلىرى قاتقان ھالەتتە ئۆلگىنى ھاجەتخانىدىن تېپىلىپتۇ. ئەسلىدە ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ھارام ئەمەلدە (يەنى زىناخورلۇق قىلىپ جۇنۇپلۇقتا ، ھاراق ئىچىپ كەيپلىكتە، زەھەر ئىستىمالدا ۋاقىتسىز) ئۆلگەن كىشىگە جىنازا نامىزى دۇرۇس بولمايتتى ھەم نامازمۇ چۈشمەيتتى، ـ دەپ گېپىنى داۋام قىلدۇ قابىل قارى، ـ بىراق دوستۇمنىڭ زورى بىلەن يۈز كېلەلمەي نامىزنى چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ئەسىر ۋاقتىدا قەبرىستانلىققا ئېلىپ كېلىپ يەرلىككە قويۇشقا تەييارلاندۇق. دوستۇم ئېگىزدە تۇرۇپ ئىنىسىنىڭ مېيىتىنى سۇنۇپ بەردى، مەن ئىچ يەرلىك(يەنى ـ لەھەت)نىڭ ئىچىدە تۇرۇپ مېيىتنى تارتىپ ئالدىم. مېيىت ئورالغان كېگىزنى يېشىپ ئاپئاق كېپەنلىكتىكى مېيىتنى ئاۋايلاپ ياتقۇزدۇم. پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىدىكىدەك يۈزىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ قوياي دەپ شۇنچە تىرىشساممۇ قېتىپ كەتكەن بويۇن ئۇدۇل كەلمىدى. شۇ ئەسنادا قاراڭغۇ لەھەتنىڭ بۇلۇڭىدىن تۇيۇقسىز بىر جۈپ قىزىل رەڭلىك نۇرنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە يۈرىكىم«قارت!»قىلىپ قالدى.ئۆزۈمنى سەل بېسىۋېلىپ سىنچىلاپ قارىسام كىچىك بالىنىڭ بىلىكىنىڭ تومىلىغىدا بىر تال قارا رەڭلىك يىلان تۇرىدۇ. قارا تەرگە چۆمۈلدۈم، قىسقا ۋاقىت ئۆزۈمنى يوقاتتىم، ئاخىرى يەنە غەيرەتكە كېلىپ ئىچىمدە «سەئىدۇل ئىستىغفار»نى ئوقۇپ سىرتقا قاراپ ئاستا سۈرۈلدۈم. شۇ ئەسنادا يەرلىكنىڭ تۆت بولۇڭىدىن يەنە ئۈچ جۈپ قىزىل نۇر كۆرۈندى، «دېمەك، بۇ يىلانلار ئاز ئەمەسكەن»، دەپ ئويلىدىم. شۇنداقلا كاللامغا«بۇ يىلانلار نىمىشقا باشقا يىلانلاردەك تەرتىپسىز لۆمشۈپ چىقماي،تېنىنىڭ يېرىمى يەر ئارىسىدا يېرىمى ئوچۇقچىلىقتا تۇرىدۇ؟نىمىشقا ماڭا قارىغۇلارچە ھۇجۇم قىلماي خۇددى مېنىڭ چىقىپ كېتىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندەك جىمجىت قاراپ تۇرىدۇ؟ بۇلار ئاللاھنىڭ مېيىتنى ئازاپلاش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئالاھىدە مەخلۇقلىرىمدۇ ـ يا؟» دېگەن خىيال كاللامدىن لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.نىملا بولمىسۇن تېزراق چىقىپ كېتىشىم كېرەك ئىدى. سىرتقا قاراپ ئۆمىلىدىم، كۆزۈمنىڭ قۇيرۇغىدا يىلانلارغا قارايمەن، سۈرئىتىم ناھايىتى ئاستا ئىدى. يىلانلار ئەمدى رەسمى تۆشۈكلىرىدىن قىمىلداپ چىقىپ مېيىتقا قاراپ سىلجىشقا باشلىدى. مەنمۇ چىقىۋالدىم، بىراق ئېھتىياتسىزلىقىمدىن كەينىدىنراق تارتىپ چىقارغان سول پۇتۇمنىڭ ئۇشۇقىغا بىر يىلاننىڭ قۇيرۇقى سەل ـ پەل تېگىپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم. شۇئان تاپىنىمدىن كىرگەن يۇقىرى بېسىملىق توك سوققاندەك بىر ئاچچىق ئاغرىق مېڭەمدىن چىقىپ كەتتى.قارىسام يىلاننىڭ قۇيرۇقى سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن يەر قىزىرىپ قاپتۇ. دەرھال يۇقىرىدىكىلەرگە كېسەك سۇنۇپ بېرىشنى بۇيرۇدۇم، ماڭا سۇنۇپ بېرىشتى. تۇۋا كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم ،لەھەتنىڭ نەلىرىدىن چىققان بولغىيتتى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا بىرەر يۈزدەك يىلان مېيىتنى ئورىۋاپتۇ ھەتتا ئاق رەڭلىك كېپەنىنمۇ ئىلغا قىلالمىغۇدەك ھالغا كېلىپ قاپتۇ.قورققىنىمدىن يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغاندەك بولۇپ كېسەكلەرنى ئېتىنىك ـ

ئىتتىك قويۇپ كامارنىڭ ئاغزىنى ئەتتىم، ئەجەپلىنەرلىگى بۇ يىلانلار مەن تەرەپكە قاراپمۇ قويماي ئۆلۈكنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىش بىلەن ئالدىراش ئىدى....

ئىخلاس تويىسىنىمۇ سىيپىشكە ئۈلگۈرمەي لەھەتنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ گۆرجەك بىلەن ئازراق توپا دۆۋىلەپ قويۇپ يۈگرىسىغا ئاران چىقىۋالدىم. دوستۇم چىرايىمنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىگىنى، نىمە بولغانلىغىنى سوراپ تۇرۇۋالدى. كۆرگىنىمنى دىيىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم، ئۇنىڭغا مۇسىبەت ئازابىمۇ يېتىپ ئاشاتتى. پەقەت:«يەر ئاستى بەك دىمىقكەن، دېمىم سىقىلىپ كەتتى.» دەپلا قويدۇم ۋە ئۆيگە ئاران كېلىۋالدىم. شۇنچە نۇرغۇن مىيتنى يەرلىككە قويۇپتىمەن، بۇگۈنكىدەك ئەھۋالنى ئۇچراتمىغانىدىم. دوستۇمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن بۇ ئىنىسىنىڭ -كىشىنىڭ ھەققىنى قانداق يىگەنلىگىنى، ئاتا-ئانىسىنى قانداق قاخشاتقانلىغىنى، كەيىپ-ساپاغا قانچىلىك بېرىلگەنلىگىنى...ھازىر ئۇ مىيتنىڭ نىمە بولۇپ كەتكەنلىگىنى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىمغا ئەكەلدىم. پۈتۈمنى سىلاپ قويدۇم. توختىماي ئىششىۋاتاتتى.ئايالىمغا بولغان ئىشلارنى ئېيتىپ بەردىم. ئايالىم كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ: « بىر يىلاننىڭ قويرۇقى ئازغىنە تېگىپ كەتكىنىگە پۇتىڭىزنىڭ ئەھۋالى شۇ بولغان بولسا قەبرە ئازابىغا دۇچار بولغان مىيىت يىلانلار تەرىپىدىن جان-جەھلى بىلەن چېقىلغان بولسا ، ئۇ يەردە نىمە كۈن كۆرۈۋاتقاندۇر-ھە؟» دەپ ئۇلۇغ-كىچىك تىندى.

پۇتۇمدىكى ئىششىق مېنى توپ-توغرا بىر ئاي قىيناپ ئاخىرى يىرىڭلاپ،كەينىدىن قەقەچ تۇتۇپ ئالدىرىماي ساقايدى.شۇ كۈنگىچە جامائەتكە چىقالماي نامازنى ئۆيدە ئوقۇدۇم.ھەر نامىزىمدا ياراتقان ئاللاھنىڭ قۇدرىتى،جازاسى كۆز ئالدىمدا نامايەن بولۇپ يىغلاپ تۇرۇپ دۇئا قىلدىم.ئەلھەمدۇلىللاھ مانا ھازىر سەللىمازا ساقايدىم.بىراق قەبرە ئازابىنىڭ ئىسپاتى بولغان سول پۇتۇمدىكى يىرىڭلىق ئىز يالداما بولۇپ ماڭا ھەر ۋاقىت ئاگاھلاندۇرغۇچىدەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى،-دەپ پۇتىنى كۆرسىتىپ سۆزىنى تاماملىدى،-ياش ئۆلىما يىگىت !

## (6) جاسۇسلۇق ۋە مۇناپىقلىقنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى

ھاماس مۇجاھىتلىرى ئىسرائىلىيىنىڭ سۇيىقەستلىك ھەرىكىتىگە ياردەم قىلغان پەلەستىنلىك ئىككى جاسۇسنى تۇتىۋېلىپ ، مۇناپىقلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن بوغۇزلاپ تاشلىدى.





تەپسلى مەلۇماتنى تۆۋەندىكى ئادرېستىن كۆرۈۋالغايسىلەر :

http://www.islammemo.cc/hadath-el-saa/Ghaza-Taht-elnar/2012/11/16/158608.html

## (7) قاچانمۇ يىغلارسەن ئۆزۈڭگە؟

(شۇ ناملىق تۈركچە يازمىدىن تەرجىمە قىلىندى)

2012.7.17

يىغلا ئۆزۈڭگە...

مەن مۇسۇلمان دەپ تۇرۇپمۇ ئىسلامىيەت بويىچە ياشىمىغىنىڭغا؛

يىغلا ئۆزۈڭگە...

قېرىنداشلىرىڭ يىغلىغان چاغدا سېنىڭ قاقاخلاپ كۈلۈشلىرىڭ يۈكسەلگەن چاغدا، ئۇلار يوقسۇز بولۇپ قالغاندا سېنىڭ نېمەتلەرنى ئاددىي چاغلىغىنىڭدا؛

يىغلا ئۆزۈڭگە...

نەپسىڭنىڭ ئارزۇلىرى ئالدىدا ئاجىز كۆرۈنگەندە، گۇناھلارنىڭ ئالدىدا مۇكەممەل بولغاندا؛

يىغلا ئۆزۈڭگە...

نەھى-مۇنكەرنى كۆرگەندە ئىنكار قىلمىغىنىڭدا، ياخشىلىقنى كۆرگەندە كۆزگە ئىلماسلىق قىلغىنىڭدا؛

يىغلا ئۆزۈڭگە...

فىلىم تەسىرىدە يۈرىگىڭدىن ئېقىتقان كۆز ياشلىرىڭغا، قۇرئانى كەرىمنى ئاڭلاپمۇ تەسىرلەنمىگەن ۋاقتىڭدا؛

يىغلا ئۆزۈڭگە...

يالغانچى دۇنياغا مەست-خوش بولغان ۋاقتىڭدا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا كىشىلەر بىلەن بەسلىشەلمىگىنىڭدە؛

يىغلا ئۆزۈڭگە...

نامازنىڭ ئىبادەتتىن ئادەتكە، راھەتلىك زامانىڭ قىينچىلىققا ئايلىنىپ قالغاندا؛

يىغلا ئۆزۈڭگە...

باش ياغلىغىڭنى ئىجتىمائىيەتنىڭ تەشەببۇس قىلغىنىغا يارىشا چىگىدىغان بولغىنىڭدا سېنى مەجبۇرىي كۆرۈشكەندە؛

يىغلا ئۆزۈڭگە...

ۋاقتىڭنى ئورۇنسىز ئىسراپ قىلغىنىڭدا ھېساۋىنى بېرىدىغانلىغىڭنى بىلىپ تۇرۇپمۇ غەپلەتتە يۈرگىنىڭدە؛

يىغلا ئۆزۈڭگە...

ئىبادەتلەردىن لەززەت ۋە ھۇزۇر تاپالمىغىنىڭدا؛

يىغلا ئۆزۈڭگە...

قىينچىلىقلىرىڭنى ئازاپ ـ ئوقۇبەتكە ئايلاندۇرغىنىڭدا كېچىنىڭ يېرىمىغا ئىگە بولغانلىقىڭنى بىلگەن هالدا :
يىغلا ئۈزۈڭگە . . .
خاتا يولدا ئىكەنلىكىڭنى هېس قىلغىنىڭدا ئۆمرۈڭنىڭ كۆپ قىسمى بوشقا كەتكەندە :
يىغلائۈزۈڭگە . . .
ئاللاھ ئۈچۈن ئاقمىغان كۆز ياشلىرىڭغا، ئاللاھ ئۈچۈن تاشلىمىغان قەدەملىرىڭگە :
يىغلا ئۈزۈڭگە . . .
رەببىڭگە چىرايلىق بۇرۇلۇپ تەۋبە قىلىپ يېڭى بىر بەت ئېچىپ :
سەنمۇ بىلىسەنكى، تەۋبە ئىشىكى ئوچۇقتۇر. جان ھەلقۇمغا كەلمىگىچە يىغلىغىنكى، كۆز ياشلىرىڭ قېتىپ كەتكەن يۈرىگىڭگە سەل كەبى ئاقسۇن، گۈللەر ئاچسۇن يۈرەكلەردە! يىغلىغىنكى، بۇ دۇنيادا ، ئاخىرەتتە ئاقمىسۇن كۆزلەردىن ياشلار. . . .

سالام ۋە دۇئالىرىم بىلەن :
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

مەنبە:
www.arapcaegitim.com

## (8) ئاياللارغا ئىبرەت ۋە نەسىھەت

ناهايىتى شەپقەتلىك ۋە مېهرىبان ئاللاهنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «فاتىمە ئىككىمىز رەسۇلۇللاهنىڭ يېنىغا كىرگەن ئىدۇق.رەسۇلۇللاه يىغلاپ ئولتۇرغان ئىكەن، بىز: «ئى،رەسۇلۇللاه، نىمىگە يىغلاۋاتىسىز؟»دەپ سورىدۇق . رەسۇلۇللاه : «مەن مىراجغا چىققان كېچىسى نۇرغۇن ئايالالارنى دەۋزەختە كۆردۈم، مەن شۇ ئايالالار تارتىۋاتقان ئازاپنى ئويلاپ يىغلاۋاتىمەن» ، دېدى. مەن: « ئى ، رەسۇلۇللاه، سىلى كورگەن شۇ ئايالالار قانداق ئازاپ تارتىۋېتىپتۇ؟» دەپ سورىدۇم. رەسۇلۇللاه مۇنداق دېدى: «مەن بىر ئايالنى كۆردۈم، ئۇ چېچى بىلەن ئېسىپ قويۇلۇپتۇ، ئۇنىڭ مېڭىسى پورۇقلاپ قايناۋېتىپتۇ، يەنە بىر ئايال تىلى بىلەن ئېسىپ قويۇلۇپتۇ، قولى دۈمبىسىدە باغلىنىپتۇ، دەۋزەخنىڭ يىرىڭ ـ زەرداپلىرى گېلىغا قۇيۇلۇۋېتىپتۇ، يەنە بىر ئايال ئىككى كۆكسى بىلەن ئېسىلىپتۇ، زەققۇم دەرىخى ئۇنىڭ گېلىغا قۇيۇلۇۋېتىپتۇ، يەنە بىر ئايال ئىككى پۇتى ،ئىككى قولى پېشانىسىگە قىسماقتا ئوخشاش باغلىنىپتۇ، يەنە بىر ئايال ئۆزىنىڭ جەسىدىنى يەۋاتىدۇ، ئوت ئۇنىڭ ئاستى

تەرىپىدىن يېقىلىۋاتىدۇ، يەنە بىر ئايالنى كۆردۈم. ئۇ ئايالنىڭ يۈزلىرى قاپقارا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈچەيلىرىنى ئۆزى تارتىپ يەۋاتىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئاياللار گاس، گاچا، قارىغۇ ھالەتتە. ئۇلار ئوتتىن بولغان ساندۇقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ مېڭىلىرى چېقىلىۋاتىدۇ. بەدەنلىرى شۇنداق سېسىق پۇراپ كېتىپتۇ. يەنە بىر ئايالنى كۆردۈم. پەرىشتىلەر ئۇنى ئوتتىن بولغان قايچا بىلەن كېسىۋاتىدۇ. يەنە بىر ئايالنى كۆردۈم. ئۇنىڭ بېشى توڭگۇزنىڭكىدەك، بەدەنلىرى ئېشەكنىڭكىدەك ئۇ ئايالغا مىڭ ئازاپلار بولىۋاتىدۇ. يەنە بىر ئايال ئىتقا ئوخشاپ قاپتۇ، يىلان، چايانلار ئاغزىدىن كىرىپ كەينى تەرىپىدىن چىقىۋاتىدۇ. پەرىشتىلەر ئوتتىن بولغان توقماقلار بىلەن ئۇرىۋاتىدۇ.»،دېدى. فاتىمە:«ئى، دادا ئۇ ئاياللار نىمە ئىش قىلغان ئىكەن؟»، دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: «چېچى بىلەن ئېسىلغان ئايال چېچىنى يۇشۇرمايدىكەن ،ئۇچۇق قويۇپ كوچىلاردا يۈرۈيدىكەن.ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن ئېسىلغان ئايالغا كەلسەك،ئۇ ئايال ئېرىگە ئازار يەتكۈزىدىكەن، ئاغزى ئىتتىك ئىكەن. ئەگەر بىر ئايال ئۆزىنىڭ ئېرىنى تىللىسا ،دەشنەم بەرسە ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ تىلىنى 70 گەز ئۇزۇنلۇقتا قىلىۋېتىدۇ. كۆكسى بىلەن ئېسىلغان ئايال بولسا ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارنىڭ باللىرىنى ئېمىتىپ قوياتتى. يەنە ئىككى پۇتى بىلەن ئېسىلغان ئايال ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز سىرتقا چىقىپ كېتىۋېرەتتى، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگىمۇ كېتىۋېرەتتى، ھەيىزدىن پاكلانغان ھامان يۇيۇنماي يۈرۈۋېرەتتى. ئۆزىنىڭ جەسىدىنى يەۋاتقان ئايال دائىم باشقا ئەرلەرگە چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن ياسىناتتى. كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلاتتى، ئىككى پۇتى بىلەن قولى پېشانىسىگە باغلانغان ئايال دۇنيادا ئۆزرىسىز ناماز ئوقۇمايتتى، روزا تۇتمايتتى، تاھارەتمۇ ئالمايتتى، جۇنۇپ بولسا شۇنداق يۈرۈۋېرەتتى. بېشى توڭگۇزنىڭكىدەك، بەدىنى ئېشەكنىڭكىدەك بولغان ئايال دۇنيادا سۇخەنچىلىك قىلاتتى،ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىغا يامان ئاداۋەت سالاتتى، ئۇلارنى ئايرىۋېتەتتى، ئىتقا ئوخشاپ قالغان ئايال بولسا ئېرىنى دائىم دەرتكە سالاتتى، پىتنىخور ئىدى. مەن شۇ ئاياللار قاچان ئازاپتىن قۇتۇلار دەپ يىغلاۋاتىمەن»،دېدى.

مەنبە: http://saqiye.com/news_list.asp?id=207



## 6 ـ ئويلىنايلى، ئويغىنايلى، قوزغىلايلى!

**(خاتىمە ئورنىدا)**

مەن يۇقىرىدا جەنابىي ئاللاھنىڭ مۆجىزىۋىي كۆرۈنۈشلىرى توغرىسىدا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمنى دىگىزنىڭ تامچىسىچىلىك بولسىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن بولدۇم.

بىلىش كېرەككى، ئاللاھۇ تەئالانىڭ مۆجىزىلىك كۆرۈنۈشلىرىنى تولۇق يېزىشقا توغرا كەلسە، پۈتكۈل يەرشارىدىكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى قولغا قەلەم ئېلىپ ئۆمۈر بويى يازسىمۇ يەنىلا تولۇق ئىپادىلەپ بىرەلىشى مۇمكىن ئەمەس!

دېمەككى، بىز ئىنسانلار شۇ قەدەر ئاجىزمىز.

ئەقەللىسى، بىز دائىم ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان تۇزدا ئاللاھۇ تەئالانىڭ قانداق ھىكمەتلىك مۆجىزىسى مەۋجۇتلىقىنى ئويلىنىپ باقايلىچۇ؟ — تۇزنىڭ خېمىيۋىي تەركىۋى HCl (ھىدروخلور) بولۇپ، H مۇ بىر تۈرلۈك زەھەرلىك ماددا، Cl مۇ شۇنداق. ئەمما بۇ زەھەرلىك ماددىلارنىڭ تاماققا قوشۇلغاندىكى رولى تاماقنى زەھەرلەش ئەمەس تاتلىق قىلىپ قويىدىغانلىقىنى بىلىمىز.

ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن بىر زەھەر تاتلىق نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى؟

بۇنىڭدىكى ھىكمەتنى ئەلبەتتە ئاللاھۇ تەئالا بىلىدۇ.

مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىلا، ئىنسانلارنىڭ بىلىش دائىرىسىنىڭ نەقەدەر تار بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن مۇشۇ ئازغىنە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمنى سۇنالىدىم.

ئەمدىكى مەسىلە، سۇنغانلىرىمدىن قانداق مەنپەئەت ئېلىش بولۇپ، ئۆزىنى ئادىمى مەۋجۇدات دەپ بىلگەنلەر تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، توغرا ـ خاتانىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرىۋالالايدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن ئىنشا ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئاللاھۇ تەئالانىڭ قۇدرىتى ۋە ھىكمىتى بىلەن يارىتىلغانلىقىنى بىلىشى ۋە مۇشۇ فانى دۇنيادىكى ياشاش نىشانىسىنى توغرىلىۋېلىشى ۋە باقىي دۇنيادىكى مەڭگۈلۈك بەخت ـ پاراغەتلىك ھاياتىنىڭ باشلىنىشى ئۈچۈن قەدىر ئاۋال مۇكەممەل ئاساسقا ئېرىشكەن بولىدۇ ۋە شۇڭا ئۇنىڭ قەلبىدە ئاللاھۇ تەئالانىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرىدىغان، كىشىلەرگە سىلىق ـ سىپايە، خۇشپېچىم مۇئامىلە قىلىدىغان، گۈزەل ئىنسانى ئەخلاق بىلەن ياشاشقا بىرىلىدۇ.

ئەگەر ئۆزىنىڭ ئادىمى مەۋجۇدات ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانلار بولسا، ئاللىقاچان بەربات بولغان داروىنىزىمنىڭ سەپسەتىسى بويىچە ئۆزىنى مايمۇندىن ئىبارەت ھايۋاننىڭ نەسلى دەپ بىلىدۇ ۋە شۇڭا بەخت ـ پاراغەتنى مۇشۇ دۇنيادىلا بار، دەپ خاتا مۆلچەرلەيدۇ ۋە شۇڭا ئەقەللىسى مايمۇنچىلىكمۇ سىپايە بولالماي، كۈچۈم بار، ھوقۇقۇم

بار، دەپ ، ئۆزىدىن ئاجىز قارالغانلارغا ئادىمىي ئەخلاقتا بۇتۇنلەي يات بولغان قىلمىشلار بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ياشاشقا بېرىلىدۇ. زورلۇق - زومبۇلۇق يۈرگۈزۈپ، رەزىللىك ، پەسكەشلىك ، ناھەقچىلىق، بۇلاڭچىلىق، قانخورلۇق ....كەبى قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش بۇنىڭ روشەن ئىپادىسى. پۈتكۈل يەر شارىغا نەزەر سالساق، مۇنداق رەزىلانە قىلمىشلارنى نۇرغۇن - نۇرغۇن ئۇچرىتالايمىز.

ناھايىتى روشەنكى، ئاللاھۇ تەئالانىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكى، پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكى، شەپقىتى، رەھمىتى، مەغپىرىتى چەكسىز ۋە تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئىسلامىيەتنىڭ دۈشمەنلىرى ھەرگىزمۇ ئاخىرقى غەلبىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى بەلكى ئەبەدىي ئىبرەت بولۇپ قالىدىغانلىقى مۇھەققەق ئومۇمىي ئىلمىي قانۇنىيەت.

دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھۇ تەئالانىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكى، پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكى، شەپقىتى، رەھمىتى، مەغپىرىتى چەكسىز ۋە تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئىسلامىيەتنىڭ دۈشمەنلىرى ھەرگىزمۇ ئاخىرقى غەلبىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى پۈتكۈل ئىنسانلار چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى لازىمكى، زالىملىق ، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغۇچىلار قەتئىي ئۆزىنى ئوڭشىۋې - لىشى، تۆت تەڭگە پۇل ۋە مەنسەپ - ئابروي ئۈچۈن مەستخوش بولۇپ يۈرگەن خائىن ، ساتقىنلارمۇ قاتتىق دىققەت قىلىشى ، دېمەك خائىيانە ئىشلارنى قىلىپ رەسۋا بولۇشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىشى كېرەك!

ئەنە، ئاللاھۇ تەئالانىڭ مۆجىزىۋى كۆرسىنىشلىرىدىن بىر قانچە مىساللار!

بۇلار ھەركىمگە قاتتىق دەرس بولىشى كېرەك.

ئەنە، نۇرغۇن غەيرى دىندىكىلەر ، ھەتتا تەتقىقاتچىلار ئىسلامىيەتنىڭلا بىردىن توغرا ، ئىنسانىي ھايات قورغىنى ئىكەنلىكىنى تونۇپ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

بۇ ھەركىمگە قاتتىق دەرس بولىشى كېرەك.

ئەنە، ئۆزىنى ئاللاھۇ تەئالادىن ئۈستۈن كۆرگەن فىرئەۋنىنىڭ فاجىئەلىك تەقدىرى!

بۇ ھەركىمگە قاتتىق دەرس بولىشى كېرەك!

ئەنە تەجاۋۇزچىلارغا سېتىلىپ ، مىللىتىگە خائىنلىق قىلغانلارنىڭ فاجىئەلىك تەقدىرى!

بۇ ھەركىمگە قاتتىق دەرس بولىشى كېرەك!

ئويلىنايلى، ئويغىنايلى، قوزغىلايلى!

— جەنابىي ئاللاھ «الَّذِينَ إِذَا أَصَابَتْهُم مُّصِيبَةٌ قَالُواْ إِنَّا لِلّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعونَ ﴿١٥٦﴾ أُولَئِكَ عَلَيْهِمْ صَلَوَاتٌ مِّن رَّبِّهِمْ وَرَحْمَةٌ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُهْتَدُونَ﴿١٥٧﴾» (ئۇلارغا بىرەر

مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە اﷲ نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى اﷲ نىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم اﷲ نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر.) (سۈرە «بەقەرە»، 156 ـ، 157 ـ ئايەتلەر) دەپ تەلىم بېرىدۇ.

دېمەككى، بىزنى ياراتقان ئاللاھۇ تەئالا ئىكەنلىكىنى، ئاخىر يەنە ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىمىزنى ئېسىمىزدە ئوبدان تۇتۇپ، «إِنَّ الدِّينَ عِندَ اللَّهِ الإِسْلاَمُ وَمَا اخْتَلَفَ الَّذِينَ أُوْتُواْ الْكِتَابَ إِلاَّ مِن بَعْدِ مَا جَاءهُمُ الْعِلْمُ بَغْيًا بَيْنَهُمْ وَمَن يَكْفُرْ بِآيَاتِ اللَّهِ فَإِنَّ اللَّهِ سَرِيعُ الْحِسَابِ» ﴿١٩﴾ (ھەقىقەتەن اﷲ نىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر. كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئۆزلىرىگە ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا ئۆز ـ ئارا ھەسەت قىلىشىپ ئىختىلاپ قىلىشتى (يەنى ئىسلامنىڭ ھەقلىقىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى روشەن پاكىتلار ئارقىلىق بىلىپ تۇرۇپ، كۆرەلمەسلىكتىن ئىنكار قىلىشتى)، كىمكى اﷲ نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن (اﷲ ئۇنى يېقىندا جازالايدۇ)، اﷲ تېز ھېساپ ئالغۇچىدۇر.) (سۈرە «ئال ـ ئىمران»، 19 ـ ئايەت) دېگەن تەلىمگە مۇناسىپ ھالدا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى بولۇپ، دىنىمىزنىڭ نۇر ـ مەشئىلى بولغان ئۇلۇق ۋە نۇرلۇق قۇرئانى كەرىمنى ھاياتىمىزنىڭ قىبلىنامىسى قىلىشقا ئىنچىل سەممىي ئەھمىيەت بىرەيلى. لەنىتى شەيتاننىڭ دامىغا چۈشۈپ، كۆپرىلىق، رەزىللىك پاتقىقىغا چۈشۈپ كىتىشتىن، ئۇ دۇنيادا جەھەننەم ئازاۋىغا دۇچار بولۇشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيلى!

جەنابىي ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: « يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ» ﴿١٣﴾ (ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اﷲ نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېساپلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەپ بىلەن ئەمەس، تەقۋالىق بىلەن بولىدۇ)، اﷲ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.) (سۈرە «ھۇجۇرات»، 13 ـ ئايەت) دەپ تەلىم بېرىدۇ.

دېمەككى، ئىنسانلارنى ئاللاھ تۈرلۈك ئۇرۇق ۋە مىللەت سۈپىتىدە ياراتتى. ئاندىن «اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ ﴿١﴾ خَلَقَ الْإِنسَانَ مِنْ عَلَقٍ ﴿٢﴾ اقْرَأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ ﴿٣﴾ الَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ ﴿٤﴾ عَلَّمَ الْإِنسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ ﴿٥﴾ (ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى.ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى

بىلدۈردى.) ( سۈرە : «ئەلەق»، 1 ـ 4 ـ ئايەتلەر) دېمەك، ئاللاھۇ تەئالانىڭ نامىنى تىلغا ئالغان ئاساستا ئىلىملىك بولىشىمىزنى ۋە بۇ يولدىكى ئىقتىدارىمىزنىڭ يەنىلا ئاللاھۇ تەئالا تەرىپىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

شۇنداق!

كۆپتىن ـ كۆپ ئىزىز ۋە مۇھتەرەم قېرىنداشلىرىم!

ئەنە، ئاللاھۇ تەئالا ئۆزىنىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكى، پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكى، شەپقىتى، رەھمىتى، مەغپىرىتى چەكسىز ۋە تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ئۇلۇق زات ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئىسلامىيەتنىڭ دۈشمەنلىرى ھەرگىزمۇ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى شۇنچە رۇشەن بايانلار ۋە مۆجىزىلىك بىشارەتلىرى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرىۋاتقان ئىكەن، بىز يانىلا گاڭگىراپ تۇرىمىزمۇ؟

بولدى بەس!

ئەمدى ھەققىي مېھىر ـ شەپقەتچىمىز، پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنى ياراتقۇچى، شەپقىتى، رەھمىتى، مەغپىرىتى چەكسىز ۋە تەڭداشسىز قۇدرەتلىك، ئۇلۇق، ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي زاتى مۇبارەك ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتلىك ھاياتىمىزنىڭ قىبلىنامىسى ئۈچۈن چۈشۈرۈپ بەرگەن تەڭداشسىز ئۇلۇق ۋە نۇرلۇق قۇرئانى كەرىمنى ئوقۇشنى ۋە كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشنى دائىملىق ۋەزىپىمىز قىلايلى. ئىسلامىي دىنىي ئېتىقاتتىن باشقا ھەرقانداق دىنىي ئېتىقات ۋە ئەقىدىلەرگە، تۈرلۈك «ئىزىم» ۋە سەپسەتىلەرگە يانىلا ئالدىنىپ بەختىمىزنى قارا، قەلبىمىزنى يارا، بەلكى ئۆزىمىزنى جەھەننەمگە مەھكۇم قىلمايلى، ئاخىر بارىدىغان جايىمىز بىزنى ياراتقان ئاللاـ ھۇ تەئالانىڭ دەرگاھى ۋە بىز شۇ يەردە ھېساپ بىرەلەيدىغان بولۇشنى چوڭقۇر ئويلىنايلى!

بۇ يەردە مەن ئۆۋەندىكى تور بەتنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمەن. ئېچىپ كۆرۈپ باققايسىلەر:

http://m2n5.com/quran/book-details-18-38.html

ئىنشا ئاللاھ ، بۇ توربەتتىكى يازمىلار بىلەن قەلب دۇنيارىڭلار ئەبەدىي سولماس خۇشبۇي قىزىل گۈللەر بىلەن تولغۇسى ئەزىزلىرىم!

ئەمدىكى گەپ، ئۆزىنىڭ يارىتىلىشىنى خاتا چۈشەنگەن جاھىل ئىنسانلاردا بولۇپ، ئۇلار ئاللاھۇ تەئالانىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكىنى، پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكى، شەپقىتى، رەھمىتى، مەغپىرىتى چەكسىز ۋە تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ئۇلۇق زات ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئىسلامىيەتنىڭ دۈشمەنلىرى ھەرگىزمۇ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى شۇنچە رۇشەن بايانلار ۋە مۆجىزىلىك بىشارەتلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىكەن، ئۇلارمۇ جىددىي قاتتىق ئويلىنىشى، ئويغىنىشى ۋە قوزغىلىشى كېرەككى، يانىلا جاھىللىق، بىپەرۋالىق ۋە بىخۇتلۇق قىلماسلىقى كېرەك، ئەلبەتتە!

ئەي ئۇلۇق ئاللاھىم!

« اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ﴿٢﴾ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ ﴿٣﴾ مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ ﴿٤﴾
إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ ﴿٥﴾ اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ ﴿٦﴾ صِرَاطَ الَّذِينَ أَنعَمتَ
عَلَيهِمْ غَيرِ المَغضُوبِ عَلَيهِمْ وَلاَ الضَّالِّينَ ﴿٧﴾ »

( جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر ② ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر ③ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر ④ ( رەببىمىز ) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز ⑤ بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن ⑥ غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس ، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا ( باشلىغىن ) ⑦

«رَبِّ هَبْ لِي حُكْمًا وَأَلْحِقْنِي بِالصَّالِحِينَ ﴿٨٣﴾ وَاجْعَل لِّي لِسَانَ صِدْقٍ
فِي الْآخِرِينَ﴿٨٤﴾ وَاجْعَلْنِي مِن وَرَثَةِ جَنَّةِ النَّعِيمِ﴿٨٣﴾

( پەرۋەردىگارىم ! ماڭا ئىلىم ـ ھېكمەت ئاتا قىلغايسەن، مېنى ياخشىلارغا قوشقايسەن. كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغايسەن. مېنى نازۇ ـ نېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغايسەن ) (26 ـ سۈرە «شۇئەرا » ، 83 ـ 84 ـ 85 ـ ئايەتلەر )

ئامىن!

